# تارىم

8

1992

# قايناق تۇرمۇش، مول ئىجادىيەت



شىنجاڭ نېفت باشقۇرۇش ئىدارىسى پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن
شۇجىسى ئىسمايىل توختى «مايبۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى
سىراجىدىن سېتىنىياز قاتارلىقلار بىلەن بىللە

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ نېفت سېپى-
ـە يېپيېڭى بىر ئىجادىيەت قوشۇنى
ـارلىققا كەلمەكتە. بۇ قوشۇن ھەم نې-
ـتلىكنىڭ جەڭچىلىرى، ھەم نېفتلىك-
ـنىڭ كۈيچىلىرى. ئۇلار نېفتلىكنىڭ
قايناق تۇرمۇشىدىن پۈتمەس-تۈگى-
مەس ئىلھام ئېلىپ، نېفتلىكنى ئەكس
ئەتتۈرىدىغان خىلمۇ خىل ئەسەرلەرنى
ئىجاد قىلىپ، نېفتلىكنىڭ ئەدەبىيات-
سەنئەت گۈلزارىدا كۆزنى چاقنىتىدى-
غان رەڭمۇ رەڭ گۈللەرنى ئېچىلدۇر-
ماقتا.

سۈرەتتە نېفتلىكتىكى ئاپتورلار
تۇرمۇشىدىن كۆرۈنۈشلەر:



نېفتلىكنىڭ دەسلەپكى بىر قىسىم ئاپتورلىرى



# تارىم


باش مۇھەررىر

مۇھەممەت شاۋۇدۇن

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر

ئارسلان

مەسلىھەتچىلەر

ئابلىز نازىرى، ئەلقەم ئەختەم

تەھرىر ھەيئەتلەر

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن، ئارسلان، ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر، ئابلىكىم باقى، تۇرغان شاۋۇدۇن، تۇرسۇنئاي ھۈسەيىن، قەييۇم تۇردى، مەھەممەت شاۋۇدۇن، مۇھەممەت زۇنۇن، مەھمۇد زەيدى، ئەمىن تۇرسۇن، ئىمىن ئەخمىدى، زوردۇن سابىر.



ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال

42-يىل نەشرى


نېفىتلىككە بېغىشلانغان
مەخسۇس سان


8

1992

# بۇ سانىدا

## نەسرىي ئەسەرلەر


ئا. تالىپ
...................... چۆلدىكى تۇنجى چىراغ (ئەدەبىي ئاخبارات) ........ 4
م. مەمتىلى
س. سېتىنىياز ...................... يەڭگەم (ھېكايە)................................ 45
خ. ساتتار ...................... ئانا قەلبى (ھېكايە)................................ 78
م. مۇھەممەت ...................... ئالەم كېمىسى 1 - نومۇرلۇق ماي (ئىلمىي فانتازىيىلىك
ھېكايە) ...................................... 83
ت. ماكسۇر ...................... ئىككى ھېكايە ................................ 92
ئې. ھەسەن ...................... ئەينەك (ھېكايە) ................................ 102
ئو. قاۋۇل ...................... نەسىرلەر ................................ 106
ئا.غوجالىم ...................... ئىككى ھېكايە ................................ 126
ھ. ھاجى ...................... سوۋغات (ھېكايە) ................................ 132
ئا. نىياز ...................... ئىككى ھېكايە ................................ 134
ئا. قادىر ...................... يېڭى نېفىتلىكتە (ھېكايە)................................ 137
ئا. ئالماس ...................... ئۇ، ئويلىنىپ قالدى (ھېكايە) ................................ 141
ق. كېرىم ...................... بەدنىيەت (ھېكايە) ................................ 147
ئا. ئابدۇللا ...................... قونالغۇدا (ھېكايە) ................................ 151


## شېئىرلار


ئى. نىياز ...................... شېئىر تەلەپ قىلىدۇ مەندىن ................................ 54
ج. توختى ...................... نېفىتچىلار ناخشىسى ................................ 63
خ. سەمەت ...................... مەرۋايىت ................................ 64
ئە. كامالى ...................... يۇلغۇنلارنىڭ چېچىكىدە شېئىر ................................ 65
ئا. ئۆمەر ...................... نۇر چاچىدۇ تىلەكلىرىم ................................ 71
ن. يۈسۈپ ...................... ياتار قۇياش نۇرىغا چۆمۈپ ................................ 111
م. مەمتىلى ...................... بارىكاللا سېنىڭ ئاچقان يولۇڭغا ................................ 112
ھ. بوساق ...................... تەرىپىڭنى سۆپەتلەشكە ئاجىز تىلىم ................................ 113

| | | |
|---|---|---|
| ئا. ئوسمان | پەرۋانىدەك بولغىن پىداكار | 116 |
| ت. مۇسا | قىپچىپ كەتتى بوۋامنى كۆرۈپ | 116 |
| ئا. جامال | جۇڭغار سۈرەتلىرى | 117 |
| ئا. مۇھەممەدى | ئانىلار ئەجرىسىز كۆلمەس بۇ هايات | 118 |
| ئا. قاسىم | قىز قىزلاردى | 118 |
| ت. هاشىمى | چاقىنغان تىلەكلەر قىلىدۇ پەرۋاز | 119 |
| س. قادىر | ئاي مۆكۈنگەن تىمتاس كېچىدە | 120 |
| ئا. دۆلەت | كىتاب | 121 |
| ئى. تۇرسۇن | ئىناقلىق | 121 |
| ئا. ئابدۇراخمان | ئىككى غەزەل | 122 |
| ق. سىدىق | كاناۋا | 123 |
| ي. ئىنايەت | ئاي دېسەم | 124 |
| ئۆ. كېرىم | جۇڭغاردا مەشرەپ باشلىدۇق | 124 |
| ت. قادىر | شېئىرلار | 125 |


## چەت ئەل ئەدەبىياتىدىن


| | | |
|---|---|---|
| س. يوركى | سېنى كۈتىمەن (هېكايە) | 158 |


* * *

بۇ ساندىكى رەسىم ۋە هۆسن خەتلەرنى م. ئايۈپ ئىشلىگەن



ئارسلان تالىپ
مۇھەممەت مەمتىلى

# چۆلدىكى تۈنجى چىراغ

(ئەدەبىي ئاخبارات)

## مۇقەددىمە

1955 - يىلى 10 - ئاينىڭ 29 - كۈنى قارامايدىكى تۈنجى چارلاش قۇدۇقىدىن نېفىت چىقىپ، شىنجاڭ نېفىت سانائىتىنىڭ يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم قويغانلىقىنى نامايان قىلغاندىن بۇيان، توپتوغرا 37 يىل ۋاقىت ئۆتتى، مانا مۇشۇ قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمالىدا قەد كۆتۈرگەن، «چۆل - جەزىرىدىكى مەرۋايىت» دەپ تەرىپلىنىپ كېلىۋاتقان «نېفىت شەھىرى» قارامايىنىڭ ئۆتمۈشى بايان قىلىنغاندا، دەل مۇشۇ زېمىنغا تۈنجى چىراغ ياققۇچى، «قارامايىنىڭ تۈنجى پۇقراسى» بولغان ئاددىي بىر ئۇيغۇر بوۋاي ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىنماي قالمايدۇ. ئۇنىڭ ئىسمى «سېلىم بوۋا».

شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى تەرىپىدىن 1986 - يىلى 1 - ئايدا نەشر قىلىنغان «ھازىرقى زامان شىنجاڭ نېفىت سانائىتىنىڭ قىسقىچە تەرەققىيات تارىخى» دېگەن كىتابتا: «ھازىرقى قاراماي شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمال بۇرجىكىدىكى تەبىئىي ئاسفالت دۆڭلۈكلىرىدە ... تا بۈگۈنگىچە سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى بىلەن يېپىشقاقلىقى بىر قەدەر يۇقىرى نېفىت سىرغىپ چىقىپ تۇرىدۇ. بۇنى ناھايىتى بۇرۇنلا ئەتراپتىكى ئاھالىلار بايقىغان ۋە ئېچىپ پايدىلانغان» دېيىلگەن. ئەنە شۇ كىشىلەر ئىچىدە «سېلىم بوۋاي» نىڭ تارىخىي تۆھپىسى ھەممىدىن زور. ئۇ بۇ جاڭگالدا ھەرگىزمۇ ياۋايىلارچە يەككە - يېگانە ياشىغان ئەمەس، ئۇ دەشت - باياۋاننىڭ دەھشەتلىك بوران - چاپقۇنلىرىغا بەرداشلىق بېرىپ بىر خىل قايتماس ئىرادە ۋە چەكسىز ئەقىدە

بىلەن بۇ ماكانىنى يېرىم ئەسىرگە يېقىن ساقلاپ ياتتى. ماي بۇلاقلىرىدىن ماي سۈزۈپ، ئۇنى چەكلەپ يەرلىك خەلقىنىڭ مايغا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ كەلدى. ئۇنىڭ نامى شىنجاڭنىڭ نېفىت تارىخىدا پەخىرلىك ئورۇن تۇتىدۇ.

بىز بۇ خىسلەتلىك بوۋاينىڭ ھايات يولىنى يورۇتۇپ بېرىش ئۈچۈن كۆپ ئىزدەندۇق، سېلىم بوۋاينىڭ ماي بۇلاقلىرى بويىدىكى گەمىسىدە ئۇنىڭغا 1933 - يىلىدىن 1943 - يىلىغىچە ئون يىل ھەمراھ بولغان 90 ياشلىق كېرىماخۇن ئاتىنى (ھازىر شىخونىڭ گەنخوزا 3 - ئەترىتىدە)، سېلىم بوۋاينىڭ ئەڭ يېقىن ئۆتكەن قازاق قېرىندىشى ئەشمەتنىڭ كۈيئوغلى ۋە بوۋاينىڭ ئەڭ ئامراق سۆھبەتدىشى جۇماغازىنى (مايتاغ كان رايونىنىڭ پېنسىيىگە چىققان ئىشچىسى)، بوۋاينىڭ 50 - يىللاردىكى تونۇشى ۋارىسجان تۇردىنى ۋە سېلىم بوۋاينىڭ چېپەيزىدىكى تۇرار جايىنى، ھەمسۆھبەتداشلىرىنى زىيارەت قىلىپ، مەلۇم ماتېرىياللارغا ئىگە بولۇش ئارقىلىق بۇ ئەدەبىي ئاخباراتنى يېزىپ چىقىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتۇق. ئىزدىنىشىمىزگە ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرگەن ۋە مەلۇم يىپ ئۇچلىرى بىلەن تەمىنلىگەن ئىدارە، شەھەرلىك پارتكوم تەشۋىقات بۇسى، گېزىتخانا، كان تارىخى كۆرگەزمىسىدىكى يولداشلارغا، مايتاغ كان رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات باشقارمىسىغا، بولۇپمۇ چېپەيزىدىكى پېشقەدەم يولداشلارغا ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمىز.

## خەير، ئانا يۇرت

دۇتارنى چېلىپ بولدۇم،
تارىسىنى ئۈزۈپ بولدۇم،
ئامراق باي «ئاكام» نىڭمۇ
ھېيلىسىنى سېزىپ بولدۇم.
(سېلىم بوۋاي قوشاقلىرىدىن)

تۈن كېچە، ئەل شېرىن ئۇيقۇغا چۆككەن. كونا مەسچىتىنىڭ بېقىنىدىكى ئايۋانلىق، ئازادە ھويلىنىڭ ئاياغ تەرىپىدىكى كىچىككىنە قورۇنى ھېسابقا ئالمىغاندا، چىراغلار تامام ئۆچكەنىدى.

كەچقۇرۇن يېغىپ ئۆتكەن يامغۇردىن كېيىن چىققان تاغ شامىلى دەرەخلەرنىڭ شاخلىرىنى ئەنسىز شىلدىرلىتاتتى، يېقىنلا يەردە ئىتلار ھاۋشۇپ بۈگۈنكى ئايسىز كېچىگە ۋەھىمە سالاتتى. ئۇزۇن كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكىنى مەھكەم سىقىمدىۋېلىپ، يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان بىر قىز يامغۇر سۈيى يىغىلىپ قالغان كىچىك - كىچىك كۆلچەكلەرنى كېچىپ ئۆتۈپ قورۇغا يېقىنلاشتى. ئۇ دەرۋازا يېنىغا كەلگەندە ئەنسىزچىلىك ئىچىدە ئەتراپقا بىرنەچچە قېتىم قارىدى - دە، تام ياقىلاپ قورۇغا كىرىپ كەتتى.

ئۇ جىن چىراغنىڭ ئاجىز نۇرى ئارانلا يورۇتۇپ تۇرغان غېرىبانە كەپىنىڭ شادىلىرى ئاجراپ كەتكەن روجىكىگە ئاستا قول ئۇزاتقاندا، چىرايىدىن ھارغىنلىق

چىقىپ تۇرغان، ئۆڭۈپ كەتكەن دوپپىسىنى ئۇڭ تەرەپكە باستۇرۇپراق كىيگەن، بۇرۇتلىرى ئەمدىلا خەت تارتقان يىگىرمە ياشلار چامىسىدىكى بىر يىگىت كۆزلىرىنى تورۇسنىڭ مايلىشىپ كەتكەن ۋاسىلىرىغا تىككەن هالدا، دۇتار چېلىپ ئولتۇراتتى.



دۇتارنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازى يىگىتنىڭ قەلب دەردلىرىنى رۇجەكتىن هالقىتىپ چىقىپ، جىمجىت تۈن قوينىغا سىڭدۈرمەكتە ئىدى.

يىگىت چېلىشتىن توختىدى، كۆڭلىگە نېمىدۇر كەچكەندەك بولۇپ قوپۇپ تالاغا چىقتى ۋە تامغا سۈركەلگىنىچە ئۆزىگە يېقىنلاپ كېلىۋاتقان تونۇش گەۋدىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى.

— ئايىقىز!

يىگىت هودۇققان هالدا ئەتراپقا بىر نەزەر تاشلىۋېتىپ ئىتتىك قىزنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۆزىنى باسالماي بۇقۇلداپ يىغلاۋاتقان قىز مۇهەببەتنىڭ توسۇپ قالغىلى بولمايدىغان غايىبانە كۈچى بىلەن بۇرۇنقى تارتىنچاقلىقىنى بىر يولىلا چۆرۈپ تاشلاپ «سېلىم» دېگىنىچە يىگىتنىڭ بوينىغا گىرە سالدى.

سېلىم كىچىكىدىلا ئاتا - ئانىسىدىن يېتىم قېلىپ، كىشىلەر ئىشىكىدە جاپا - مۇشەققەتتە چوڭ بولدى. ئۇ ياز كېچىلىرىنى يېتىمچى هەمراهلىرى بىلەن بىرگە خامانلىقتا ئۆتكۈزسە، قىشنى ئاشپۇزۇلنىڭ ئوچاقلىرىدا، تونۇر باشلىرىدا ئۆتكۈزەتتى.

مۇشۇ جەرياندا ئۇ، ئۆزىگە ئوخشاش نۇرغۇن دەردمەن يېتىمچىلەرنىڭ دۇتار، راۋاب بىلەن ئېيتقان مۇڭلۇق ناخشىلىرىنى ئاڭلاپ يۈرۈپ، ئۇنىڭغا هەۋىسى قوزغالدى، ئۇ كۈندۈزى كىشىلەرنىڭ پارچە - پۇرات ئىشلىرىنى قىلىپ قورسىقىنى تويغۇزسا، كېچىلىرى ساز ئۆگەندى، زېرەك سېلىم ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۆز قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا يوشۇرۇنغان ئەلەملىرىنى دۇتار، راۋابنىڭ مۇڭلۇق ساداسى بىلەن ئىپادىلەپ، يۇرتداشلىرىنى هەيران قالدۇرىدىغان بولدى. ئۇ 17 - 18 ياشلارغا كىرگەندە، سېلىمنىڭ

تەمبەل بەستى بىلەن چالغان دۇتارىغا كۆزى چۈشكەن يېزا ئاقساقىلى ئۇنى يىللىقچىلىقا يالاپ، مال بېقىشقا سالدى.

يېزا ئاقساقىلى يۇرت ئىچىدە ئىلپەتداشلىقى كۈچلۈك، ئىچىملىك، چېكىملىككە ھېرىسمەن ئادەم ئىدى. شۇڭلاشقىمۇ ئۇ، ھۇجرىسىغا پات ـ پات كېلىپ تۇرىدىغان سۆھبەتداشلىرىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئارىلاپ ـ ئارىلاپ سېلىمنى چاقىرتىپ ساز چالدۇراتتى.

بىر كۈنى يېزا ئاقساقىلى بۇرادەرلىرىنىڭ ئالدىدىلا ئۇنىڭغا:

ــ ھەي سېلىم، سېنىڭ چالغان سازىڭ كۆڭلۈمگە ياراپ قالدى. يۇرت ياشلىرى ئىچىدىمۇ ئوبدانلا يۈزۈڭ بار. شۇڭا مەن سېنى باشقا چاكارلىرىمدىن ئەتىۋار كۆرىمەن. ئۆزۈممۇ ساز خۇمارى ئادەم بولغاچقا، ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزدىن قالغان مۇشۇ دۇتارنى ساڭا بېرىشنى كۆڭلۈم تاپىدىن تاپتى. ئەل ـ نەغمىگە بولغان ئىشتىياقىڭ بىلەن بۇ تەۋەررۈككە توپا قوندۇرمىغايسەن، ــ دەپ، قارىنىدىن چاك كەتكەن، پەقەت بوشاپ قالغان بىر نەچچىلا پەدىسى قالغان بىر كونا دۇتارنى سېلىمگە ئۇزاتتى.

سېلىم ئىككى خىيال بولۇپ، ئاخىرى باشقىلارنىڭ «ئاقساقال يېتىمچىلارغا ئاتىدارچىلىقنى بىر يەتكۈزدى ـ دە!» دېگەن خۇشامەت سۆزلىرى بىلەن دۇتارنى ئېلىشقا مەجبۇر بولدى.

يېزا ئاقساقىلى ئۆز نىيىتىنىڭ ئاسانلا ئەمەلگە ئاشقىنىغا خۇرسەن بولۇپ، كالتە ساقىلىنى بارماقلىرى بىلەن تاراپ، مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى.

سېلىم خۇددى دۇتار سېپىغا باغلانغان پەدىلەردەك، «تەۋەررۈك» نىڭ بەدىلىگە نەچچە يېرىدىن قەرزگە بوغۇلغانلىقىنى سەزمەيلا يېزا ئاقساقىلىغا ھەقسىز ئۈچ قىش، ئۈچ ياز ئىشلىدى. مۇشۇ ئۈچ يىل جەريانىدا سېلىمنىڭ يېقىملىق دۇتار ھەم مۇڭلۇق ناخشىلىرى ئاقساقالنىڭ قىزى ئايقىزنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىۋالدى. بۇ ئىككىسىنىڭ يوشۇرۇن مۇھەببىتى قانچە كۈچەيگەنسېرى، ئۇلارنىڭ قەلبىگە يوشۇرۇنغان ئازابمۇ شۇنچىلىك ئۇلغىيىشقا باشلىدى. سېلىم ئەمدى ئۆزىنىڭ پاك مۇھەببىتىنى، ئايقىزنىڭ «بوۋىلىرىدىن مىراس قالغان» دۇتارى بىلەن ئىزھارلايدىغان بولۇپ قالدى.

ئايقىزنىڭ يەر تېگىدىن قاراشلىرى، قوللىرىنىڭ ئىشتىن توختاپ، سېلىمنىڭ «بىمەنە» ناخشىلىرىغا قۇلاق سېلىشلىرى يېزا ئاقساقىلىنى گۇمانغا سېلىپ قويدى. ئۇ ئەمدى ئۆزىنىڭ رېسىدە بولۇپ قالغان قىزىنىڭ قەلبىدە «ئويغىنىش» بولۇۋاتقانلىقىنى سەزدى. سېلىمنى ھويلىغا يولاتقىنىغا مىڭ پۇشايمان يېدى. ئۇ، سېلىمنىڭ ناخشا، سازىنى ئاڭلىسىلا غەزىپى تېشىپ چىشلىرى غۇچۇرلايدىغان بولۇپ قالدى. ئاخىرى ئۇ، سېلىمنى ھويلا ئىشلىرىغا ئارىلاشتۇرمايدىغان، ئۇنى پەقەت ھويلىنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە جايلاشقان قوتان يېنىدىكى كىچىك قورۇدىن بۇ تەرەپكە زادىلا ئۆتمەيدىغان قىلىۋەتتى. لېكىن يېزا ئاقساقىلىنىڭ يەنىلا كۆڭلى ئىمىن تاپماي، بۇ ئاپەتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئويان ئويلاپ ـ بۇيان ئويلاپ ئاخىرى بىرنەچچە خوتۇنى بار يۇرت بېگىنى ئۆزىگە كۈيئوغۇللۇققا تاللىدى. يېزا ئاقساقىلىنىڭ نىيىتى بەگنى

قالتىس خۇش قىلىۋەتتى. بۇ يۇرت بېگىنىڭ خېلىدىن بېرى كۆڭلىگە پۈكۈپ يۈرگەن، لېكىن ئاغزىدىن چىقىرىشقا پېتىنالماي كېلىۋاتقان كۆڭۈل سىرى ئىدى.

يېزا ئاقساقىلىنىڭ هويلىسى پاتپاراقچىلىققا تولدى. ئاقساقال بۇ ئىشنى قاتتىق «سىر» تۇتقاچقا، دىلى ئەنسىزچىلىككە چۈشكەن ئايقىز، بۇ پاتپاراقچىلىقنىڭ زادى نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى ئاڭقىرالماي يۈرەتتى. ئەپسۇسكى «مەخپىيەتلىك» قىزنىڭ ساددا ئانىسى تەرىپىدىن ئاشكارىلىنىپ قالدى. بىچارە ئايقىز شۇندىن كېيىنلا ئاتىسىنىڭ يوشۇرۇن كۇسۇلداشلىرىدىكى، ئۆزىنى تالا - تۈزگە چىقارماسلىقتىكى ۋە سېلىمنىڭ بىر ھەپتىدىن بۇيان ھويلىغا قەدەم باسمايدىغان بولۇپ قالغانلىقىدىكى سىرنى چۈشەندى.

«دېمەك، ئەتە تويۇم بولىدۇ، — دېدى ئايقىز قايغۇ - ھەسرەت بىلەن ئۆز ئۆزىگە پىچىرلاپ، — ئۇنىڭدىن ئۆلگىنىم ياخشى ئەمەسمۇ؟ ئەمدى قانداق قىلاي؟!»

ئايقىز ئاخىرى سېلىم بىلەن كۆرۈشۈپ يۇرتتىن قېچىش نىيىتىگە كەلدى - دە، پېشىندىن كېيىنلا قېچىش تەييارلىقىنى مەخپىي ھالدا پۈتتۈرۈپ سېلىمنىڭ مال بېقىۋاتقان يېرىگىلا بارماقچى بولدى. لېكىن ئاتىسىنىڭ سېزىپ قېلىشىدىن، تۇرۇپلا «ھەي ئايقىز» دەپ چاقىرىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ئەل ئايىغى بېسىلىشىنى كۈتتى...

ئەھۋالنىڭ تەپسىلاتىنى ئاڭلىغان سېلىم بىردەم گاڭگىراپ قالدى. لېكىن ئايقىزنىڭ تەييارلىق بىلەن چىققانلىقىنى، ئەمدى ئۆيگە قايتىشىنىڭ يوق ئىش ئىكەنلىكىنى سەزگەن سېلىم دەرھال ئىشىكگە كەلدى - دە، ئالدىراپ ئۆز بىساتىنى يىغىشتۇرۇشقا كىرىشتى. ئاخىرى ئۇ ئۆزىنىڭ سادىق ھەمراھى، سېلىمنى بايىغا چاكارلىققا باغلىغان «مىراسلىق» دۇتارنى قولىغا ئېلىپ تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن ئۇنىڭ قورسىقىنى سىلاپ قويدى - دە، جايىغا قويۇپ قويدى. ئايقىز ئۇنىڭ رىيازەت چەككەن ئىككى يۈرەكنىڭ ھەقىقىي شاھىدى، قەدىناس ھەمراھىنى تاشلاپ كېتىشكە يۈرىكى چىدىمايۋاتقانلىقىنى سەزدى.

— خەير ھەمراھىم، خەير ئانا يۇرت!

جىن چىراغنىڭ ئۆچۈرۈلگەنلىكىنى، سېلىم بىلەن ئايقىزنىڭ كېچە ئۇيقۇسىغا غەرق بولغان يۇرتى بىلەن خوشلىشىپ چىقىپ كەتكەنلىكىنى ھېچكىم سەزمىدى.

## سەرسانلىق

جەرەن تۇتۇپ يېدىم مەن،
كىيىك تۇتۇپ يېدىم مەن.
تېرىسىنى ئۆشنەمگە
ئېگىن ئېتىپ كىيدىم مەن.

(سېلىم بوۋاي قوشاقلىرىدىن)

ئىككى ئېغىزلىق ئازادە ئاشپۇزۇلنىڭ پاكار، دوغىلاق كەلگەن كەكە ساقاللىق خوجايىنى ئاچچىق دەملەنگەن چاينى چىرايلىرىدىن ھارغىنلىق چىقىپ تۇرغان خېرىدارلارنىڭ ئالدىغا قويۇپ تۇرۇپ سورىدى:

— قاياقتىن كېلىشىڭلار؟!

ساقال - بۇرۇتى ئۈسۈپ چىرايى قارىداپ كەتكەن يىگىت چايدىن بىر ئوتلىۋېتىپ ناھايىتى تۆۋەن ئاۋازدا جاۋاب بەردى:

— ئېلىدىن كېلىشىمىز.

— ھە ...! ئىلى يوللىرىنى ئوبدان بىلمەن. داۋان ئاتلىماق ئاسان ئەمەس - تە، شۇنداق قىلىپ سەپىرىڭلار قاياققا بالىلىرىم؟

ياغلىقنى ئېڭىكى بىلەن قوشۇپ مەھكەم چېگىۋالغان، ئاشپۇزۇلغا كىرگەندىن بۇيان بىرەر يۇتۇم چايمۇ ئىچمەي، چوڭقۇر خىيال بىلەن يەرگە قاراپ ئولتۇرغان جۇۋان بېشىنى ئاستا كۆتۈرۈپ، ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرىدە «لاپ» قىلىپ يېنىدىكى ئەر كىشىگە قارىدى. ئەر كىشىمۇ خۇددى بىر نېمىنى خىيال قىلغاندەك سەل تۇرۇۋېلىپ، ئېغىر «ئۇھ» تارتتى - دە، بېشىنى ئاستا ئىككى تەرەپكە ئېغىتىپ:

— نەگە بېرىدىشىمىزنى بىلمەيمىز ئاكا. ياراتقان ئىگىسى مۇساپىرچىلىقتىكى رىسقىمىزنى نەگە چاچسا شۇ يەرگە بارارمىز ئەمدى، — دېدى.

— مۇنداق دەڭلا تېخى، — دېدى خوجايىن ھەيران بولۇپ، — بۇ گەپچە ئېلىغىمۇ يەرلىك ئەمەستەك قىلامسىلەر نېمە؟

— شۇنداق ئاكا... ئەسلى يۇرتىمىز ئاتۇشتىن...

رەھىمسىز كونىلەرنىڭ غورىبەتچىلىكى بۇ ئىككىيلەننىڭ قەددىنى سۇندۇرۇپ، چىرايلىرىغا مىسكىنلىك ئېلىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئەرنىڭ سەل قىڭغىر كەلگەن قاڭشارلىق بۇرنى بىلەن بۇركۈتنىڭكىدەك ئۆتكۈر كۆزلىرىدىن، ئايالنىڭ ئوڭ مەڭزىدىكى كىچىككىنە خالىدىن ئۇلارنىڭ مۇندىن بەش يىل ئىلگىرى ئۆز يۇرتىنى تون پەردىسى ئىچىدە قالدۇرۇپ قېچىپ چىققان سېلىم بىلەن يېزا ئاقساقىلىنىڭ قىزى ئايقىز ئىكەنلىكىنى ئىلغا قىلىش ئانچە تەس ئەمەس ئىدى. ئۇلار يۇرتىدىن قېچىپ چىقىپ، گاھى پىيادە يورسە، گاھى ھارۋا، ئات - ئۇلاغلارغا كىرا قىلىپ، ئاخىرى كۇچادا ئۇچراشقان سودىگەرلەر توپىغا قوشۇلۇپ، مۇزات ئارقىلىق ئىلىغا كەتكەن ئىدى.

يېڭى يۇرتنىڭ ئەلمى - تەلمىنى بىلمىگەن سېلىم ئايقىزنى ئەگەشتۈرۈپ يۈرۈپ، باشقىلارنىڭ كىر - قاتلىرىنى يۇيۇش، ئوتۇننى يېرىپ سۇيىنى توشۇشتەك ئىشلار بىلەن بىر مەزگىل جاھاندارچىلىق قىلدى. ئاخىرى ئۇ يۇرتداشلىرىنىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن يەرلىك باي سودىگەرگە ئاتباقار بولۇپ كىردى. ئۇنىڭغا مەسلىھەت بەرگەن يۇرتداشلىرىمۇ دەل مۇشۇ سودىگەرنىڭ ئۇرۇمچى بىلەن غولجا ئوتتۇرىسىدا مال توشۇپ قاتنايدىغان ھارۋىكەشلىرىدىن ئىدى.

خوجايىن سېلىمنىڭ خىزمىتىدىن رازى ئىدى. تېخىمۇ مۇھىمى ئايقىزدەك كېلىشكەن جۇۋاننىڭ ئۆز ھويلىسىدا بولغانلىقىدىن ئۇنىڭدىن بەتتەر رازى ئىدى. ئۇ يېقىندىن

بىرى ئايىقىزغىمۇ كۆز قىرىنى سېلىشتىن ئانچە ئەيمەنمەيدىغان بولۇپ قالدى.
لېكىن ئۇ ماخو قوروُسغا ياندىش سېلىنغان ئايقىزنىڭ ئۆيىگە ئالدىراپ قەدەم باسمى-
دى. چۈنكى ئۇ، سېلىمگە ھەمدەم بولىۋۋاتقان قاۋۇل ھارۋىكەشلەرنىڭ نارازىلىقىنى
قوزغاپ قويۇشتىن سەل ئەندىشە قىلاتتى. ئايقىزمۇ سودىگەرنىڭ يامان نىيىتىنى
بايقاپ، ئۆزىگە پۇختىراق بولۇشنى ئويلاپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ھارۋىكەشلەر-
نىڭ سەپەرگە چىقىپ كەتكەن، سېلىمنىڭ ئاتلارغا بوغۇز ئۈچۈن بازارغا كىرىپ كەت-
كەن پۇرسىتىدىن پايدىلانغان سودىگەر، كىشىنىڭ ئەكسى كۆرۈنگىدەك پارقىرىتىلغان
قارا خۇرۇم ئۆتۈكىنىڭ غىچىرلاپ تۇرغان تاپىنىنى ئايقىزنىڭ بوسۇغىسىغا قويدى ...

سېلىم قايتىپ كەلگەندە، ئايقىز ئازابتىن تولغىنىپ يەردە ياتاتتى. ئۇ، يۈگۈرۈپ
كېلىپ ئايقىزنى ئاستا يۆلىدى. ئايقىزنىڭ «بالا» دېگەن ئاۋازى ئارانىلا ئاڭلانغاندەك
قىلدى - يۇ، يەنە ھوشىدىن كەتتى.

شۇ كۈنلەر ئايقىزنىڭ ئېغىر ئاياغ مەزگىلى بولۇپ، پات ئارىدا پەرزەنت كۆ-
رۈش ئىستىكى ئۇلارنى ئورتاق خۇشال قىلغانىدى. ئەپسۇسكى، بۆگۈنكى پاراكەندىچى-
لىك، خورلۇقتا چىدىماي ئېلىشىش، يورۇق دۇنياغا كۆز ئېچىش ئالدىدا تۇرغان يېڭى
بىر ھاياتنى قورساقتىلا تۇنجۇقتۇرۇپ، ئايقىزنى ھالىدىن كەتكۈزدى. ئۇنىڭ بوشىشىپ
كەتكەن بەدىنى، ئاقىرىپ كەتكەن لەۋلىرى، بارغانسېرى سۇسلىشىپ كېتىۋاتقان كۆز
نۇرى ھەمدە مىڭ تەسلىكتە چاقىرىپ كېلىنگەن تېۋىپنىڭ ئېغىر ئۇھ تارتىپ باش
چايقاشلىرى سېلىمنى ماغدۇرسىزلاندۇرۇپ قويدى. تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ قالغان سېلىم
ئايقىزنىڭ بېشىنى قۇچىقىغا ئېلىپ، ئاي نۇرى غۇۋا چۈشۈپ تۇرغان تۈڭلۈكتىن جى-
مىرلاپ تۇرغان يۇلتۇزلارغا قارىدى، «ئاھ خۇدا، ياراتقان ئاللا، مۇسۇلمان بەندىلى-
رىڭنى، ساڭا پاك، دىيانەتلىك بىلەن ئىخلاس قىلغان مۆمىنلىرىڭنى قايسى كۈنلەرگە
گىرىپتار قىلىۋاتىدىغانسەن؟ ئاھ رەھىمسىز دۇنيا...»

سېلىمنىڭ ئېچىنىشلىق ئاھ - زارىغا، ئاللاغا قىلغان ئىلتىجاسىغا كىممۇ قۇلاق سالسۇن؟
كىممۇ ئۇنىڭ دەردى-ھالىغا يەتسۇن؟ كۆكتىكى يۇلتۇزلار خۇددى ئايقىزنىڭ كۆزىدىن ئېقى-
ۋاتقان ياشلارغا ھەيران بولۇپ قاراۋاتقاندەك جىمىرلاپ تۇراتتى. ئازاب، خورلۇقتىن دىلى
ئۆرتەنگەن سېلىم قۇچىقىغا باش قويۇپ ياتقان مەھبۇبىنىڭ چۇۋۇلغان چاچلىرىنى قايغۇ-
ھەسرەت ئىچىدە ئاستا سىلىدى. ئايقىزنىڭ تېنى سەل - پەل مىدىرلىغاندەك قىلدى...

ئايقىز بىلەن سېلىم قان - زەرداب ئىچىدە سودىگەرنىڭ ئائىلىسىدىن ئايرىلىپ،
ئايقىزنىڭ سالامەتلىكى ئەسلىگە كەلگىچە يۇرت ئىچىدە پارچە - پۇرات ئىشلار بىلەن
تىرىكچىلىك قىلدى. كېيىن ئۇلار ئۈرۈمچىگە چىقىپ كېتىش خىيالى بىلەن يولغا چى-
قىپ، تاغ - داۋانلارنى ئاتلاپ، مىڭ مۇشەققەتتە شىخوغا يېتىپ كېلىپ چىنىباغ كوچى-
سىنىڭ دوقمۇشىغا سېلىنغان بۇ ئاشپۇزۇلغا ناشتىلىق ئۈچۈن كىرگەنىدى...

ئاشپۇزۇل خوجايىنى ئىككىيلەننىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئۇلارغا
ئىچ ئاغرىتىپ بېشىنى ئاستا چايقىدى. چۈنكى ئۇنىڭ پەمىچە، چىرايلىرى سارغايغان،
سەپەر ھاردۇقى يەتكەن بۇ ئايالنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ھالى تەس ئىدى. شۇڭا ئۇ

بىرئاز ئويلانغاندىن كېيىن:

— بۇ تۇرقۇڭلاردا سەپىرىڭلار سەپەر بولمىغىدەك. بىرنەچچە كۈن بولسىمۇ هار-
دۇقىڭلارنى بۇ يەردە چىقىرىۋېلىڭلار، ئۆزۈڭلار كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر، ئاشخانىمىز يېڭىلا
ئېچىلغاچقا تىجارەتمۇ دېگەندەك يۈرۈشۈپ كەتمەيۋاتىدۇ، نەۋرە قىزىم يالغۇز كېلىپ
قالدى. «رىسقى غايىب» دېگەن گەپ بار، ئەگەر لايىق كۆرسەڭلار كۈچ - مادارىغا
كىرىۋالغىچە بىزگە ياردەملىشىپ مۇشۇ يەردە تۇرساڭلار قانداق؟

ئاجىزلاپ كەتكەن ئايقىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى سەپىردە ھەقىقەتەن ئازابقا قالىدىغانلىقىغا
كۆزى يەتكەن سېلىم ئاق كۆڭۈل ئاشپۇزۇلچىنىڭ مەسلىھەتى بىلەن شىخودا بىر نەچچە
كۈن تۇرۇپ قالدى. ئاشخانا خوجايىنى چاقىرتىپ كەلگەن تېۋىپنىڭ ئەستايىدىل داۋا-
لىشى ۋە خاتىرجەم تۇرمۇش ئايقىزنى تېزلا ئەسلىگە كەلتۈردى. چىرايلىرى سۇزۇلۇپ،
ئوبدانلا تېتىكلىشىپ قالغان ئايقىز ئانچە - مۇنچە ئاشخانا ئىشلىرىغا ياردەملىشىپ يۈ-
رۈپ خوجايىنىنىڭ نەۋرە قىزى بىلەن چىقىشىپ قالدى. ئۇزۇن يىلدىن بېرى ئۆز ها-
لىنى بىرەر ئايال بىلەن ئورتاقلىشىپ باقمىغان ئايقىز ئۆز مۇڭدىشىنىڭ ساددىلىقى،
ئاقكۆڭۈللۈكىگە ئېچىنىپ، ھاياتىدىكى تۇنجى «دوست» ىدىن ئەمدى ئايرىلغۇسى كەل-
مىدى. ئايقىزدىكى ئۆزگىرىش، خېلىدىن بېرى ئەنسىزچىلىكتە يۈرگەن سېلىمنىمۇ يەڭ-
گىللەشتۈرۈپ قويدى.

— ئەمدى كۆڭلۈڭلارمۇ سەل - پەل ئىزىغا چۈشكەندەك قىلىدۇ، — دېدى بىر كۈنى
خوجايىن، — ئەر - خوتۇنچىلىقتا بۇنداق ئۆتتۈۋەرسەڭلارمۇ بولماس، كىچىك بولسىمۇ بىر
ئۆينى ئىجارىگە ئېلىپ قويدۇم، ۋاقتىنچە بولسىمۇ ئولتۇرۇپ تۇرۇشقا يارايدۇ.

سېلىم بىلەن ئايقىز خوجايىنىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئوڭايسىزلىنىپ قالدى. ئۇلار
بىر - بىرىگە يەر تېگىدىن بېقىشىپ كۈلۈمسىرەشكەن بولسىمۇ، چىرايىدىكى خىجالەتچى-
لىك ئالامەتلىرىنى يوشۇرۇشقا ئامالسىز ئىدى.

— ئاتا، — دېدى ئاخىرى سېلىم ئالقانلىرىنى ئۇۋۇلاپ تۇرۇپ، — بىز ئۆزلىرىنىڭ
ئاتىدارچىلىقى بىلەن يانلىرىدا تۇرۇپ، سىلىگە كۆپ مالاللىق يەتكۈزۈپ قويدۇق. شۇن-
داق بولسىمۇ دىلىمىزدا توڭگۈن بولۇپ تۇرۇۋاتقان يەنە بىر ئىش بار ئىدى، — ئۇ كۆز
قىرى بىلەن ئايقىزغا قاراپ قويدى، — بۇ ئىشنى بۈگۈنكى كۈنلۈكتە ئۆزلىرىدىن يو-
شۇرۇشقا ئامالسىزمىز. ئۆزلىرىگە ئايدىڭ بولغىنىدەك يۇرتتىن ئايرىلغىنىمىزغا بەش يىل-
دىن كۆپرەك بولدى...

ئايقىزنىڭ يەڭگىل تىترىشى بىلەن سېلىم گېپىنى يۇتۇۋەتتى. ئايقىزنىڭ قاپقارا
كۆزلىرىدىن سىرغىغان ياش ئىككى مەڭزىنى بويلاپ لەۋلىرىگە تەگكەندە، ئۇ خۇددى
ئۆتمۈشنىڭ ئاچچىق تەمىنى قايتا تېتىۋاتقاندەك، شۈركىنىپ كەتتى. بۇ ھالنى كۆرگەن
خوجايىننىڭ كاللىسىدىن «بۇلار يۇرتىنى سېغىنىپتۇ» دېگەن خىيال چاقماق تېزلىكىدە
ئۆتۈپ كەتتى.

— ھە، مۇنداق دەڭلا، يىغلىماڭ قىزىم. مۇشۇ قېرىنىڭ كۆڭلىگە كېلىپ قالارمى-
كىن، دەپ سۆز ئاچالمىغان ئىكەنسىلەر - دە، ئۆز يۇرتىنى سېغىنىش ئەيىب ئىش

بولمىغاندىكىن، بۇنى مەندىن سىر تۇتۇپ نېمە قىلاتتىڭلار؟ ئەمدى يۇرتۇڭلارغا بارىدىغان ئوبدانراق ھەم ئىشەنچلىك ھەمراھ چىققىچە تەخىر قىلىپ تۇرۇڭلار، مەن بىر ئامال قىلاي.

— ياق ... ياق، ئاتا، — دېدى سېلىم ئالدىراپ، — دېمەكچى بولغىنىمىز كونا ئىش ئىدى. ئېلىخودىكى چېغىمىزدا باشپاناھسىز بۇ توگۈننى يېشەلمىدۇق. ئۇنىڭ ئۈستىگە باشقىلارغا دېيىشتىن خىجىل بولدۇق، بۈگۈن نۆۋىتى كەلگەن چېغى، شۇڭا ئۆزلىرىنىڭ ئالدىدا نىكاھ پاتىھەسىنى ئادا قىلىۋەتسەك دېمەكچىدىم.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئايقىزنىڭ يۈزلىرى ۋىللىدە قىزىرىپ كەتتى. ھەيرەتتە قالغان خوجايىن:

— ھە ... ھە، مۇنداق دەڭلا، — دېدى ئۆزىنى كۈلكىدىن توختىتالماي، — بولىدۇ، بالىلىرىم بولىدۇ، ئۇدۇلىمىزدىكى مەسچىتتە تونۇش بۇرادىرىمىز ئىمامەتچىلىك قىلىدۇ. ئۆيۈڭلارنى سەرەمجانلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، بۇ ئىشنى بەجا كەلتۈرەيلى...

سېلىم بىلەن ئايقىز خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئاشپۇزۇلغا بىر يولۇچى كىرىپ، سېلىمغا تونۇشلۇق بەردى. ئۇ سېلىمنىڭ يۇرتدىشى چىقتى. ئۇ، سېلىم بىلەن ئايقىز يۇرتتىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئايقىزنىڭ ئانىسى كېسەلچان بولۇپ يېتىپ قالغانلىقىنى، يېزا ئاقساقىلىنىڭ يۇرت بېگى ئالدىدا نۇرغۇن تىل - ئاھانەتكە قالغانلىقىنى، غەزەپى ئۆرلىگەن يۇرت بېگىنىڭ «قاچقۇن»لارنى تۇتۇش ئۈچۈن تەرەپ - تەرەپكە كىشى ئەۋەتكەنلىكىنى بىرەر قۇر بايان قىلىپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى پاراكەندە قىلىدىغان يەنە بىر خەۋەرنىمۇ يەتكۈزدى.

— سېلىم، — دېدى ئۇنىڭ يۇرتدىشى، — ئۇرۇمچىدە بەگنىڭ دوغىلىرىنى ئۇچرىتىپ قالدىم. ئۇلارنىڭ گەپ سۆزلىرىدىن پەملىشىمچە ئىلى تەرەپكە ئۆتۈشىدىغاندەك قىلىدۇ. بۇ يەر يول ئۈستى، شۇلارنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ قالارسەنمىكىن؟

كۆڭۈلسىز خەۋەر ئۇلارنىڭ خاتىرجەم تۇرمۇشىغا يېڭىباشتىن ئەنسىزچىلىك ئېلىپ كەلدى. ۋەھىمىلىك خەۋەرنى ئاڭلىغان ئاشخانا خوجايىنى خاتىرجەمسىزلىك ئىچىدە تىتىلداپ يۈرگەن ئىككىسىنى توسۇپ قالالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، ئۇلارنى ئالتاي ياكى چۆچەك تەرەپكە يولغا سېلىپ قويماقچى بولدى. چۈنكى ئۇ تەرەپلەردە خوجايىننىڭ ئۇلارغا باشپاناھ بولغىدەك بۇرادەرلىرى بار ئىدى. سېلىم بىلەن ئايقىز خۇددى ئۇرۇق - تۇغقاندەك بولۇپ قالغان بۇ مېھرىبان كىشىلەر بىلەن كۆز يېشى قىلىپ خوشلاشتى.

ئۇلار كونا شىخونىڭ توپىلاق يولىدا ئۇدا ئۈچ كۈن مېڭىپ خۇپتەنگە يېقىن كونا چېپەيزە ئەتراپىغا كېلىپ ئارام ئالدى. ئاشخانا خوجايىنىنىڭ ئېشىكى بولمىغان بولسا، ئاجىزلاپ كەتكەن ئايقىزنىڭ تېنى سەپەر ئازابىغا چىداشلىق بېرەلمىگەن بولاتتى. ھېلىمۇ ئىسسىق تاماقسىز، ئەندىشە، قورقۇنچ بىلەن ئۇيقۇسىز ئۆتكەن ئۈچ كۈن ئايقىزغا ئېغىر كەلگەنىدى.

سېلىمنىڭ تىزىغا بېشىنى قويۇپ خىيالغا چۆككەن ئايقىز يىراقتىن ئاڭلىنىۋاتقان

قويلارنىڭ مەرەشلىرىگە قۇلاق سالدى.

— قوي مەرەۋاتىدۇ سېلىم، — دېدى ئۇ بېشىنى كۆتۈرمەي تۇرۇپ.

— شۇنداق، — دېدى سېلىم ئەتراپقا قۇلاق سېلىپ، — بىر توپ قوي بىز تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقاندەك قىلىدۇ. يېقىن ئەتراپتا مەھەللە بولسا كېرەك.

— بىزنىڭمۇ مەھەللىمىز، ماكانىمىز بولارمۇ؟

— خۇدا بۇيرۇسا ئۇ كۈنلەرمۇ بولۇپ قالار.

ئۇلار شۇ تەرىقىدە پاراڭلىشىۋاتقاندا، بىر توپ قوينى ھەيدىگەن ئاتلىق يىگىت، جەرەن ئېتىنىڭ بېشىنى بۇراپ ئۇلار تەرەپكە كەلدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، — دېدى قازاق يىگىت ئات ئۈستىدىلا سالاملىشىپ.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام.

سېلىم ئورنىدىن تۇردى. ئايىقىمۇ زىڭىلداپ ئاغرىۋاتقان بەدىنىنى تەسلىكتە قوزغاپ، ئۈستى-بېشىنى تۈزەشتۈرگەچ ئاتلىق ئادەمگە نەزەر سالدى. كىرلىشىپ كەتكەن ئاق خەسىنى تۇمارچىلاپ بېشىغا ئورىۋالغان، ئىككى مەڭزى قىپقىزىل، مەڭزىدىكى كۆكۈش تومۇرلارنىڭ تالالىرى يول-يولى بىلەن ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرغان، شالاڭ ئۆسكەن بۇرۇت-ساقاللىرى ئىلمەكرەك كەلگەن بۇرنىنىڭ ئاستى بىلەن ئۇچلۇق ئېڭىكىنى بىلىنەر-بىلىنمەس يېپىپ تۇرغان 30 ياشلار چامىسىدىكى بۇ قويچى پۆشقۇرتۇپ تۇرغان ئات ئۈستىدە سىگارىيان ئولتۇراتتى.

— قاياقتىن كېلىۋاتىسىلەر؟ — دېدى قازاق يىگىتى يۇلقۇنۇپ تۇرغان ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىنى تارتىپ قويۇپ.

— شىخودىن كېلىۋاتىمىز، — دېدى سېلىم. ئۇ شىخودىكى ئاشپۇزۇلغا ئارىلاپ-ئارىلاپ كېلىپ تۇرىدىغان قازاق مېھمانلار بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرغاچقا، ئۇلارنىڭ تىلىدا سۆزلىيەلمىسىمۇ، گەپ-سۆزلىرىنى ئوبدان چۈشىنەتتى.

— نەگە كېتىۋاتىسىلەر؟

— ئالتايغا.

— ئالتايغا؟!

قازاق يىگىتى بىر سېلىمگە، بىر ئايىقىزغا قارىدى. سېلىمنىڭ ئاۋازىدىكى تىترەك قويچى يىگىتنى گۇمانغا سېلىپ قويغانىدى. ئۇ ئايىقىزنىڭ تاتىرىپ كەتكەن چىرايىغا قاراپ نېمىشقىدۇر ئويلىنىپ قالدى.

— ئالتايدا تۇغقىنىڭلار بارمىدى؟

— بار، — سېلىم ئۈنتەك ئايىقىزغا قاراپ قويدى. ئايىقىزنىڭ مۆلدۈرلەپ تۇرغان كۆزلىرىدىن ئەنسىزلىك، قورقۇش ئالامەتلىرى ئېنىق ئىپادىلىنىپ تۇراتتى.

— بۈگۈن يەنە يول يۈرەمسىلەر؟

— شۇنداق.

قازاق يىگىت ئاتتىن چۈشۈپ ئۇلارغا بۈگۈن بۇ يەردىن چىقىپ كەتسە بىپايان چۆلگە كىرىپ كېتىدىغانلىقىنى، ئېزىقىپلا قالسا ھاياتىدىن ئايرىلىپ قالىدىغانلىقىنى،

شۇڭا بۈگۈن بىر كېچىنى ئۆزىنىڭ ئۆيىدە ئۆتكۈزۈپ، ئەتە يولغا چىقسىمۇ بولىدىغانلىقىنى ئالدىرىماي چۈشەندۈردى. تونۇمىغان بىر ئادەمنىڭ، يەنە كېلىپ باشقا مىللەت ئادىمىنىڭ ئۆزلىرىگە كۆيۈنۈپ خەيرىخاھلىق قىلىشى سېلىم بىلەن ئايقىزنى گۇمانغا سېلىپ قويدى.

— قورقۇۋاتامسىلەر؟ — دېدى قازاق يىگىتى ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىكىنى سەزگەندەك قىلىپ، ئاندىن سېلىمگە قاراپ، — ئەخمەق بولما، ئايالىڭنىڭ ساقلىقى يوقتەك قىلىدۇ، خاتىرجەم بول، ئۆيدە ئايالىم بار...

ھايات يولى شۇنداق. بەزىدە، تاسادىپىي يۈز بەرگەن ئىشلارمۇ كىشىلەر كۆڭلىنى بىر - بىرىگە مايىل قىلىپ قويىدۇ، ھەتتا ئۆمۈرلۈك دوست بولۇپ قېلىشىنىڭمۇ سەۋەبچىسى بولۇپ قالىدۇ. سېلىم بىلەن ئايقىز بۇ ناتونۇش قازاق يىگىتىنىڭ مەسلىھەتىگە نېمىدەپ جاۋاب بېرىشنى بىلىشمەي بىر - بىرىگە قاراشتى.

— يۈرۈڭلار، كەتتۇق، — دېدى قازاق يىگىت سېلىمنىڭ دولىسىغا قولىنى قويۇپ، — ئۆيىمىز يىراق ئەمەس، ئەنە.

سېلىم بىلەن ئايقىز قازاق يىگىتى قامچىسى بىلەن كۆرسەتكەن تەرەپكە قارىدى. دېگەندەك ئانچە يىراق بولمىغان دەرەخلىكلەر ئارىسىدىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان سۇس ئىس - تۈتەكلەر خۇددى بۇلۇتقا ئوخشاش يېيىلىپ تۇراتتى.

ئەشمەت ئىسىملىك بۇ قازاق يىگىتى كونا چېپەيزىنىڭ «قاراسۇ» دېگەن يېرىدە ئولتۇرۇشلۇق چارۋىچى يىگىت ئىكەن. ئەشمەتنىڭ ئايالىمۇ كۆڭلى يۇمشاق، كۆيۈمچان ئايال ئىكەن، ئۇ ئايقىزنىڭ ھالىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ ئۇ ھالەتتە چۆل كېزىپ سەپەر قىلىشىغا قوشۇلمىدى. ئايقىزمۇ تۇغۇتى كۈندىن - كۈنگە يېقىنلىشىۋاتقان شۇ كۈنلەردە سەپەر ئازابىنى تارتىشنى خالىمايتتى. ئۇ بۇ ئاق كۆڭۈل كىشىلەرنىڭ ئۆيىدە ئۆزىنى خېلى خاتىرجەم ھېس قىلاتتى. سېلىممۇ ئۆي ئىگىلىرىنىڭ قارامىلىق قىلماسلىق توغرىسىدىكى مەسلىھەتى بىلەن ئىلاجىسىزلىقتىن ناتونۇش ماكاندا بىر مەزگىل تۇرۇشقا كۆندى.

ئەشمەت مال بېقىشتىن سىرت، ئوۋچىلىقمۇ قىلاتتى. سېلىممۇ ئەمدى كۈندۈزلىرى ئەشمەتكە ھەمراھ بولۇپ قوي باقىدىغان، قاراسۇنىڭ يەر شارائىتى بىلەن بىرەر قۇر تونۇشۇۋالغاندىن كېيىن ئارىلاپ ئەشمەتنى ئۆيدە قالدۇرۇپ قويۇپ ئۆزى مال يايلىتىدىغان بولۇپ قالدى. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، ئويلىمىغان يەردىن سېلىم يەنە بىر دىشۋارچىلىققا دۇچ كەلدى. شۇ كۈنى ئۇ، ئەشمەتنىڭ «بالدۇرراق قايتىپ كەلگىن، بۈگۈن بوران چىقىدىغاندەك قىلىپ تۇرىدۇ» دېگەن گېپى بىلەن ماللارنى بالدۇر قايتۇرۇپ قوتانغا سولىدى. ئەشمەتنىڭ تېخى ئوۋدىن قايتمىغانلىقىنى ئۇقۇپ «بىرەر ئىش بولمىغاندۇ - ھە؟!»... دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى. ئۇ، ئۆيگە كىرگەندىن كېيىنمۇ خاتىرجەم بولالماي، ئاخىرى ئېشىكىگە مىندى - دە، ئەشمەتنىڭ دائىم قاپقان قويىدىغان يېرىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

قويۇق سۆكسۆكلۈك ئارىسىدا كېلىۋاتقان سېلىم ئەشمەتنىڭ قارىسى كۆرۈنمىگەنسېرى

تېخىمۇ گۇمانلىنىپ، بىر خىل ئەنسىزچىلىك ئىچىدە جاڭگاللىقا ئىچكىرىلەۋېرىپ،
مەھەللىدىن خېلىلا يىراقلاپ كەتكەنلىكىنى سەزمەي قالدى. ئۇ، يۇمشاق يەرنى تىلغاپ
ماڭغان قاپقان ئىزىنى ئۇچراتقاندا، مەھەللىنىڭ قايسى تەرەپتە قالغانلىقىنى ئېنىق ئىلغا
قىلالماي تۇرۇپ قالدى. «ۋاقتىدا ئۆز ئىزىمنى بويلاپ قايتاي» دەپ ئويلىغان سىـ
لىمنى تىلغانغان يەرگە چۈشكەن ئاياغ ئىزى ئىختىيارسىز ئالدىغا سۆرەپ ماڭاتتى. شىمال
تەرەپتىن كۆتۈرۈلگەن قارا بوران بارغانسېرى يېقىنلىشىپ، ئاسمانىنى چاڭ - توزان قاپلىغىلى،
قامغاقلارنى دومىلىتىپ يۇلغۇنلارنىڭ كۆكىرىپ تۇرغان ھۆل شاخلىرىنى قايرىغىلى باشـ
لىدى. قۇم تۆتەكلىرى ئىچىدە تېگىرقاپ قالغان ئېشەكمۇ سېلىمنىڭ قوپاللىق بىلەن
بېقىنداشلىرىغا پەرۋا قىلماي، جاھىللىق بىلەن بىر ئىزىدا چۆگىلەۋېرىپ، نىشانىنى
قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتتى. ئېشەكنىڭ نېمىگىدۇر پۇتلىشىپ مۇدىرىشىدىن يىقىلىپ چۈشـ
كەن سېلىم كۆز ئالدىدىكى قاراڭغۇچىلىق ئىچىدە ھېچنەرسىنى پەرق قىلالماي قالدى.
ئۇ قەددىنى رۇسلاپ ئېشىكىنى تۇتۇۋالماقچى بولغان بولسىمۇ، شىددەتلىك بوران ئۇنى
خۇددى قامغاقتەك ئۇچۇرتۇپ ئېلىپ كېتىۋەردى...

تاڭ ئاتقاندا بوران بېسىلدى. سېلىم ئۆزىنىڭ نەگە كېلىپ قالغانلىقىنى پەرق
قىلماقچى بولۇپ ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتتى. ئەتراپنى شالاڭ ئۆسكەن چاتقاللىق قاپلىغان.
قاتمۇ قات قۇم بارخانلىرى ئۇپۇققىچە يېيىلىپ كەتكەنىدى. سېلىم ئويىاق - بۇياققا
يۈگۈرۈپ ئېشىكىنى ئىزدىدى، لېكىن ئېشەكنىڭ شەپىسى ھېچيەردە ئاڭلانمايتتى. چۆل
ئۆلۈم جىمجىتلىقىغا چۆمگەنىدى. ئەمدى سېلىمنى قورقۇنچ باستى، ئۇ ئۆي
تەرەپنى مۆلچاللاپ يول ئالدى. لېكىن ماڭغانسېرى تېخىمۇ ناتونۇش
جاڭگاللىقا كىرىپ كېتىپ باراتتى. ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇق ئۇنى بارغانچە ھالىدىن كەتكۈزمەكتە
ئىدى. تۆت كۈن دېگەندە ئاخىرى ئۇ قىزغۇچ بىر تۆپىلىككە يېتىپ كەلدى. ئاچلىق
ۋە ئۇسسۇزلۇق ئۇنى يىقىتىپ قويدى.

سېلىم ھوشىغا كېلىپ كۆرگىنى ئۆزىدىن كۆز ئۈزمەي قاراپ تۇرغان تەشۋىشلىك
چىرايلار بولدى. ئۇلار نېمىلەرنىدۇر دېيىشمەكتە ئىدى. سېلىم ئۇلارنىڭ گېپىنى پەرق
قىلالمىدى، ئۇنىڭ مىدىرلىغۇدەك ھالى يوق ئىدى. ئۇ پەقەت گۈڭسىز كۆزلىرى بىلەن
بۇ جاڭگالدا پەيدا بولغان ناتونۇش ئادەملەرگە تەشۋىش بىلەن قارايتتى. ئۇلار سېلىمغا
سۇ ئىچكۈزدى، ئۇنىڭ پۇت - قولىغا جان كىردى، ئاغزى گەپكە كەلدى. سېلىم بۇ ناـ
تونۇش كىشىلەرنىڭ ئالتايدىن كېلىۋاتقان سودىگەرلەر ئىكەنلىكىنى سۆزلىرىدىن ئۇقتى.
دەرۋەقە ئات - ئېشەكلەرنىڭ بەزىلىرىگە تايلانغان يۈك، تېرە، بەزىلىرىگە ماي يۇقۇندىلىـ
رى بىلەن قاپقارا بولغان ياغاچ تۇڭلار ئارتىلغانىدى.

سودىگەرلەر سېلىمنىڭ قانداق قىلىپ بۇ يەرگە يەككە - يېگانە كېلىپ قالغانلىق
سەۋەبىنى ئۇققاندىن كېيىن بېشىنى چايقاشتى.

— ئۇنداقتا مەھەللەڭدىن خېلىلا كۆپ ئۇزاپ كېتىپسەن، — دېدى ئۇلارنىڭ ئارىـ
سىدىكى يېشى چوڭراق بىرەيلەن. ئۇنىڭ ئۇزايىدىن مۇشۇ كارۋاننىڭ بېشى ئىكەنلىكى
بىلىنىپ تۇراتتى، — بىز مانا مۇشۇ يەردىنلا چۆچەك تەرەپكە قايرىلىپ كېتىمىز، ساڭا

ھەمراھ بولالمايمىز. كەينىڭگە قايتساڭ، بۇ ھالىتىڭدە يىرتقۇچ ھايۋانلارغا يەم بولسەن،
ئەگەر ماقۇل كۆرسەڭ ساڭا بېرىدىغان مەسلىھەت، ــ سېلىمنىڭ يېنىدا زوڭـزىيىپ ئولـ
تۇرغان بۇ ئادەم ئۆڭۈپ كەتكەن قىزىل دوپپىسىنى قولىغا ئېلىپ، چالاشقان بېشىنى
يەڭگىل تاتىلىغىنىچە سۆزىنى داۋام قىلدى، ــ بىز ئانچە ئۇزۇنغا قالماي يەنە قايتىمىز،
ئۇلاغلارغا ئارتىلغان ماي تۇڭلىرىنى كۆردۈڭمۇ؟ ئۇنىڭدا قاراماي توشۇيمىز، ماي
قاچىلايدىغان جايىمىز يېقىنلا يەردە، بۇ يەردىكى ماي بۇلاقلىرىنىڭ يېنىدا ئىچكىدەك
سۇمۇ بار. سەن پەقەت بۇلاقتىن چىقىۋاتقان مايلارنى سۈزۈپ جەملەپ قويساڭلا بولغىنى.
بۇ ئادەمنىڭ دېگەنلىرى سېلىمنى ئويغا سېلىپ قويدى. ئۇ ئايغىرنى يالغۇز تاشـ
لاپ مۇشۇ چۆلدە يەنە تۇرسۇنمۇ؟ ياق، شۇ تاپتا ئايغىر بىلەن ئەشمەتلەر ئۇنى ئىزـ
دەپ سەكپارە بولۇۋاتقاندۇ، ئايغىرنىڭ كۆزىدىن ياش قۇرۇمايۋاتـقاندۇ؟ لېكىن ...
ئـۇ «قاراسۇ» غا قانـداق يول تېپىپ بارالايدۇ؟ ئۇ ئەتراپقا نەزەر سالدى. قۇياشـ
نىڭ كۈچلۈك نۇرى قىزدۇرغان دەشتتىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان ئىزدىتقۇ ئـالـۋۇن بوشلۇقـتا
گويا كى تىنىق كۆل سۈيىدەك داۋالغۇپ تۇراتتى. ئۇ، ماغدۇرسىزلىقتىن تەپچىپ چىقـ
قان پېشانىسىدىكى تەرلەرنى يىرتىلىپ كەتكەن يەكتىكىنىڭ يېڭى بىلەن سۈرتـۈپ ماي
تۇڭى ئارتىلغان ئېشەكلەرگە، ئۇلار كەلگەن تەرەپتىكى يىلان باغرى سـوزۇلۇپ ياتـقان
يولدىكى ئاياغ ئىزلىرىغا ھەسرەت ئىچىدە قارىدى. سېلىمنىڭ دەرگۇمـان بولۇپ قالغانـ
لىقىدىن ئۈمىدسىزلەنگەن دوپپىلىق ئادەم قولىـنى ئۇنىڭ دولىـسىغا ئاستا قويۇپ سۆز
قاتتى.

ــ ئۇكام، مەسلىھەتكە رازى بولمىساڭ ئۆزۈڭنىڭ ئىختـىيـارى، بىز سەنـدىن بىر
بۇردا نېنىمىزنى ئاياپ ئولتۇرمايمىز. ئەمما يالغۇز يۈرسەڭ بۇ جاڭگال خەتەرلىك، يەـ
نە ئېزىپ كېتىسەن. بىز ھايال بولماي كەينىمىزگە يانىمىز، شۇڭغىچە مايـلارنى ھازىرـ
لاپ قويساڭ تۇڭلىرىمىزغا قاچىلايمىز ـ دە، شىخو تەرەپكە يول ئالىمىز. سەنمۇ ماكانىڭـغا
ساق ـ سالامەت يېتىۋالسەن ...

ئۆزىنى ئۆلۈم ئاغزىدىن قۇتقۇزۇپ قالغان مېھرىبان كىشىلەرنىڭ سەممىي ئۆتـۈـ
نۈشى سېلىمنى قايىل قىلدى. ئۇنىڭ رازىلىقىنى ئالغان سودىگەرلەر ئۆزلىـرى قايـتىپ
كەلگىچە يەتكۈدەك ئوزۇقىنى قالدۇرۇپ ئۇنىڭغا ئامانلىق تىلەپ يولغا راۋان بولۇشتى.

چىڭغىس تېغىنىڭ ئېتىكىگە جايلاشـقان بۇ قاپـقارا دۆڭلۈك سېـلىمنىـڭ يېڭى ماـ
كانىغا ئايلاندى. بۇ دۆڭنىڭ چوققىسىدا، يان تەرەپلىرىدە ئونغا يېـقىن ماي بۇلاقـلىرىـ
دىن بۇلدۇقلاپ قويۇق قاراماي ئېقىپ تۇراتتى. يىللار مابەينىدە سىرغىـپ چىقىۋاتـقان
ماي ئېقىمى بىلەن بورانلىق كۈنلەردە پۈركۈپ چىقىرىلغان ماي دانىچىـلىرىنىڭ تەدرىـ
جىي سىڭىشىدىن ھاسىل بولغان قات ـ قات ماي قېتىشمىـلىـرى بۇ دۆڭـلۈكنى قاپـقارا
گىياھ ئۈنمەس تاقىرلىققا ئايلاندۇرۇپ قويغانىدى.

سېلىم ئەتىسىدىن باشلاپ، سودىگەرلەرنىڭ ئېيتىپ بەرگەن ئۇسۇلى بويىچە ماي
سۈزۈپ ئۇنى ئايرىم كۆلچەككە جەملەپ تۇردى. سودىگەرلەرنىڭ تاشلاپ كەتكەن ئوزۇ-
قى بىلەن بىر نەچچە كۈننى خېلى خاتىرجەملىك ئىچىدە ئۆتكۈزدى. سېلىمنىڭ مۆلچەرىدە

ئۇلار مۇشۇ بىر ـ ئىككى كۈن ئىچىدە قايەردىن بولمىسۇن يېتىپ كېلىشى كېرەك ئىدى. ئۇلار كەلسىلا جەملەپ قويغان ماينى تۈگىلارغا قاچىلاپ يولغا چىقىدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك ئايقىزى بىلەن دىدارلىشىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ دەرد بىلەن پۇچۇلغان قەلبىدىن قايغۇ ـ ھەسرەتنى ھەيدەپ قايتىدىن بەختكە ئېرىشىدىغانلىقىنى ئويلىغىنىدا سېلىم بۆلەكچىلا تېتىكلىشىپ كەتتى.

لېكىن ئىش ئۇنىڭ ئويلىغىنىدەك بولمىدى. ماي جەملەنگەن كۆلچەك ئاللىبۇرۇن توشۇپ بولغان، ئۇزۇق ـ تۆلۈك تامامەن ئاخىرلاشقان بولسىمۇ، ئۇ كۈتكەن كىشىلەرنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيتتى. ئاچلىق ئۇنىڭغا ھەر قەدەمدە ۋەھىمە سالاتتى. سېلىم «ئۇلار ئەتىگىچە كېلىپ قالارمىكىن» دېگەن ئۈمىد بىلەن بىر ئاينى توشقان ئۇۋۇلىرىنى، «سۆزۈك بۇلاق» ئەتراپىدىكى كىچىككىنە قومۇشلۇق ئىچىدىكى جەرەن ئىزلىرىنى پايلاپ ئۆتكۈزدى. ئېغىر ئازابلىق كۈنلەر تەبىئەتكىمۇ، سېلىمغىمۇ باشقىچە تۈس ئاتا قىلدى. ياپيېشىل قومۇشلار، يالىڭاچلىنىپ قالغان سۆكسۆكلەر يوپۇرماقلىرى گىلاستەك جۇلالىنىپ تۇرغان يۇلغۇنلار ئارىسىدا جۇل ـ جۇل كىيىملىك، چاچلىرى گەدەنگىچە چۇشكەن، قارىداپ يېرىلىپ كەتكەن چىرايىنى چاتقاللار تىتىپ يارا قىلغان «چۆل ئادىمى» كېزىپ يۈرەتتى. ئۇ ئوت چاقناپ تۇرغان دەھشەتلىك كۆزلىرى بىلەن پات ـ مەغرىپ تەرەپكە قاراپ ـ قاراپ قوياتتى. سېغىنىش ۋە كۈتۈش ئىچىدە ئۆتكۈزگەن تەقەززالىق ئازابى ئۇنىڭغا شۇنداق ئادەتنى سىڭدۈرگەنىدى. ئەپسۇسكى، ھەيۋەتلىك ئەجدىھادەك تولغىنىپ ياتقان چىڭغىز تېغىنىڭ باغرىدا ھومىيىپ قاراۋاتقان دەشتى ـ باياۋاندا ئۇ كۈتكەن ئادەملەرنىڭ ئاۋازى مەڭگۈ ئۆچۈپ كەتكەندەك قىلاتتى.

## ئاھ، ئايقىز!

شىخونىڭ بازارىدا
ساتتىم بىر قاپاق ماينى.
خۇدايىم بېرەر بىر كۈن
باي مىنگەن تولۇن تاينى.
(سېلىم بوۋاي قوشاقلىرىدىن)

كەچ كۈزنىڭ ئىزغىرىن شامىلى يالىڭاچلانغان باغلار، ئېتىزلىقلار باغرىدا ئۇشقىتاتتى. تۇرخۇنلىرىدىن قويۇق ئىس كۆتۈرۈلۈۋاتقان پاكار ـ پاكار ئۆيلەرنىڭ بىرىدە تۇرۇستىكى ئەگرى ـ بۈگرى ۋاسىلاردىن كۆز ئۈزمەي چوڭقۇر خىيالغا چۆككەن ئايقىز سىرتتىكى ئاۋازلارغا مىسكىنلىك بىلەن قۇلاق سېلىپ ئولتۇراتتى. ئۇ تام مەشكە يانداپ سېلىنغان سۇپا ئۈستىدە پۇتلىرىغا قوي تېرىسىنى چۆمكىۋالغان، گۇل چېكىلگەن ياستۇقتىن بىرىنى بېلىگە قىرلاپ تام مەشكە يۆلىنىپ ئولتۇرغان بولسىمۇ ئىچ ـ ئىچىدىن قوزغىلىۋاتقان تېترەكتىن مۇزلاپلا تۇراتتى. ئورۇقلاپ بىر تېرە، بىر ئۇستىخان

بولۇپ قالغان ئايقىز ماغدۇرسىز ئالقانلىرى بىلەن تۇرۇپ - تۇرۇپ كۆچلۈك مىدىرلاۋاتقان قورسىقىنى ئاستا سىيلاپ قوياتتى.

سېلىمنىڭ تۇيۇقسىز يوقاپ كېتىشى ئايقىزنىلا ئەمەس، ئەشمەتلەر ئائىلىسىگىمۇ كۆڭۈلسىزلىك ئېلىپ كەلدى. سېلىم ئېزىقىپ كەتكەن بورانلىق كېچىدىن كېيىن ئەشمەت ئۇنى ئۇدا بىرنەچچە كۈن ئىزدەپ، ئۆتكەن - كەچكەنلەردىن سۈرۈشتە قىلىپ، ئۇنىڭ ھېچبىر دېرىكىنى ئالالمىدى. شۇ كۈنلەردە «چۆچەك يولىدا پەيدا بولغان قوراللىق قاراقچىلار يولدا سودىگەرلەرنى ئۆلتۈرۈپ ماللىرىنى بۇلاپ كېتىپتۇ، ئۇلار بۇ تەرەپكىمۇ كەپتۇدەك...» دېگەن ۋەھىمىلىك خەۋەر ئەشمەتلەرنىڭ مەھەللىسىگە يېتىپ كېلىپ، ئۇلارنى ئەنسىزلىككە سېلىپ قويدى. سېلىمنى تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ ئىزدەشنى تويلاۋاتقان ئەشمەت بۇ شۇم خەۋەردىن كېيىن، ماللىرىدىن ئەنسىرەپ، يىراقلارغا يۈرەكلىك كېتەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. كۈنلەر خۇددى بوگۈن يا ئەتە بىرەر چوڭ مالىمانچىلىق بولىدىغاندەك ۋەھىمە ئىچىدە ئۆتمەكتە ئىدى. سېلىمنىڭ پىراقىدا كۈندىن كۈنگە ئاجىزلاپ كېتىۋاتقان ئايقىزمۇ ئىشتىھادىن ئاستا - ئاستا قېلىشقا باشلىدى. بۇنىڭدىن ئەنسىرەپ قالغان ئەشمەت ۋە ئۇنىڭ ئايالىنىڭ كۆڭۈل ياساشلىرى، خۇددى ۋاقتى ئۆتۈپ كۆچىدىن قالغان دورىغا ئوخشاش، ئۇنىڭ دەردىگە دەرمان بولالمايتتى.

شامالنىڭ كۆچىيىشىنى پەملىگەن ئەشمەت بوگۈن ماللىرىنى يايلىتىشقا ئاپارمىغانىدى. ئۇ ھويلا - ئارامدىكى ئىشلىرىنى تۈگەتكەندىن كېيىن ئايقىزنىڭ يېنىغا باردى. ئاي - كۈنى يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقان ئايقىزنىڭ كويىدا پايپېتەك بولۇپ يۈرگەن ئەشمەتنىڭ ئايالى قادىرچا ئۇنىڭ پېشانىسىدىن تەپچىپ چىقىۋاتقان مۇزدەك تەرلىرىنى ئېرتىپ ئولتۇراتتى. ئۇلار ئايقىزنىڭ بارغانسېرى قاتتىق تىترەۋاتقانلىقىغا ئۈن - تىنسىز قاراپ، نېمە قىلىشلىرىنى بىلمەي ئولتۇرۇشقىنىدا، ھويلىدىكى تايغان ئىتنىڭ ئەنسىز قاۋاشلىرى ئۇلارنى تېخىمۇ ئەنسىزلىككە سالدى.

ئەشمەت تالاغا چىقتى ۋە ئىتى ئالدىنى توسۇپ تۇرغان «مەخلۇق» نى كۆرۈپ قورققىنىدىن پۇت - قولىدا جان قالمىدى، ۋۇجۇدىنى ۋەھىمىلىك بىر تىترەك قاپلىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئۇزۇن چاچلىرى شامالدا يەلپۈنۈۋاتقان، يۈز - كۆزلىرىنى چاڭگاكلىشىپ كەتكەن قويۇق قارا تۈك قاپلىغان، ئۈستىگە ھايۋان تېرىسىنى يېپىنىۋالغان، ھازىرلا ئېتىلىشقا تەييار تۇرغان قاپلاندەك قورقۇنچلۇق بىر بەدبەشىرە «مەخلۇق» كۆزلىرىدىن ئوت چاقنىتىپ غۇلچىنى كەرگىنىچە ھويلا تېمىغا يۆلىنىپ تۇراتتى. ئۇ، ئەشمەتنى كۆرۈپ ئالدىغا بىرەر چامدامۇ ماڭمىدى. پەقەت بويۇن پەيلىرى تارتىشىپ بېشىنى تامغا مەھكەم تىرەجىگەن پېتى «ئەش ... ئەشمەت» دەپ قاتتىق بىر توۋلىدى - دە، خۇددى ئوق تەگكەن ئېيىقتەك يەرگە گۈپپىدە يىقىلدى.

بۇ تونۇش ئاۋازدىن چۆچۈگەن ئەشمەت «سېلىم قايتىپ كەپتۇ» دېگەن پېتى ئالدىدا ئۆيگە يوگۈرۈپ چۈشىنىكسىز توۋلىدى. ئاندىن سىرتقا قاراپ ئېتىلدى ...

تام مەشنىڭ يېنىغا ياتقۇزۇلغان سېلىمنىڭ بېشىدا ئەشمەت، قادىرچا ۋە ئايقىزلار ئۇنىڭ ئۆزۈپ - ئۆزۈپ تىنىشلىرىغا دىققەت قىلىپ تۇرۇشاتتى. مەشنىڭ ئىسسىقىدىن

هوشىغا كەلگەن سېلىم ئۇرسىز كۆزىدە ئەتراپقا قارىدى. كۆزلىرىدىن ياش سىرغىۋات-قان تولۇش، مېھرىبان چىرايلار، ئۇرغۇن قېتىملاپ ساناپ چىققان، ئۆزىنگە ياد بولۇپ كەتكەن تورۇستىكى ئەگرى - بۈگرى ۋاسلار ... بۇلارنىڭ ھەممىسى چۈش ئەمەس ئىدى. ئۇ كۆچىنىپ ئورنىدىن تۇرماقچى بولدى، ئەپسۇسكى، چۆل - جەزىرىنىڭ دەھشە-تى ئالدىدا بويى بەرمەي، چاتقاللىقلار ئارىسىدا جەبدەسلىك بىلەن يوگۇرۇپ يۈرگەن بۇ قاۋۇل ئادەمنىڭ ئەمدىلىكتە ئورنىدىن دەس تۇرۇشقا مادارى يەتمىدى. ۋىسالىدىن ئۈمىد ئۈزگەن ئايقىز كۆز ياشلىرى بىلەن ئەمدەلگەن يادىگىغۇ يۈزلىرىنى سېلىمنىڭ تۆك باسقان، يىرىك مەگزىلىرىگە يېقىپ، ئورۇق بارماقلىرىدا ئۇنىڭ دەرۋىشلەرنىڭكى-دەك پاخپايغان چاچلىرىنى، قۇرۇق ئۇستىخان بولۇپ قالغان تېنىنى، قارىداپ كەتكەن يۈزىنى سىيلاپ، ئۇنى تىنچلاندۇرماقچى بولاتتى ...

ئەشمەت قادىرچا سۇتلەپ كەلگەن چايدىن بىر ياغاچ تاۋاقا قۇيۇپ سېلىمغا قو-شۇق بىلەن ئىچكۈزگەندىن كېيىن ئۇنىڭ بەدىنىگە ئاستا - ئاستا جان كىرىشكە باشلى-دى. ئۇ تەسلىكتە ئورنىدىن تۇرۇپ، شىرداق ئۈستىگىلا سېلىنغان داستىخاندىكى بو-غۇرساقلارغا ئاچكۆزلۈك بىلەن قولىنى ئۇزاتتى. چۈنكى ئۇ بۇ يەرگە يېتىپ كەلگىچە بىر سوتكى-دىن ئوشۇق ئاغزىغا بىر چىشلەم نەرسە سالمىغانىدى.

سېلىمنىڭ قورسىقى تويۇپ، پېشانىسىدىن تەر چىقتى. ئەشمەت شۈكۈنچە ئۇنىڭغا گەپ قىلماي ئولتۇردى. ئۇنىڭ تويغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن:

— خوش، ئەمدى سۆزلىگىنە، مۇشۇ كەمگىچە نەدە يۈردۈڭ، ئانىسىدىن ئايرىلغان موزايمۇ قوتاننى ئىزدەيدۇ، سەن نېمىشقا قايتىپ كەلمىدىڭ؟ — دېدى.

ئەشمەت بىرىنىڭ كەينىدىن بىر سوئالنى قوياتتى. سېلىم جاۋاب بېرىپ ئۈلگۈرەل-مەيتتى، بىز كىتابخانلىرىمىزغا سېلىمنىڭ كېلىدىغان سودىگەرلەردىن ئۈمىد ئۈزۈپ، قايتىشنىڭ ئامالىنى تاپالماي يۈرگەندە قىشلاققا قايتقان چارۋىچىلار بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇلارنىڭ يول كۆرسىتىشى بويىچە دەشتلەرنى بېسىپ بۇ يەرنى تېپىپ كەلگەنلىكىنى ئەسكەرتىپ قويساقلا كۇپايە بولسا كېرەك.

* * *

مىلادىنىڭ 1912 - يىلى قىش قاتتىق كېلىپ، قار قېلىن چۈشكەن بولسىمۇ باھار كېلىشى بىلەنلا، زېمىن گويا كى يېشىل مەخمەلگە چۈمۈلگەندەك كۆكىرىپ بۇ يىلنىڭ مولچىلىق بولىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەردى. ئەنە شۇ يىلى ئۇزۇن يىللىق مۇساپىرلىق تۇرمۇشىنىڭ بىردىنبىر يالدامىسى سۈپىتىدە بىر يېڭى ھايات دۇنياغا ئاپىرىدە بولدى ... ئايقىز ئەشمەتنىڭ ئايالى قادىرچانىڭ ۋە مەھەللىدىكى تەجرىبىلىك ئاياللارنىڭ ھەمراھلىقىدا، بىرەر پېشكەللىككە ئۇچرىماي ساق - سالامەت بوشىنىپ ھەم-مىنى خاتىرجەم قىلدى. ئەشمەت بىلەن سېلىم خۇشاللىقىنى ئورتاقلىشىش ئۈچۈن مال سويۇپ، مېھمان چاقىردى ھەم بوۋاقا «روشەنگۈل» دەپ ئىسىم قويدى.

سېلىم ئېزىقىپ كەتكەندىن كېيىنكى كەچۈرمىشلىرىنى ئەشمەتكە ھېكايە قىلىپ بەرگەندە، جاڭگالدىكى تەبىئىي ماي بۇلاقلىرى توغرۇلۇق، مايىنىڭ خۇسۇسىيىتى توغرۇلۇق ھەۋەس ۋە قىزغىنلىق بىلەن سۆزلەپ كەتكەنلىكىنى ئۆزىمۇ تۇيماي قالاتتى. ئەشمەتنىڭ ئويىدا سېلىمنىڭ كاللىسىنى ئاشۇ جاڭگال، «ماي بۇلاق» ئايلاندۇرغاندەك ئىدى، ھاۋا ئىسسىغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ماي بۇلاقلىرىنى سېغىنىشى تېخىمۇ كۈچەيدى. كېچە - كۈندۈز كۆڭلىدىن چىقمايدىغان بولدى.

— مەن ماي بۇلاق بېشىغا بارايمىكىن دەيمەن، — دېدى سېلىم ئەشمەتنى ئىمكان بار رەنجىتىپ قويماسلىق ئۈچۈن يېلىنغان بىر تەلەپپۇزدا، — بۇ سەندىن قاچاي دېگىنىم ئەمەس، يول بىلگەن ئادەمگە بۇلاق بېشى ئانچە يىراق ئەمەس ئىكەن، تەييارلاپ قويغان ماينى ئۇدۇل كەلسە سودىگەرلەرگە، بولمىسا بۇ تەرەپكە يۆتكەپ ساتساقمۇ پايدىسى ئوبدان بولىدىكەن، ئىشقىلىپ شۇ تەرەپتىن زېمىن تۇتۇپ قويساق يامان بولماس، سەنمۇ مېنىڭ نىيىتىمنى توغرا چۈشەنگىن ...

ئەشمەت سېلىمنىڭ ئۈمىد ۋە ئىشەنچكە تولغان كۆزلىرىدىن ئەمدى ئۇنى نىيىتىدىن زادىلا ياندۇرۇپ بولمايدىغانلىقىغا تامامەن ئىشەندى.

ئۇزۇن ئۆتمەي كىتابخانلىرىمىزغا تونۇشلۇق بولغان ئەنە شۇ قارا تۆپىلىككە ئەجدادلىرىمىز تەسەۋۋۇرمۇ قىلىپ باقمىغان ئاجايىپ - ئاجايىپ مۆجىزاتلار شاھىدى سۈپىتىدە دۇنياغا كېلىدىغان زامانىۋى نېفىت شەھىرىنىڭ سىماسىنى يورۇتقۇچى، خۇددى شېرىن ئۇيقۇدا ياتقان تىمتاس ماكانىنى لەرزىگە سالغۇچى زور نېفىتچىلار قوشۇنىنىڭ يېتىپ كېلىشى ئۈچۈن ئالدىنئالا بەلگە بېرىدىغان تۇنجى چىراغ ئاددىيغىنە بىر كەپە ئىچىدە سېلىمنىڭ قولى بىلەن يېقىلدى.

سېلىم بۇ قېتىمقى سەپىرىدە ئايقىزنى قالدۇرۇپ يالغۇز كەتتى. ئۇ پەقەت ئەشمەت سوۋغا قىلغان بىر ئات، يەتتە - سەككىز قاپقان ۋە تايغان ئىتنى ئېلىپ بۇلاق بېشىغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن ئەڭ ئاۋۋال بوران - چاپقۇندىن دالدا بولالىغۇدەك يەرنى تاللاپ تۇرار جاي ھازىرلاشقا كىرىشتى. ئۇ، بىرنەچچە كۈنگىچە ئەتراپتىن شىبەن تاشلارنى يۇدۇپ كېلىپ، تۆپىلىكنىڭ كۈنگەي تەرىپىگە قازغان گەمىنىڭ تېمىنى قوپاردى، ئۇ بىر قۇر شىبەن تاشلارنىڭ ئۈستىگە قۇم شېغىللارغا ئارىلىشىپ ھاسىل بولغان ماي قېتىشمىلىرىنى خۇددى يۆگەكتەك ئوراپ ئېپكېلىپ بىر قەۋەت يايدى ۋە ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە بىر قۇر تاش ياتقۇزدى. بۇ قويۇق ماي شىبەن تاشلارنى مۇستەھكەم تۇتۇپ تۇرالايتتى. ئەنە شۇ تەرىقىدە يەردىن بىرەر مېتىر ئېگىزلىكتە كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان گەمە ئۆي ھەپتە ئىچىدە پۈتۈپ چىقتى.

— ئۇھ! — دېدى سېلىم گەمىنىڭ ئۈستىنى يېپىپ بولغاندىن كېيىن بېلىنى رۇسلىۋېلىپ، — ئايقىزنى كۆچۈرۈپ كەلگەندىن كېيىن «سۆزۈك بۇلاق» بېشىغا پېشايۋانلىق ساراي سالىمەن، قىزىم روشەنگۈل چوڭ بولغىچە بۇ يەرلەردە باغۇ - بوستانلار، بۇلبۇللار پەيدا بولىدۇ. ئاندىن ... — سېلىم قىزى روشەنگۈل ئۈچۈن سۈرۈۋاتقان شېرىن خىياللىرىغا مەست بولۇپ مېيىقىدا كۈلۈپ قويدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا بولغۇسى

نەۋرە - چەۋرىلىرى مۇشۇ زېمىننىڭ خوجايىنلىرىغا خاس خاتىرجەملىك بىلەن بىپايان چۆل - جەزىرىدە ھاسىل بولغان جەننەتلىرىدە ياىرىشىپ، خۇددى رەڭمۇ رەڭ گۈل - چېچەكلەرنىڭ شىرنىسىنى تېتىۋاتقان كېپىنەكلەردەك ئۇچۇپ يۈرگەن ھالدا نامايان بولاتتى. ئۇ ئەمدى سەرگەردانلىق ھاياتىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى، بۇ يەرنىڭ پەقەت ئۆزىگىلا تەۋە بولغان بىردىنبىر زېمىن ئىكەنلىكىنى پۈتۈن كائىناتقا جاكارلىماقچى بولغاندەك، ماي بولاقلىرى قايناپ تۇرغان قارا تۆپىلىكتىن يىراق ئۇپۇققا قاراپ «مەن ماكانسىز ئەمەس ... مانا بۇ، مېنىڭ ماكانىم ...» دەپ ئۈنلۈك توۋلىدى.

تۈنجى قېتىم جۇڭغارىيە ۋادىسىنى زىلزىلىگە سالغان بۇ شىددەتلىك ئاۋاز قاتتىق ئۇيقۇدىكى بۇ زېمىننىڭ شىۋاقلىق ئىدىرلىرىنى بويلاپ يىراق - يىراقلارغا كەتتى.

سېلىم سودىگەرلەر ئۆگەتكەن ئۇسۇل بويىچە بولاقتىن سۈزۈپ ئالغان مايلىرىنى چېپەيزە، شىخو، شاۋگەي قاتارلىق يەرلەرگە ئاپىرىپ بىرنەچچە قېتىم ساتتى. ئۇنىڭ بۇ تىجارىتى خېلى يۈرۈشتى. بۇ جەرياندا ئۇ بۇرۇنقىدەك مايىنى بىر تەرەپكە سۈزۈپ تەييارلاپ قويسىلا، ئۇنى ئۆزلىرى كېلىپ ئېلىپ كېتىدىغان خېرىدارلار بىلەنمۇ بىرەر قۇر ئۇقۇشۇپ قويدى.

ئۇ، ئۈچىنچى قېتىم تىجارىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ قايتىشىدا ئايقىزنى ماي بولاقلىرى باغرىدىكى ئۆز گەمىسىگە كۆچۈرۈپ ماڭدى. خۇددى ئۇرۇغ - تۇغقاندەك بولۇشۇپ قالغان قېرىنداشلىرىدىن، قىيىن كۈنلەردە دەردىگە دەرمان بولغان بۇ مېھرىبان ئائىلىدىن ئايرىلىش سېلىمغىمۇ، ئايقىزغىمۇ ئېغىر تۇيۇلدى. ئايقىز ئۇلار بىلەن يىغلاپ تۇرۇپ خوشلاشتى.

ئۇلار سەپەرگە چىققان چاغ جۇڭغار چۆللۈكىنىڭ ئىسسىپ ئاتەش يالقۇنغا ئايلانغان مەزگىلى ئىدى؛ ئايقىز ئانا يۇرتىدىن ئايرىلىپ چىققاندىن بۇيان خېلى ئېغىر مۇشكۇللەرنى باشتىن كەچۈرۈپ، ئۇنىڭغا كۆنۈككەن بولسىمۇ، بۈگۈن ئادەملەر تۇپىدىن ئايرىلىپ چىقىپ ئەمدىلا يەتتە ئايلىق بولغان بالىسى بىلەن ئاغزىدىن ئوت يالقۇنى چېچىپ تۇرغان دەشتى چۆلگە كېتىۋاتقانلىقىنى ئويلىسا كۆڭلىنى ۋەھىمە باساتتى. ئۇ، روشەنگۈلنى باغرىغا چىڭ بېسىپ، ئېشەك ئۈستىدە غەمكىن ئولتۇراتتى. سېلىم بولسا يېقىندىلا سېتىۋالغان بوز ئېتىغا قىيپاش مىنىپ يول باشلاپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ ئارىلاپ - ئارىلاپ ئايقىزنىڭ كۆڭلىنى ئاچماقچى بولغاندەك، ئۇنىڭغا ئىككى ياندىكى يەرلەر ھەققىدە سۆزلەپ بېرەتتى، تۇرۇپ ناخشىلارنى توۋلاپ قوياتتى.

قۇياش تەپتى سەل يانغان بولسىمۇ، لېكىن ئىسسىق شامال يۈز - كۆزلەرنى كۆيدۈرۈپ ئۆتەتتى. قىسمەت خۇددى پەقەت شۇلار ئۈچۈنلا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغاندەك، ئۇلار قىزىل جىلغىسىغا چۈشۈپ، قويۇق سۆكسۆكلار ئارىسىغا كىرگەندە «قىر ...» قىلىپ چىققان ئەنسىز يىغا ئاۋازى سېلىمنى چۆچۈتۈۋەتتى. ئۇ، دەرھال ئارقىغا بۇرۇلۇپ ئېشەكتىن يان تەرەپكە قىڭغىيىپ كېتىۋاتقان ئايقىزنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتتى. ئايقىز قولىدىن بوشاپ كېتىۋاتقان بالىنىڭ بېلىكىدىن جان - جەھلى بىلەن قامالللىۋالغانىدى.

سېلىم ئۇقتەك ئېتىلىپ كەلگىنىچە ئۇلارنى يۆلەپ ئېشەكتىن ئاستا سېيرىلدۇرۇپ

پەسكە ئالدى. ئايقىزنىڭ سېلىمنىڭ يۈزىگە تەگكەن مەڭزى ئوت بولۇپ ياناتتى. جاڭگال تۇرمۇشىغا كۆنۈپ كەتكەن سېلىم ئانچە ھودۇقماستىن، ئېگىز ئۆسكەن سۆكسۆكلەرنىڭ ئۈستىنى يېپىپ ياسىغان سايىۋەنگە ئايقىزنى ياتقۇزدى. قىزىتمىسى ئۆرلەپ كەتكەن ئايقىز ئۆزىنى ئىككى تەرەپكە ئۇرۇپ، ياقىسىنى قاماللايتتى. سېلىم ئايقىزنىڭ ئاغزىغا سۇ تېمىتتى. ئەلۋەتتە تولۇمغا قاچىلانغان سۇ پۈتۈن ئىسسىقنى ئۆزىگە سۈمۈرۋالغاندەك ئىسسىپ كەتكەنىدى. بارغانسېرى لاغىلداپ تىترەۋاتقان ئايقىزنىڭ ھالى ئەمدى سېلىمنى ئالدىرىتىپ قويدى. ھازىرقى ئەھۋالدا ئايقىزنى ئورنىدىن قوزغاش خەتەرلىك ئىدى. سېلىمنىڭ ئېچكى ئازابلىرىدىن بىخەۋەر روشەنگۈلنىڭ توختىماي يىغلاشلىرى، تىپىرلاشلىرى، خۇددى سېلىمنى مەڭگۈلۈك ئەيىبلەۋاتقاندەك، ئۇنىڭ دەردكە تولغان يۈرىكىنى رەھىمسىزلىك بىلەن مۇجۇيتتى.

ئەتىسى چىققان دەھشەتلىك بوران سېلىمنىڭ ھاياتىغا ئۇنتۇلغۇسىز بەختسىزلىك ئېلىپ كەلدى. ئۇ، روشەنگۈل بىلەن ئايقىزنى بوراندىن قوغداپ باغرىغا چىڭ بېسىپ تۇرغان بولسىمۇ، كۆڭلىنى چۈشىنىكسىز بىر ۋەھىمە بىئارام قىلاتتى. قىزىتمىسى يانغان ئايقىزنىڭ تېنى ئەمدى مىنۇتسېرى سوۋۇشقا باشلىدى. كالپۇكلىرى كۆكىرىپ كېتىۋاتاتتى. سېلىمنى ئەمدى قورقۇنچ باستى، ئۇ نېمە قىلارىنى بىلمەي بىردەم ئايقىزنىڭ قۇرۇپ كەتكەن كالپۇكلىرىغا سۇ تەگكۈزەتتى، پېشانىلىرىنى سىيلاپ ئاستا چاقىراتتى. تۈن نىسپى بىلەن چۆل بورىنى توختىدى. خۇددى شۇنى كۈتۈپ تۇرغاندەك ئايقىزنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئەڭ ئاخىرقى تىنىقمۇ ئۈزۈلدى. بۇ تۇيۇقسىز زەربىدىن سېلىم ئۆزىنى يوقىتىپ قويدى. قۇچىقىغا قىزىنى ئالغان ھالدا تىزلىنىپ ئولتۇرغان سېلىمنىڭ قۇلىقىغا نە تايغاننىڭ قاۋاشلىرى، نە بوۋاقنىڭ بوغۇلۇپ يىغلىغان ئاۋازلىرى ئاڭلانمايتتى. ئۇ جانسىز ھەيكەلگە ئوخشاپ قالغانىدى. خېلىدىن كېيىن ئۇ، ئېسىگە كەلدى، كۆزىدىن ياش دەريا بولۇپ ئاقتى، بېشىغا كەلگەن بۇ پاجىئەدىن يۈرىكى پارە - پارە بولدى.

— ئاھ، خۇدا! — دەپ ئۆزىنى مۇشلايتتى سېلىم، — نېمىشقا مېنى ئۇنىڭدىن ئايرىۋەتتىڭ، ئەمدى مەن قانداق قىلىمەن، ھېچ بولمىغاندا قۇچىقىمىزدىكى بۇ بىچارىگە بولسىمۇ رەھىم قىلىپ، ماكانىمىزغا ساق - سالامەت يەتكۈزسەڭ بولماسمىدى!؟

سېلىمنىڭ قان - زەرداب بىلەن تولغان قەلبىدىن ئۇرغۇپ چىققان مۇڭلۇق سادا چۆل كېچىسىنىڭ كۆكسىنى يېرىپ، يىراقلاردا شىددەت بىلەن چاقناۋاتقان چاقماق ئاۋازىغا سىڭىشىپ كەتتى...

روشەنگۈلنىڭ ئاچلىقتىن چىرقىراپ يىغلىشى، كۈچىنىپ تېپچەكلەشلىرى سېلىمنى ئېسىگە كەلتۈردى. ئۇ، قىزىنى باغرىغا باسقان ھالدا ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ ئۇيۇشۇپ قالغان پۇتلىرى قېتىپ قالغاندەك، خۇددى تۈگمەن تېشىنى ئېسىۋالغاندەك ئېغىر ئىدى، ماغدۇرسىز تىترەۋاتقان پۇتلىرىنى مىڭ تەسلىكتە ئورنىدىن قوزغىدى. ئۇ بوران پەسىيىۋاتقان مەزگىلدە يېقىلغان گۈلخانىنىڭ تېخى ئۆچۈشكە ئۈلگۈرمىگەن قوقاسلىرىنى چۇقچىلاۋاتقاندا، پەقەت تاقەتسىزلىك بىلەن چىرقىراۋاتقان بالىنىڭ

ئېچىنىشلىق ئاۋازى بۈگۈنكى كېچىنىڭ ماتەم جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ تۇراتتى...

سېلىم ئايقىزنىڭ مۇزلاپ كەتكەن تېنىنى بېقىپ بىر كېچىنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزدى، ئۇنىڭ قۇچىقىدىكى بوۋاقلا ئۆزىنىڭ بىر خىلدا چىرقىراۋاتقان يۇمشاق ھەم يەڭگىل تىنىقلىرى بىلەن سېلىمنىڭ كۆكرىكىنى يىلىتىپ تۇراتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ كېلىچەك تۇرمۇشى توغرىسىدا سۈرگەن شېرىن خىياللىرىنىڭ بىر يولىلا بەربات بولغانلىقىغا تولۇق ئىشەنچ قىلالمىغاندەك، ئايقىزنىڭ چۇۋۇلغان چاچلىرىنى، قېتىپ قالغان يۈزلىرىنى سىيلايتتى.

تاڭ سۈزۈلۈشى بىلەن تەڭ تايغان ئىت تىنىمسىزلىنىپ قالدى. ئۇ گاھ غىڭشىپ، گاھ قاۋاپ ئەتراپنى ئايلىنىپ يۈرەتتى. بارا - بارا ئۇنىڭ قاۋاشلىرى كۈچىيىپ، ئاخىرى خۇددى بىرەر ئۆلجىنى ئىلغا قىلغاندەك، ئېتىلىپ چىقىپ كەتتى. ھايال ئۆتمەي ئانچە يىراق بولمىغان يەردىن ئاڭلىنىۋاتقان ئىتلارنىڭ تالىشىشلىرى سېلىمنى خىيالدىن سەگىتتى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئاۋاز كەلگەن ياققا قارىدى. توپا - چاڭ كۆتۈرۈلۈۋاتقان قويۇق سۆكسۆكلۈكلەر ئارىسىدىن بىرنەچچە ئاتلىق ۋە ھارۋىلىق ئادەملەر بۇ تەرەپكە يېقىنلاۋاتاتتى.

سېلىمنىڭ ئالدىغا ئەڭ ئالدى بىلەن قارا ساقاللىق، گەۋدىلىك بىر ئادەم نوختىلىرى گۈللۈك پۆپۈكلەر بىلەن زىننەتلەنگەن قارا ئارغىماقنى يورغىلىتىپ يېتىپ كەلدى، ئۇ، يەردە سۇنايلىنىپ ياتقان، ئېگىكى چېتىپ قويۇلغان بىر ئايال بىلەن ئايالنىڭ يېنىدا قۇچىقىدىكى بوۋاقنى مەڭزىنى ياققان ھالدا تىزلىنىپ ئولتۇرغان، ئۈستى - بېشى چاڭ - توزانغا كۆمۈلگەن، چىرايى قايغۇلۇق يىگىتنى كۆرۈپ ئەھۋالىنى دەرھال چۈشەندى. شۇڭا ئۇ ئارقىسىدىكى ھەمراھلىرىنى تېزرەك يېتىپ كېلىشكە قول ئىشارىسى قىلدى - دە، ئۆزى ئاتتىن چۈشۈپ، ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىنى تىزىغا باستۇرغان ھالدا، ئايقىز ياتقان يەردىن ئىككى چامدامچە نېرىغا تىزلاندى.

ئىنسان قەلبىنىڭ قات - قېتىنى تىترىتىپ ئۆتىدىغان قىرائەتنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازى سېلىمنىڭ ۋۇجۇدىدا قانداقتۇر بىر خىل ۋەھىمىلىك سېزىم پەيدا قىلدى. ئۇ كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئالغان ھالدا بېشىنى ئاستا كۆتۈرۈپ ئالدىدىكى ئادەملەرگە قارىدى. ئۇنىڭ غۇۋالاشقان كۆزلىرى ساقاللىق ئادەمنىڭ قىرائەتلىرىگە دىققەت قىلىپ، باشلىرىنى تۆۋەن ساڭگىلاتقىنىچە تىزلىنىپ ئولتۇرۇشقان تۆت - بەش ئەر كىشىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئات - ھارۋىلىرى توختىتىلغان يەردە كۆز ئالدىدىكى بۇ ئېچىنىشلىق پاجىئەگە چوڭقۇر قايغۇرۇۋاتقان بىر ئايالنى تەستە پەرق ئەتتى.

ساقاللىق كىشى دۇئا - تەكبىرنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن، ئورنىدىن تۇرۇپ ئەڭ ئاۋۋال سېلىم بىلەن كۆرۈشتى. سېلىم بۇ كىشىلەرنىڭ ئىچىدە ئۆز ھاياتىغا بۈگۈنكىدەك قىسمەتنىڭ كېلىشىگە سەۋەبچى بولغان ۋە بىر چاغلاردا ئۇنى ئۆلۈم گىردابىدىن قايتۇرۇپ ئەكەلگەن كىشىنىڭ بارلىقىنى ئەلۋەتتە بىلمەيتتى. قارا ساقاللىق ئادەم ئۇنى تونىدى، ئەينى چاغدا قىزىل دوپپا كىيىپ كەلگەن بۇ ئادەم سېلىمغا تونۇشلۇق بەرمەكچى، ھۇزۇرخالىق قويماقچى ھەمدە سېلىمنى قالدۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن،

چۆچەك يولىدا بۇلاڭچىلارغا ئۇچراپ ئۆز جېنىنى ئاران دالدىغا ئېلىپ، ئىلىغا قاچقانلىـ
قى ھەققىدە چۈشەنچە بەرمەكچى بولدى - يۇ، لېكىن دەرد - ئەلەمنىڭ زەربىسىدىن
پارتلايلا دەپ تۇرغان يىگىتنىڭ يۈرىكىنى قايتىدىن ئازابلاپ ئولتۇرۇشنى خالىمىدى.
قۇياش ئۇپۇق يېرىپ چىقىش بىلەن تەڭ زېمىننىمۇ يېلىنجاشقا باشلىدى. بۇ
بۈگۈنكى ئىسسىقنىڭ تېخىمۇ كۈچلۈك بولىدىغانلىقىدىن ئالدىن بېرىلگەن بېشارەت
ئىدى. قارا ساقاللىق ئادەمنىڭ مەسلىھەتى بىلەن ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئايىقىزغا يەرلىك
كولىدى، ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى قولمۇ قول تۈگەتتى. شۇنداق قىلىپ، مۇشتەك تۇرۇپ
ئانا مېھرىدىن مەھرۇم قالغان، بۇرۇنقىدەك كۈچلۈك تېپىرلاشلىرىمۇ سۇسلىشىپ قالـ
غان بالىسىنى چىڭ قۇچاقلاپ تۇرغان سېلىم ئۆز مەھبۇبىسى، سەرسانلىق ھاياتىنىڭ
سادىق ھەمراھى بىلەن مەڭگۈلۈك ۋىدالاشتى. ئۇلار ئايقىزنىڭ قەبرىسى ئالدىدىن تۇر-
غاندا نېمىشقىدۇر خېلىدىن بېرى تاقەتسىزلىنىپ تۇرغان ھېلىقى ئايال سېلىمنىڭ ئالـ
دىغا كېلىپ ئۇنىڭ قۇچىقىدىكى بالىغا قول ئۇزاتتى:
ــ كۆڭلىڭىزگە كەلمىسە بۇ بالىنى مېنىڭ ئېلىپ قالغۇم كېلىۋاتىدۇ، ــ دېدى
ئايال سېلىمنىڭ ئازابتىن قىزارغان كۆزلىرىگە قاراپ، ــ ئۆزىڭىزنىڭ ھازىرقى دەردىمۇ
يېتەرلىك، ئايال كىشىسىز بۇ بالا بىلەن سىزگە ئېغىر، قاراڭ، بىچارە بالىمۇ بوشىـ
شىپلا كېتىپتۇ...
سېلىم بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئايالغا قاتتىق بىر ھومايدى. ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى
ئاچچىقتىن لاغىلداپ تىترەۋاتاتتى. ئۇ، ئۆزىنىڭ دۇنيالىقتىكى بىردىنبىر جان
تومۇرى بولغان روشەنگۈلنى باغرىغا تېخىمۇ چىڭراق باستى.
شۇ ئەسنادا قارا ساقاللىق ئادەم سېلىمنىڭ يېنىغا كەلدى.
ــ بۇرادەر، ــ دېدى ئۇ مۇلايىملىق بىلەن، ــ قارىغىنا، بالىنىڭ لەۋلىرى گەز باغلاپ
كېتىپتۇ. بالىغا ئىسسىق ئۆتۈپ كېتىشتىن خۇدايىم ساقلىسۇن، ئۇ كۆتۈرەلمەيدۇ. بۇ مېنىڭ
ئايالىم، ــ ساقاللىق ئادەم يېنىدىكى ھېلىقى ئايالنى كۆرسىتىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇر-
دى، ــ ئۇنىڭ دېگىنىدەك سەن بۇنىڭ ھۆددىسىدىن قانداق چىقالايسەن؟ ياق دېسەڭ بۇمۇ
ئۆزۈڭنىڭ كۆڭلى، لېكىن بۈگۈنكى ئىسسىقنىڭ ئەھۋالىدىن قارىغاندا، بالىنىڭ ھالى
كەچكىچىلا مەلۇم بولىدۇ. ئۇ ھامان ئانىغا موھتاج، جېنىم قېرىندىشىم...
قارا ساقاللىق ئادەم بىلەن ئۇنىڭ ئايالىنىڭ يالۋۇرۇشلىرى، ئايقىزنىڭ ئىسسىق
ئۆتكۈزۈۋېلىپ تويۇقسىز قازا قىلىشى قاتارلىق ئىشلار ئاخىر سېلىمنىڭ كۆڭلىنى يۇم-
شاتتى. ئۇ نارەسىدىنىڭمۇ جېنىغا زامىن بولۇپ قالماسلىق ئۈچۈن ساقاللىق ئادەمنىڭ
سۆزلىرىگە ئىشەنگەن ھالدا تىترەپ تۇرغان قولى بىلەن قىزىنى ئايالغا تاپشۇردى ۋە
يانچۇقىدىن مەرھۇم ئانىسىدىن قالغان بىر جۈپ ھالقا بىلەن ئۈزۈكنى ئېلىپ ساقاللىق
ئادەمنىڭ ئالدىغا قويدى...
يولۇچىلار روشەنگۈلنى ئېلىپ يولغا راۋان بولدى، يالغۇز قالغان سېلىم قەبرە
بېشىدا ئۈچ كېچە - كۈندۈزنى ئۆتكۈزۈپ، ماي بۇلاقلىرى تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى.
شۇندىن تارتىپ بۇ جايدا ئولتۇراقلىشىپ قالغان سېلىم ئۆز قىزىدىن ئۇزاق يىللارغىچە

ئايرىلغانلىقىنى، بۇ كىشىلەرنى بولسا ئۆمۈرۋايەت كۆرەلمەيدىغانلىقىنى زادىلا ئويلىمىغانىدى.

## ئاش بەرگەن قازاننى چاقما، ئوغلۇم

قۇشلار مېنىڭ مۇڭدىشىم،
ئېشەك بولدى قولدىشىم.
نە قىلاي بۇ چۆلدە مەن،
بولمىسا بىر يولدىشىم.
(سېلىم بوۋاي قوشاقلىرىدىن)

توغراق، يۇلغۇن، سۆكسۆكلەر بىلەن قاپلانغان بۇ بىپايان چۆللۈكنىڭمۇ ئۆزىگە يارىشا گۈزەللىكى، كۆڭۈللۈك پەسىللىرى بار. ياز كېلىپ توغراق، يۇلغۇنلار يېشىللىققا پۈركەنگەن چاغدا چۆل تورغايلىرى خۇددى ئىلىنىڭ بۇلبۇللىرىدەك ناھايىتى يېقىملىق سايرىشىپ بۇ تىمتاس چۆللۈكنى جانلاندۇرۇۋېتىدۇ. ئۇلار بىرەر تىۋىشنى سەزسىلا دەرەخ شاخلىرىدىن پۇررىدە ئۇچۇپ چىقىپ ئېگىز كۆتۈرۈلىدۇ-دە، خۇددى بىمەھەل ئۇيقۇسى بۇزۇلغان ئادەمنىڭ غۇدۇراشلىرىدەك مۇڭلۇق سايرىشىپ كېتىدۇ. توپ-توپ بولۇپ ئوتلاپ يۈرگەن كىيىك-جەرەنلەرمۇ بۇ ۋادىنىڭ ھەقىقىي ئىگىلىرى. ئۇلار ئۇزاق زامانلاردىن بېرى ئۇيقۇدا ياتقان بۇ ماكاننىڭ تىنچلىقىنى بۇزغۇچى ھەر بىر يات ساداغا قۇلاقلىرىنى دىڭگايتىپ، كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ دىققەت قىلىشىدۇ. ئاندىن تۇۋۇنقى ئاستىدىن ئاچچىق شور توپىنى توزۇتۇپ كۆزدىن غايىب بولىدۇ. ئۇلار پەقەت بىرلا ئادەمگە — 30 يىلدىن بۇيان مۇشۇ جاڭگالنى ماكان تۇتۇپ، دەشتىنىڭ ھەممە مۇشەققىتىنى ئۆزلىرى بىلەن تەڭ تارتىپ كېلىۋاتقان سېلىم بوۋايغا كۆنۈك، ئۇنىڭدىن ئۈركۈمەيدۇ.

مانا مۇشۇ سېھىرلىك چۆلنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدىن بىر كارۋان يولى كېسىپ ئۆتكەن. بۇ يول چىڭگىس بويلاپ سوزۇلۇپ ئۇپۇق قوينىغا كىرىپ كېتىدۇ. بۇ يول پەقەت بىر كىشىنىڭ ئۆزەمەي مېڭىشى، چىڭدىشى ئارقىلىق پۈتكەن. بۇ دەسلەپ يالغۇز ئاياغ چىغىر يول ئىدى. ھازىر بولسا ئىككى ئات سۆرەيدىغان تارانچى ھارۋىسى ماڭىدىغان چوڭ يولغا ئايلاندى. بۇ يول گاھى جايلاردا خېلىلا ئېنىق بىلىنسە، گاھى جايلاردا يوقاپمۇ كېتىدۇ. لېكىن بۇ يولنىڭ كارۋىنى يول بويىدىكى قېرى توغراق، ئېگىز-پەس قۇم بارخانلىرى، قىزارغان يۇلغۇنلۇق، يىراقتىكى تۆپىلىكلەرگە قاراپلا يولدىن ئاداشماي ماڭىدۇ.

مانا، بۈگۈنمۇ مۇشۇ يولنىڭ دائىملىق كارۋىنى مەنزىلىدىن چىقىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ئېتىنىڭ ئايىغىدىن كۆتۈرۈلگەن سۇس توزان تىنىق ھاۋاغا ئۆرلەپ، يول باشلىغۇچى ئاتنىڭ بويىنىدىكى تۇچ قوڭغۇراق جىمجىتلىقنى بۇزۇپ كەلمەكتە. بۇ كارۋانغا

كۆنۈكۈپ كەتكەن كىيىك ۋە جەرەنلەر بىر يەرگە توپلىشىپ، قۇلاقلىرىنى دىڭگايتىپ كارۋاننىڭ سەپىرىگە ئاق يول تىلىگەندەك قاراپ تۇرۇشاتتى. چۆل تورغايلىرى بولسا ھاۋادا مۇڭلۇق نەغمە قىلىشماقتا. كارۋان ئىگىسى ئۆزىنىڭ بوز ئېتىغا يېنىچە ئولتۇرۇپ تەبىئەتتىن ھۇزۇرلىنىپمۇ ياكى دەم ئالىدىغان ھېلىقى قېرى توغراققا يېقىنلاشقانلىقىنى سەزگەنلىكىدىنمۇ ئەيتاۋۇر قورۇق باسقان چىرايىدا مەمنۇنىيەت، كۆزىدىن شادلىق ئۇچقۇنى چاچرىدى. ئۇ بەلبېغىغا قىستۇرۇۋالغان ناسۋال قاپىقىنى ئېلىپ بىر چېكىم ناسنى ئالقىنىغا تۆكتى - دە، كالپۇكلىرىنىڭ ئاستىغا پەم بىلەن تاشلاپ، تىلى بىلەن باستى، شۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆزى يېنىدا سوكۇلداپ كېلىۋاتقان تايغان ئىتىغا چۈشتى. بۇ ئىگىسىگە مەڭگۈ سادىق جانىۋار قىزىشقا باشلىغان چۆللۈكتىن زارلىنىپمۇ ياكى ئۇزۇن يولنىڭ جاپاسىدىن ھارغىنلىق يەتكەنلىكىدىنمۇ ئەيتاۋۇر تىلىنى ئۇزۇن چىقىرىپ سوكۇلداپ كەلمەكتە. ئۇنىڭ تۇرۇپ - تۇرۇپ غىڭشىپ قويۇشلىرى، بەزىدە كېيىن قېلىپ، بەزىدە ئالدىغا ئۆتۈپ ئۇنى - بۇنى پۇراپ قويۇشلىرى كارۋان ئىگىسىنىڭ يۈرىكىنى ئېچىشتۇردى.

— ساڭا كۆپ جاپا سېلىۋاتىمەن يولۋاس، — دېدى ئۇ ئىتىغا ئىچ ئاغرىتقان ھالدا، — مەن نەگە بارسام سەنمۇ شۇ يەرگىچە بېرىۋاتىسەن. مەن ئات ياكى ئېشەك بىلەن ماڭىمەن، بىراق سەن ئاشۇ ئىنچىكە، ئاجىز پۇتلىرىڭنىڭ كۈچىگە تايىنىسەن. مېنىڭ بۇ تۈگىمەس سەپىرىمنىڭ ئاچچىق تەمىنى پەقەت سەنلا بىلىسەن. كېچىلىرى مەن ئۇخلىسام سەن كۆزەتتە تۇرىسەن، بولاق بېشىدا سېنى يالغۇز قويۇشقا كۆڭلۈم ئۇنىمايدۇ، چۈنكى مەن بولمىسام سەن ئاچ قالىسەن. ساڭا نېمىلا قىلسام ئەرزىيدۇ جۇمۇ.

تايغان ئىت ئىگىسىنىڭ كۆڭلىنى چۈشەنگەندەك سوكۇلداپ كېلىپ، ئۇنىڭ پۇتلىرىغا سۈركەلدى.

— دادا، مەنزىلگە يېتەي دېدۇقمۇ؟ — تۇيۇقسىز چىققان زىل بىر ئاۋاز بوۋاينىڭ خىيالىنى ئۈزدى.

— ئاز قالدۇق بالام، بىرەر ئاش پىشىمدا يېتىپ بارىمىز.

بالا جىم بولدى. بوۋاي شۇ چاغدا ئۆزىدە بىر خىل يېڭى سېزىم پەيدا بولغانلىقىنى، بۇ سېزىم پۈتۈن ۋۇجۇدىنى تىترىتىپ، شادلىقتىن يايرىغان قەلبىنى لەرزىگە سالغانلىقىنى ھېس قىلدى. نېمە دېگەن ئۇلۇغ ۋە قۇدرەتلىك سۆز ھە؟! مەن خاتا ئاڭلىمايۋاتىدىغاندىمەن؟! بۇ سۆزنى مېنىڭ قۇلىقىمغا پەرىشتە تۇۋلىمىغاندۇ؟! بوۋاي ئۇزۇنغىچە ھاياجىنىنى باسالمىدى. چۈنكى بۇ سۆزنى 60 قا كىرگەن بوۋاي تۇنجى قېتىم ئاڭلاۋاتاتتى. «دادا» دېگەن سۆزنى ئاڭلاش ئادەتتىكى بىر ئىش. لېكىن بۇ سۆزنى تۇنجى قېتىم ئاڭلاش نەقەدەر يېقىملىق - ھە! ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ سۆز ئەمدىلا تىلى چىققان بوۋاقنىڭ ئاغزىدىن ئەمەس، 15 ياشلىق بىر ئۆسمۈرنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتاتتى. «ئاھ، سېلىم، — دەپ پىچىرلىدى بوۋاي يۈزىگە دومىلاپ چۈشكەن ياشنى قولىنىڭ كەينى بىلەن سۈرتۈپ، — سېنىڭمۇ دادا دېگەن سۆزنى ئاڭلايدىغان كۈنۈڭ

بار ئىكەن. جۇماننى ماڭا يېپىشمايدۇ، مېنىڭ ئىشىمغا كۆنمەيدۇ دەپ خاتا ئويلىغانىكەنمەن. دادا دېگىنى ماڭا مايىل بولدى دېگەن گەپ. نېمە دېگەن قۇدرەتلىك سۆز بۇ؟! ئىككى يىل ئەگەشتۇردۇم، ئىككى يىل كۈتتۇم، ئاخىرى ئەيۋەشكە كەلدى بۇ بالا. خۇدايىم بۇيرۇسا بىر نەچچە قېتىم بىللە مېڭىپ ئاندىن كېيىن ئۆزىنى ماڭغۇزىمەن. ئوغۇل بالا بولغاندىن كېيىن پىشسۇن-دە. مەن بۇنچىلىك ۋاقتىمدا باينىڭ پادىسىنى يېرىم كۈنلۈك يىراقلىقتىكى تاغ ئارىسىغا ئاپىرىپ باقىدىغان. يامغۇر-يېشىندا تاشلارنىڭ دالدىسىدا، سۆگەتلەرنىڭ دالدىلىرىدا مۆكۈنۈپ، يانتاق ياكى يۇلغۇن سايىسىدە ئۇخلايدىغان. بۇنىمۇ ئاشۇنداق چىدامىلىق ئادەم قىلىپ تەربىيىلەش كېرەك. شۇندىلا بۇ سايىنىڭ جاپاسىغا چىدايدىغان بولىدۇ. لېكىن ئۇ مەن تارتقان جاپالارنى تارتمىسۇن. بولسا بىر تارانچى هارۋىسى ئېلىپ بېرەي. مەن تارتقان يول ئازابىغا بۇ چىدىمايدۇ. ئېشەكتە ماڭغاندىن هارۋىلىق ماڭسۇن-دە...»

هۆرمەتلىك كىتابخانلىرىمىز بۇ قۇرلارنى ئوقۇۋېتىپ «بۇ نەدىن كەلگەن بالا؟» دەپ سورىشى مۇمكىن. توغرا، ئايقىز ۋاپات بولۇپ، كىچىككىنە روشەنگۈلنى يولۇچى سودىگەر ئېلىپ كەتكەندىن كېيىن سېلىم ئۇزاق يىللارغىچە يالغۇز ياشىدى. ئۇ ياز ئايلىرىنى مايبۇلاقلىرىنىڭ قېشىدا ماي سۈزۈش، بۇلاق كۆزلىرىنى ياساش، سۈزۈلگەن مايلارنى جەرەن تېرىسىدىن ياسالغان تۇلۇملارغا قاچىلاپ يۇرت-يۇرتلارغا ئاپىرىپ سېتىش بىلەن ئۆتكۈزسە، قىش پەسلىنى ئاساسەن «قارا سۇ» دا جانجىگەر دوستى ئەشمەتلەرنىڭ يېنىدا تۇرۇپ ئۆزىتاتتى. ئەشمەت ئولتۇرۇۋاتقان ئالتە ئېغىزلىق مۇشۇ هويلا، باغ سېلىم بوۋاينىڭ هالال ئەمگىكىنىڭ مەهسۇلى. لېكىن ئۇ ئەشمەتنىڭ «سېلىم، بولدى ئەمدى، قېرىدىڭ، پۇلنىمۇ تاپتىڭ، ئەمدى جاڭگالنى تاشلاپ، مۇشۇ يەردە تاپقىنىڭنى يەپ يات» دېگەن مەسلىهەتىگە كۆنمىدى. چۈنكى ئاشۇ بۇلاقلارغا ئۇ خۇددى ئانا پەرزەنتىگە ئىچىككەندەك ئۆگىنىپ كەتتى، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ چىدىمايدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن ئاشۇ چۆلدە ئۇنىڭ ۋاپادار يولدىشى ئايقىزنىڭ قەبرىسى بار، ئۇ بۇ جاپاكەش هەمراهىنىڭ روهىنى قانداقمۇ يالغۇز تاشلىۋېتىدۇ. بۇنى پەقەت سېلىم ئۆزىلا بىلىدۇ.

ئەشمەت بىلەن ئايالى سېلىمنى يېنىپ كېلىشكە كۆندۈرەلمىگەندىن كېيىن ئۇنى ئۆيلەپ قويۇش غېمىغا چۈشتى. مەهەللىدە ئاتۇشتىن چىققان لەيلىخان ئىسىملىك تۇل ئايال بولۇپ، ئۇنىڭ 12 ياشلارغا كەلگەن جۇمان دېگەن ئوغلى بار ئىدى. ئەشمەت سېلىمدىن يوشۇرۇن هالدا لەيلىخاننى ماقۇل قىلدى. كېيىن سېلىمنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قويماي ئۇلارنىڭ بېشىنى چېتىپ قويدى. بوۋايغا هەمراه بولۇپ كېلىۋاتقان ئوغۇل ئاشۇ لەيلىخاننىڭ ئوغلى جۇمان ئىدى.

ئۇلار قېرى توغراق تۈۋىدىكى ئۆتەڭگە يېتىپ كەلگەندە كۈن ئىكىلەشكەن بولۇپ، ئەتراپ تونۇردەك قىزىشقا باشلىغانىدى.

— ئاۋۋال تۇلۇملارنى چۈشۈرۈۋېتەيلى، — دېدى سېلىم بوۋاي ئېتىدىن چۈشۈپ، — بۇ جانىۋارلارمۇ ئارام ئالسۇن.

ئۇلار بىر - بىرىگە ياندىشىپ تۇرۇپ يەتتە ئېشەكنىڭ ئۈستىدىكى 14 تۇلۇمنى يەرگە چۈشۈردى. توغراقنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىكى قېرى يۇلغۇن تۈۋىگە كولانغان گوداڭغا بېسىلغان بېدىدىن ئېلىپ ئېشەكلەرنىڭ ئالدىغا تاشلىدى. جۇمان خۇددى چوڭ كىشىلەردەك گوداڭدىكى بېدە ئورنىنى يۇلغۇن شاخلىرى بىلەن پۇختىلاپ يېپىپ باستۇردى. ئۇنىڭ بۇ ئىشلىرىنى ھېرىسمەنلىك بىلەن كۆزىتىپ تۇرغان سېلىم بوۋاي ئېشەكلەرنىڭ ئۈستىدىكى ئەيلەنگەن جەرەن تېرىلىرىنى ئېلىپ يەرگە سېلىۋېتىپ «يارايسەن بالام، مەن دېگىنىمنى قىلىدىغان ئادەممەن. ھارۋا قىلسام بۇ ئون تۆت تۇلۇم بىر ھارۋىغىلا سىغىدۇ. بىر ھارۋىغا ئىككى ئات قوشساق ئۇ چاغدا بوغۇزمۇ، يەم - خەشەكمۇ تېجىلىدىكەن، ئېدىتلىق بولىدىكەن» دېگەنلەرنى ئويلاپ ئولگۈردى.

— كېلە بالام، — دېدى سېلىم بوۋاي خۇرجۇنىنى ئېلىپ توغراق سايىسىگە كەلگەندىن كېيىن چېچىلغان بېدىلەرنى يىغىپ يۈرگەن جۇمانغا قاراپ، — ئاۋۋال قورساقنى ئەستەرلىۋالايلى.

جۇمان قولىدىكى بېدىلەرنى ئېشەكلەرنىڭ ئالدىغا تاشلاپ بوۋاينىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى. بوۋاي خۇرجۇنىدىن چاي قاچىلىغان قاپاقنى ھەمدە سۆرلەنگەن جەرەن گۆشى بىلەن تونۈگۈن ئۆزىنىڭ 30 يىللىق ماكانى — بۇلاق بويىدىكى گەمىدە قازانغا چاپلاپ پىشۇرۇۋالغان قاتلىمىسىنى ئېلىپ خۇرجۇنىنىڭ بىر پېشىغا قويدى.

— مېنىڭ 30 نەچچە يىللىق ئۆمرۈم مۇشۇنداق ئۆتكەن بالام، — دېدى ئۇ جۇماننىڭ ھارغىن چىرايىغا كۆز سېلىۋېتىپ، — ئۆيدە تۇرىدىغان ۋاقتىمدىن يول ماڭىدىغان ۋاقتىم كۆپ. نېمىشقا دەمسىنا؟! بىلمەيسەن - دە بالام، بىلمەيسەن. مەن مۇشۇنداق ماڭمىسام بۇ مايلار خېرىدارنىڭ قولىغا ئۆزى بارامدۇ؟! سېنى ئىزدەپ كېلىپ ماي ئالىدىغان خېرىدار بەك ئاز. چۈنكى ماي بۇلاقلىرىمىز يۇرتتىن يىراق. نەچچە كۈنلۈك يولغا بىز چىدىغان بىلەن ئۇلار چىدىمايدۇ. ھەر كىمنىڭ رىسقى - نېسىۋىسى مانا شۇنداق قىيىن يوللار ئارىسىغا كۆمۈلگەن بالام.

— شۇنچىۋالا ئۆي - جايىمىز، يەرلىرىمىز بولغاندىن كېيىن ئۇ بۇلاقلارنى تاشلىۋەتسەك بولمامدۇ؟! بۇنداق ئۇزۇن يولنى مېڭىپ پۇل تاپقاندىن يەرلىرىمىزگە ئاش تېرىساق...

— شۇمۇ گەپمۇ؟ — بوۋاينىڭ قاپىقى تۈرۈلۈپ جۇماننىڭ سۆزىنىڭ بېلىگە تەپتى، — ئاش بەرگەن قازاننى چېقىش نائەھلىنىڭ ئىشى. مەن ئۇنداق نائەھلى بولمايمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن بۇ ئىشقا كۆنۈپ قالغانمەن. بىلسەڭ، ئۇ ماي بۇلاقلىرى جىرىڭلاپ تۇرىدىغان ساپ ئالتۇن بالام، ئېسىڭدە بولسۇن، مەن ئۆلۈپ كەتسەم ئاشۇ زېمىنغا سەن ئىگىدارچىلىق قىلىسەن. ئەگەر ئۇنى مەندىن كېيىن تاشلىۋەتسەڭ گۆرۈمدە تىنك ئولتۇرىمەن جۇمۇ.

بالا بۇ گەپلەرنى چۈشەنمىگەندەك كۆزىنى چىمچىقلاتقىنىچە بوۋايغا تىكىلدى. بوۋاينىڭ كۆزىدە ئۆتكۈر بىر نۇر — زېمىن ئىگىسىنىڭ كۆزىدە بولىدىغان ئىپتىخارلىق نۇرى چاقناپ تۇراتتى. كىچىككىنە جۇمان يۈرەكنى جىغىلداتقۇچى، ئىرادە ۋە

قەيسەرلىكىنىڭ جۇغلانمىسى بولغان بۇ ئۇرغا بەرداشلىق بېرەلمىگەندەك بېشىنى ئەگدى. سېلىم بوۋاي ئۆز سۆزىنىڭ جۇمان قەلبىدىكى ئەكس تەسىرىنى كۆرگەندىن كېيىن، باشقا گەپنىڭ ئورۇنسىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ بېلىدىكى ناسۋال قاپىقىغا قول ئۇزاتتى.

## يولۇمنى توسما

يارىم ياتقان قەبرىنى
كۈندە نەچچە ئايلاندىم.
گۆرۈم كولاپ يېنىغا،
بۇ چۆللۈككە باغلاندىم.
(سېلىم بوۋاي قوشىقىدىن)

— مەن ئىشەنمەيمەن، — دېدى سېلىم بوۋاي ئايالى لەيلىخان چىقىپ كەتكەندىن كېيىن جۇمانغا قاراپ، — بىر ئاي ئۆتە - ئۆتمەي شىخونى ئۇنداق قالايمىقان بولۇپ كەتتى دېگەنگە كىم ئىشىنىدۇ؟!

— شۇنداق بولسىمۇ بۇ قېتىم بارمايلى، دادا. شامال چىقمىسا دەرەخ لىڭشىمايدۇ، بىرەر ئىش بولمىسا ئاپام بۇنداق جىددىيلەشمەيتتى. مايىنى بۇ يەرگە تاشلاپ كەتسەك جاھان سەل تىنچىغاندا ئەشمەت ئاكام ئاپىرىپ بەرسە ئوخشاش ئەمەسمۇ؟

— ئۇنداق دېگىنىڭ بىلەن بىزنىڭ توختام كۈنىمىز توشقان تۇرسا، سەن بىلمەيسەن. ھېلىمباي تەرسا ئادەم، مالنى كېچىكتۇردۇڭمۇ، بولدى، ۋاقتىدا ئەكەلمىدىڭ دەپ پۇلدىن قىسىدۇ. ئەڭ ياخشىسى ئاپىرىپ بەرگىنىمىز تۈزۈك. مۇنداق بولسۇن. سەن ئاپاڭ بىلەن بۇ يەردە قېلىپ بىر نەچچە كۈن ئارام ئال، مەن بۈگۈن كېچە يولغا چىقاي. خۇدايىم بۇيرۇسا بىر نەچچە كۈندىن كېيىن سىلەر بىلەن تىنچ - ئامان دىدارلىشارمەن. مەن خەققە چېقىلمىسام ئۇلارنىڭ مەن بىلەن نېمە ئىشى...

سېلىم بوۋاينىڭ سۆزىنى ئەشمەتنىڭ كىرىپ كېلىشى بۇزدى. ئۇنىڭ چىرايى جىددىيلەشكەن، كۆزىدە بىسەرەمجانلىق ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. ئىنىقكى سېلىم بوۋاينى ئۆز گېپىگە كىرگۈزەلمىگەن لەيلىخان، بوۋاينىڭ دىلكەشى ئەشمەتنى چاقىرىپ كەلگەنىدى.

— سېلىم باي، — دېدى ئەشمەت تال باراڭ ئاستىدىكى سۇپىغا كېلىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن قولىدىكى قامچا دەستىسى بىلەن كىگىز قالپىقىنى ئېگىزرەك كۆتۈرۈپ قويۇپ، — ئاياللىڭ ھېچقاچان سېنىڭ زىيان تارتىپ قېلىشىڭنى خالىمايدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن سېنىڭ بىرەر خېيىم خەتەرگە يولۇقۇپ قېلىشىڭنىمۇ خالىمايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭغا كېرىكى سېنىڭ تىنچ - ئامانلىقىڭ. نېمىشقا بۈگۈن يەنىلا جاھىللىق قىلىسەن؟

— ئەشمەت، سەن بىلىسەنغۇ؟ — دېدى سېلىم بوۋاي بىر چېكىم ناسنى كالپۇكىغا ئېتىپ تۇرۇپ، — ھېلىم باي مەندىنمۇ تەرسا ئادەم. مۇشۇ ئىش تۈپەيلىدىن توختامنى بىكار قىلدۇرۋەتسە شىخودىكى سودامنىڭ قۇيرۇقى كېسىلىدى دېگەن گەپ، ئەمدى مەن قاراپ تۇرۇپ ...

— كۆڭلۈڭنى چۈشىنىمەن. لېكىن ھازىر ھېلىم بايلارنىڭمۇ بۇ مالىمانچىلىقتىن قېچىپ كىرىدىغان تۆشۈك تاپالماي يۈرەمدۇ تېخى. نېمىشقا دەمسىلا؟! ئوتقا چۈشسە قۇرۇق ئوتۇنمۇ، ھۆل ئوتۇنمۇ كۆيىدۇ. باي دېگەننىڭ جېنى بەك تاتلىق، مال ـ دۇنياسى ئۇنىڭدىنمۇ تاتلىق، ھازىر ئۇمۇ جان قايغۇسىدا يۈرۈيدىغاندۇ.

— بۇ مالىمانچىلىق نەدىن پەيدا بوپتۇ؟ — دېدى سېلىم بوۋاينىڭ تەتۈرلۈكى تۇتۇپ، — ئۇلار نېمە قىلماقچىكەن؟

— نەدىن پەيدا بولدى دەمسەن؟ — ئەشمەت كۈلۈۋەتتى، — سەنزە سېلىم باي قىزىق ئادەمسەن ـ دە، سەن ئاشۇ بولاقلىرىڭنىڭ يېنىغا چۆكۈۋېلىپ دۇنيادىن خەۋەرسىز ياشايسەن جۇمۇ، ئىلى، ئالتاي، چۆچەك تەرەپلەردىن مىللىي ئارمىيە كەلگەنمىش، ئۇلار ھازىر ئۆز تەۋەسىنى ئازاد قىلىپ، ئەمدى بۇياقلارغا ھۇجۇم قوزغىغان ئوخشايدۇ. پەمىمچە سىلەرنىڭ يۇرتلارغىمۇ ئۆتىدىغان چېغى.

— ھە، مۇنداق دېگىن، — بوۋاينىڭ ئۆشكە ساقىلى ھاياجاندىن تىترەپ كەتتى. كۆزلىرى چاقناپ بۇرۇن چاناقلىرى كېڭەيدى، — جەنۇب تەرەپكىمۇ ئۆتسە بۇ ئارمىيە خېلى ئىش قوزغامدۇ نېمە؟!

— مانا، ئەمدى ئەقلىڭنى تېپىۋاتىسەن سېلىم باي، — دېدى ئەشمەت ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ، — ئەمدىغۇ سەن بۇ تۇلۇملىرىڭنى قويۇپ كېتەرسەن. جاھان تىنچىغاندا ئۆزۈم ئاپىرىپ بەرسەم بولامدىمۇ. مېنىڭچە سەن ئاشۇ بولاقلىرىڭنىڭ قېشىغا كەت. بولسا لەيلىخانمۇ كەتسۇن. سېنىڭ ئۇ جايلىرىڭدا ئۇرۇش بولماس.

— مەن تېخى بولاقلىرىم قېشىغا كېتەي دېگىنىم يوققۇ ئەشمەت. ئەمدى ساڭا ئېيتسام مەن ھېچ بولمىغاندا ھېلىم باينىڭ دەرۋازىسىغا بېرىپ بولسىمۇ قايتمىسام بولمايدۇ. شىخو دېگەن ئەنە، ئېتىمنى بىر چاپتۇرسام بارىمەن ئەمەسمۇ.

— ھاي سېلىم ئاخۇن، نېمانداق كاجلىق قىلىسىلا، — تاقىتى تۈگىگەن لەيلىخان سۆزگە ئارىلاشتى، — بىر نەچچە كۈن كېيىن قالغانغا نېمە بولاتتى. ناھايىتى كەلسە ھېلىم باي توختامنى بۇزىدىكەنغۇ. خۇدايىم تىنچلىق ـ ئامانلىقنى بەرسە ئۇنداق ھېلىم بايدىن نەچچىنى تاپىمىز تېخى. ھازىر بىزگە تىنچلىق مۇھىم سېلىم ئاخۇن. ئەشمەت ئۇزۇن يىللىق بۇرادەرلىرى، مېنىڭ گېپىمنى ئىلىك ئالمىسىلىمۇ دوستلىرىنىڭ گېپىنى يەردە قويمىسىلا، نەچچە كۈن بۇرۇنلا بۇ جايدا بولۇپ ئۆتكەن مالىمانچىلىقنى سىلى تېخى كۆرمىدىلە.

سېلىم بوۋاي ئويلىنىپ قالدى. دېمىسىمۇ ئەشمەت ئۇلار تونۇشقان 30 نەچچە يىلدىن بۇيان ئۇنىڭغا يامانلىق سانىغان ئەمەس. سېلىم بوۋاي بەزى ئىشلار

سەۋەبىدىن بۇ تەرەپلەرگە بىرەر ئاي ئۆتمەي قالسىلا ئەشمەت ماللىرىنى يەتتە ياشلىق ئوغلى ئامانجۇلغا تاشلاپ، ماي بۇلاقلىرىنىڭ قېشىدىكى بوۋاينىڭ كەپىسىگە كېلىپ ئۇنى يوقلاپ تۇردى. كېسەل بولۇپ قالسا ھالىدىن خەۋەر ئالدى، ئاش-تاماق يەتكۈزۈپ بەردى، جاھاننىڭ مۇشەققىتىنىمۇ، خوۋلۇقىنىمۇ سېلىم بىلەن تەڭ كۆردى، سېلىم بوۋايچۇ، ئۇمۇ ئۆز بىساتىنى دوستىدىن ئايىمىدى. تاپقان-تەرگەن پۇللىرىغا سېتىۋالغان قورۇ-جاي، يەر-زېمىنلىرىنى ئەشمەتنىڭ ئولتۇرۇشىغا بەردى. ئەشمەت بۇ جايلارنى خۇددى ئۆزىنىڭ زېمىنىدەك كۆرۈپ ئاسرىدى، پەرۋىش قىلدى... ئۇلار ئارىسىدا شۇنداق بىر ئىناقلىق بارلىققا كەلگەن ئىدىكى، ھېچقانداق كۈچمۇ بۇنى بۇزۇپ تاشلاشقا قادىر بولالمىغانىدى. سېلىم بوۋاي دوستىنىڭ كۆڭلىنى چۈشەنەتتى، لېكىن بوۋاينىڭ نېمىشقىدۇر جاھىللىقى تۇتتى. خەقلەر ئۇرۇشسا ئۇرۇشۇۋەرمەمدۇ. ئۇلار بىلەن مېنىڭ نېمە ئىشىم، مەن ئۇلارغا چېقىلمىسام مەن قېرىنى ئۇلار نېمە قىلسۇن، دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزگەن سېلىم بوۋاي ئەشمەتكە قەتئىيلىك بىلەن تىكىلدى.

— ئەشمەت، — دېدى سېلىم بوۋاي بىر پەس سۈكۈتتىن كېيىن، — مېنى توسماڭلار، ھېلىم باينىڭ شەھەر سىرتىدىكى جاڭزىسىنى بىلىسەنغۇ؟! شۇ يەرگە بېرىپلا قايتىمەن. جۇمان قالسۇن، سەن ھارۋاڭنى ھېلىقى قاشقا ئېتىڭ بىلەن بەر، ھارۋىدا تېزرەك بېرىپ تېز قايتاي.

ئەشمەت لەيلىخانغا لەپپىدە قارىدى. ئۇنىڭ بۇ قارىشىدا ئامالسىزلىقنىڭ ئالامەتلىرى روشەن كۆرۈنۈپ تۇراتتى. چۈنكى ئەشمەت سېلىم بوۋاينىڭ دېگىنىنى قىلماي قويمايدىغان قارام مىجەزىنى ناھايىتى ئوبدان بىلىدۇ. ئۇ بىر نەرسىگە تۇتۇش قىلىدىمۇ بولدى، بۇ يولدىن قايتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. لەيلىخانمۇ ئەشمەتنىڭ ئىلاجىسىزلارچە قارىشىدىن بۇ مەنىنى چۈشىنىپ، كۆز ياشىنى روماللىنىڭ بۇرجىكى بىلەن ئېرتىپ يەرگە قارىدى.

— بوپتۇ ئەمىسە، — دېدى ئەشمەت ئورنىدىن تۇرۇپ، — بارساڭ بار. لېكىن بۈگۈن كېچە ماڭمىسەن. خۇدا بۇيرۇسا تاڭ سۈزۈلۈشىگە جاڭزىغا يېتىپ بارىسەن. لېكىن شۇ نەرسە ئېسىڭدە بولسۇنكى، قالايمىقانچىلىقنى سەزسەڭ ئالدى-كەينىڭگە قارىماي قايت. مەن ساڭا ئېيتىپ قوياي، ئوقنىڭ كۆزى يوق جۇمۇ!

سېلىم بوۋاي «بۇ گەپلەرنى ئارتۇق دەۋاتىسەن» دېگەندەك ئەشمەتكە قاتتىق تىكىلدى ۋە ئەشمەتنىڭ قولىدىكى قوش تىللىق قامچىنى قولىغا ئالدى.

## ئەجەب ئادەملەركەننا!

نەلىكسەن دېگەنلەرگە
قارامايلىق دەپ كەتتىم.

ئېشەكلىك نەچچە كۈن مېڭىپ،
شىخوغا ئاران يەتتىم.
(سېلىم بوۋاي قوشىقىدىن)

/

سېلىم بوۋاي گاھ-گاھ ئاڭلىنىۋاتقان ئوق ئاۋازلىرىدىن ئەشمەتنىڭ يالغان سۆزلىمىگەنلىكىنى، ئايالى لەيلىخاننىڭ قايغۇرۇشىنىڭ ئورۇنلۇق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئۇ بىر خىلدا يورغىلاپ كېتىۋاتقان ئاتلارنىڭ مېڭىشىغا قۇلاق سالغاچ قانداق قىلىش ھەققىدە ئويلاندى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا ھېلىم باينىڭ سۆرۈن تەلەتى كەلدى.

ھېلىم باي تەرسالىقتا سېلىم بوۋايدىن قالمايدىغان، پىخسىقلىقتا سىقىپ سىقمىنى يالايدىغان ئادەم. ئۇنىڭ سېلىم بوۋايغا چۆپقەت بولۇپ قېلىشىنىڭ سىرىمۇ دەل شۇ يەردە. سېلىم بوۋاي بۇ يەر يېغىنىڭ قانچىلىك قىممەتلىك نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلىپ ئاشۇ ماي بۇلاقلىرىدىن ئايرىلىشنى خالىمىغاندەك، ھېلىم بايمۇ سېلىم بوۋاينىڭ قولىدىكى بۇ لوق گۆشنى ئەرزانلا ئېلىپ يەرلىك خەلقلەرگە، سودىگەرلەرگە يۇقىرى باھادا سېتىپ خېلىلا پايدا كۆرگەچكە بوۋايدىن ئايرىلىپ قېلىشنى ئۇمۇ خالىمايتتى. ئۇ سېلىم بوۋاينىڭ قارام ۋە تەرسالىقى بىلەن بىللە ئاق كۆڭۈل، ساددا ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. ئۇنىڭ بوۋاي بىلەن توختام تۈزۈشىنىڭ سەۋەبىمۇ شۇ. سېلىم بوۋاي ماينى ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ كەلمىسە، ئۇ كۆزىنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ، «بۇ سېسىق مېيىڭنى پۇل قىلىپ بەرگىنىمگە خۇش بول. ئەگەر مەن ھە-ھۇ دەپ بۇ نېمەڭنىڭ بازىرىنى چىقارمىسام ئاشۇ بازارنىڭ دوقمۇشىدا تىلەمچىدەك تۇرۇشقا مەجبۇرسەن. سېنى ئۆز يۇرتلۇقۇم ئىكەن دەپ ياخشىلىق قىلىپ، مۇشۇ سېسىق مېيىڭغا خېرىدار تاپمىسام بېشىم قاپاق بولۇپ قالغىنى يوق مېنىڭ» دەپ تەنە قىلغاندىن سىرت پۇلنى قىسىپ قالىدۇ، شۇڭا سېلىم بوۋاي توختام بۇزۇلماسلىقى ئۈچۈن ھەرقانداق شارائىت بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ۋاقتىدا كېلىشكە ئادەتلەنگەن. ئۇ بەزىدە «سەن ئالمىساڭ ئالىدىغان ئادەم بار، ئۆزۈم ساتسام بولمامدىمۇ» دەپ پەشنى قېقىپ ھېلىم بايدىن ئالاقىنى ئۈزمەكچىمۇ بولاتتى-يۇ، لېكىن بازاردا سۆرەپ يۈرۈپ ماي سېتىشنىڭ ئاچچىق تەمىنى تېتىغانلىقى ئۈچۈنمىكىن يەنىلا بۇ نىيىتىدىن ياناتتى. چۈنكى بۇنىڭدا ۋاقىت ئىسراپ بولغانلىقى سىرتىدا قولىدا نەق پۇل بولمىغان پۇقرالاردىن ئەسكى چاپان، نان، سەي-كۆكتاتلارغا تېگىشىپ يەنە بىر تاغار يۈك بىلەن قايتىشقا مەجبۇر بولاتتى. شۇڭا ئۇ «بۇ ئىشلارنى كۆزۈم كۆرمىسۇن» دېگەندەك سودىسىنى پەقەت ھېلىم باي ئارقىلىقلا تۈگىتىپ، ئۇنىڭ ئاچچىق تەنىلىرىنى ئۈنسىز سۈكۈت بىلەن ئىچىگە يۇتۇپ كېتىۋېرەتتى. بايغا نىسبەتەن سېلىم بوۋايدا «مەن ئۆز ئەجرىم ئارقىلىق سېنىڭ قولۇڭدىكى بايلىقنى خورىتىمەن» دېگەن ساددا نىيەت مەۋجۇت ئىدى. شۇڭا ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ساددا نىيىتىنىڭ كۈچىدە ئاندا-ساندا ئاڭلىنىپ قېلىۋاتقان ئوق ئاۋازلىرىغا ئانچە ئېرەنسىمەي «خەير قۇدرىتىڭ ئۇلۇغ خۇدا، ئۆز بەندەڭنى پاناھىڭدا ساقلىغايسەن»

دەپ دۇئا قىلىپ ئاتلىرىغا قامچا ئۇردى.

سېلىم بوۋاي باينىڭ ئۆيىگە يېقىنلاشقانسېرى كۆڭلى بىر قىسما بولغىلى تۇردى. ئۇنىڭ كۆزىگە ئەڭ دەسلەپ چېلىققىنى باينىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا مىلتىقلىرىنى مۈرىسىگە ئارتىپ ئايلىنىپ يۈرگەن ئەسكەرلەر بولدى. «ھېلىم باي قورۇسىنى ئەسكەرلەرگە ساقلاتقىدەك بولغان بولسا راستىنلا جاھان ماللىماتاڭ ئوخشايدۇ جۇمۇ» دېگەنلەرنى ئويلاشقا ئۈلگۈرگەن سېلىم بوۋاي ئاتلارنىڭ بوجىسىنى تارتتى. بۇ چاغدا ھېلىقى ئەسكەرلەرمۇ سېلىم بوۋاينى كۆرۈپ مىلتىقلىرىنى شاراقلىتىپ بوۋاينىڭ يېنىغا كەلدى.

— توختا، نېمە قىلىدىغان ئادەمسەن؟

بوۋاي ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى چۈشەنمىدى. لېكىن ئۇلارنىڭ سۆرۈن قىياپىتىدىن، قوپال تاۋۇشلىرىدىن ئۆزىگە ياخشى گەپ قىلمىغانلىقىنى چۈشەندى - دە، ئاستاغىنە يەرگە چۈشتى. ئۇلارنىڭ بىرى قولىدىكى مىلتىقنىڭ نەيزىسىنى ھازىرلا مەيدىسىگە سانچىيدىغاندەك ئەلپازدا ئۇنىڭغا تەڭلىدى؛ يەنە بىر يالاڭ قاپاق، گازىر كۆز، پاناق بىرى ھارۋا ئۈستىگە سەكرەپ چىقىپ تۇلۇملارنى تەكشۈردى ۋە چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ يەرگە چۈشتى - دە، ھەمراھىنى چەتكە تارتىپ كالدىرلىشىپ بىر نەرسە دېيىشكەندىن كېيىن، ئاتنىڭ نوختىسىدىن تۇتۇپ ھارۋىنى قورۇنىڭ ئىچىگە ئېلىپ ماڭدى. سېلىم بوۋاي بۇلارنىڭ تەكشۈرۈشى تۈگىگەن چېغى دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ ئۇلارغا ئەگەشتى.

قورۇنىڭ ئىچىدىكى قالايمىقانچىلىقنى كۆرگەن سېلىم بوۋاي بىر ئاز سەگەكلەشتى. چۈنكى قورۇ ئوتتۇرىسىدىكى گۈللۈك قاۋان تىلغىۋەتكەن ئېتىزلىقتەك ۋەيرانە بولۇپ، يۇلۇپ تاشلانغان گۈللەر ئۇ يەر بۇ يەرگە دۆۋىلەنگەنىدى. تۆت - بەش ئات نابۇت قىلىنغان گۈللۈك ئارىسىدا پۇشقۇرغىنىچە ھەلەپ يەۋاتاتتى. مىلتىق تۇتقان ئەسكەرلەر ئۆگزىدە، ھويلىدا ئايلىنىپ يۈرەتتى.

«ھېلىم باي نەگە كەتكەندۇ، ئوتاقچىلىرىمۇ كۆرۈنمەيدۇ؟!»

سېلىم بوۋاي ئۆز خىيالىنىڭ ئاخىرىنى چىقارغىچە ھارۋىسىدىكى يۈك قورۇنىڭ بىر بۇلۇڭىغا چۈشۈرۈلۈپ، ھارۋىغا ئاشلىق قاچىلانغان تاغارلار بېسىلغىلى تۇردى.

— ھاي، بۇ نېمە قىلغىنىڭلار، مەن سىلەرگە ئىشلەپ بېرەلمەيمەن. ھېلىم باي بولمىسا تۇلۇملارنى چۈشۈرگىنىڭلار نېمىسى؟!

سېلىم بوۋاي تاغار بېسىۋاتقان ھېلىقى پاناق بۇرۇنغا ئېسىلدى.

ئۇ ئاغزىنى بۇزغىنىچە بوۋاينى سىلكىپ ئىتتىرىۋەتتى. بوۋاي سەنتۈرۈلۈپ توختاپ قالدى. ئەمدى ئۇنىڭ ئاچچىقى خېلىلا تۇتقانىدى. مال ئىگىسىدىن ئوغرى كۈچلۈك دېگەندەك مايىنى چۈشۈرۈۋالغانىنى ئاز دەپ مەندىن بىسوراق ھارۋىغا يۈك باسقىنى نېمىسى؟! بوۋاي ئاچچىقىدا بارغان پېتى ھېلىقى پاناق بۇرۇننىڭ ياقىسىغا ئېسىلدى.

— قانداق نېمىلەر سەن، ھارۋىدىن يۈكۈڭنى چۈشەر ...

شۇ چاغدا ياندىن كەلگەن قاتتىق زەربىدىن بوۋاينىڭ كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى. ئۇ يىقىلىۋېتىپ ھېلىقى پاناق بۇرۇننىڭ ياقىسىنى تۈزەشتۈرۈپ يەرگە بىرنى تۈكۈرگەنلىكىنى

كۆرەلدى. بوۋاينى يان تەرەپتىن مىلتىقنىڭ پاينىكى بىلەن ئۇرۇپ يىقىتقان يەنە بىرى قاقاقلاپ كۈلدى.

بوۋاي خېلىدىن كېيىن ئېسىگە كەلدى. ئۇ كۆزىنى ئاچقىنىدا ئەسكەرلەر هارۋىغا يۈكنى بېسىپ بولغانىدى. ئۇ تىرىشىپ-تىرمىشىپ ئورنىدىن تۇردى ۋە هارۋىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئاتلارنىڭ بوجىسىنى قولىغا ئالدى، بۇ چاغدا هارۋىنىڭ يېنىغا ئىككى ئەسكەر يېتىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ بىرى بوۋاينىڭ كۆزىگە يىللىق كۆرۈندى. چۈنكى ئۇ بۇرۇت قويۇۋالغان بولۇپ قاڭشىرىنىڭ ئېگىزلىكى، قاشلىرىنىڭ تۇم، قارىلىقى بىلەن ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى. «هەر نېمە بولسا بۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرمۇ بار ئىكەن. هال دەردىمگە يېتىپ قالار. مۇشۇنىڭ كۆڭلىگە ئىنساپ بەرسۇن خۇدايىم»، سېلىم بوۋاي ئۆزىنى ئوڭلاپ تۇردى.

ـ بىز هۆكۈمەت ئارمىيىسى، ـ دېدى هېلىقى ئەسكەر ئۇيغۇر تىلىدا، ـ ئەلنىڭ ئامانلىقى، يۇرتنىڭ خاتىرجەملىكى ئۈچۈن ئىلى ئوغرىلىرى بىلەن جەڭ قىلىۋاتىمىز. سەن بىزگە خىزمەت قىلىشنى خالامسەن؟!

ـ ياق، ـ دېدى سېلىم بوۋاي جىددىي تەلەپپۇزدا، ـ مەن قېرىغان ئادەممەن، سىلەرگە هېچ نەرسە قىلىپ بېرەلمەيمەن. مېنى تىنچقىنا ئۆيۈمگە قايتقىلى قويۇڭلار.

ـ سەن نېمە ئىش قىلىدىغان ئادەم؟!

ـ مەن ماي ساتىدىغان ئادەم، ـ دېدى سېلىم بوۋاي، ـ هېلىم باي مېنىڭ چۆپقىتىم ئىدى. بۇدا شۇنىڭغا ماي ئەكېلىشىم.

ـ نېمە ماي ئۇ، سۇ مايما؟

ـ ياق، قاراماي. ئەنە تۇلۇملاردا تۇرمامدۇ.

ـ نەدىن ئالىسەن بۇ ماينى؟

ـ ماي بۇلاقتىن.

ـ ماي بۇلىقىڭ نەدە؟

ـ يىراقتا، مۇشۇ هارۋا بىلەن تۆت كۈن ماڭسام يېتىپ بارىمەن.

ـ هە، ئاتلار سېنىڭمۇ؟!

ـ ياق مېنىڭ ئەمەس، ئەشمەت دېگەن ئاغىنەمنىڭ.

ـ بوپتۇ ئەمىسە، سەن قېرىغا ياخشىلىق قىلىپ قويۇپ بېرەي، ئاغىنەڭگە ئېيتىپ قوي، ئاتلارنى هارۋىسى بىلەن هۆكۈمەت ئارمىيىسى ئىشلىتىدۇ.

ـ ياق بولمايدۇ. ئاتلارنى سىلەر ئېلىپ قالساڭلار مەن قانداق كېتىمەن. ئەشمەتكە نېمە دەيمەن، بولمايدۇ زادى.

ـ نېمانداق كاج قېرىسەن، ـ دېدى هېلىقى ئەسكەر تېرىكىپ، ـ ياخشىلىق قىلىپ سېنى قويۇپ بەرسەم خۇش بولماي تېخى ئاتلارنى بەرمەيمەن دەيسەنا، يامىنى كەلسە جاجاڭ بىر تال ئوق.

ئۇ راستتىنلا بوۋاينى ئاتىدىغاندەك مىلتىقنى شاراقلاتتى.

ـ مانا ئات ئىمانسىز، مەن تېخى سېنى مۇسۇلمان بالىسىكەن دېسەم ئۇلارنىڭ



يانتايىقى ئىكەنسەن ئەمەسمۇ؟!

سېلىم بوۋاي بارغىنىچە ھېلىقى ئەسكەرنىڭ قولىدىكى مىلتىقنى ئېسىلدى. ئۇ كەينىگە داجىپ مىلتىقنى بوۋاينىڭ قولىدىن تارتىۋالدى ھەمدە مىلتىقنىڭ پاينىكى بىلەن بوۋاينىڭ قورسىقىغا ئۇردى. بوۋاي بىر زەربىدىنلا ئالدىغا ئېڭىشىپ قالدى. كەينىدىن تەگكەن يەنە بىر زەربە بوۋاينى يەرگە ياتقۇزۇپ قويدى.

سېلىم بوۋاي خۇددى قوماچ قورۇغاندەك تا - تاتىلغان، تۇرۇپ - تۇرۇپ قاتتىق گۈمبۈرلىگەن ئاۋازدىن ھوشىغا كەلدى. ئۇ كۆزىنى ئېچىپ ھېچنېمىنى پەرق ئېتەلمىدى. چۈنكى ئەتراپ گۆردەك قاراڭغۇ بولۇپ يىراقتىن ئاڭلىنىۋاتقان ئوق ئاۋازلىرىلا ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرىپ تۇراتتى. ئۇ تىرمىشىپ ئورنىدىن تۇرماقچى بولدى - يۇ، لېكىن ئەزايى بەدىنىنىڭ سىرقىراپ ئاغرىشىدىن قىمىرلىيالماي قالدى. ئۇ ئەتراپقا نەزەر سېلىپ ئۆزىنىڭ بىر ئۆي ئىچىدە ياتقانلىقىنى بىلەلىدى. ئادەم بويى كەلگۈدەك يەردىكى تۆڭلۈكتىن بىپايان كۆكنى، جىمىرلاپ تۇرغان يۇلتۇزلارنى كۆرگىنىدە كېچە بولغىنىنى ھېس قىلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ كىمنىڭ ئۆيى، ئۆي ئىگىسى قېنى، مېنىڭ ئات ھارۋامنى ھېلىقى قاراقچىلار نەگە ئەكەتكەندۇ؟ دېگەن سوئاللىرىغا جاۋاب تاپالمىدى.

سېلىم بوۋاي ئوق ئاۋازلىرىغا قۇلاق سالغاچ خېلى ئۇزۇنغىچە ياتتى. بەدىنىنىڭ ئاغرىشى سەل قويۇپ بەرگەندىن كېيىن ئۇ ئاستا ئورنىدىن تۇردى. ئىشىك يېنىغا كېلىپ تامغا يۆلەندى. ئىشىك سىرتىدىن زەنجىرلەنگەچكە ئۇنى ھەرقانچە جالاقشىتىپمۇ ئاچالمىدى. ئۇ شۇ چاغدىلا ئۆزىنىڭ ئادەمزاتتىن خالىي بىر ئۆيگە تاشلانغانلىقىنى ھېس قىلىپ ئىشىك يېنىغىلا ئولتۇردى - دە، ھەر خىل خىياللار ھەمدە ئوق ئاۋازلىرىنى ئاڭلاپ يېتىپ ئۇيقۇغا كەتتى.

سېلىم بوۋاي ۋاراڭ - چۇرۇڭدىن چۆچۈپ ئويغاندى. ھېلىقى تۆڭلۈكتىن كىرگەن كۈن نۇرى ئۆي ئىچىنى يورۇتقانىدى. ئۇ ئۆي ئىچىگە تەپسىلىي قاراپ چىققاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ ھېلىم باينىڭ ئامبىرىدا ياتقانلىقىنى بىلدى. بۇ ئامباردا ئادەتتە

هېلىم باينىڭ ئاشلىق ـ مايلىرى ھەممە باشقا ھەرخىل دېھقانچىلىق سايمانلىرى ساقلىنىدىغان بولۇپ، ھازىر ئۇ نەرسىلەرنىڭ ئىزناسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. بوۋاي ئىشىك يېنىغا باردى ـ دە، ئىشىكنى قاتتىق جالاقلىتىپ، ۋارقىراشقا باشلىدى.

ــ ئىشىكنى ئېچىڭلار، مېنى چىقىرىۋېتىڭلار ...

كىملەرنىڭدۇر ئىشىك يېنىغا كەلگەنلىكى، ئىشىك زەنجىرىگە ئېغىر بىر نەرسىنىڭ ئۇرۇلغانلىقى ئاڭلاندى. ئىشىك ئېچىلدى، ئىشىك ئالدىدا يەنە بىرمۇنچە قورالىق ئەسكەرلەر تۇراتتى، بىراق بۇلار تونۇگۇن ئۆزىنى ئۇرۇپ ياتقۇزۇۋەتكەن ھېلىقى ئەسكەرلەرگە ئوخشىمايتتى. سىلىم بوۋاي تەئەججۈپلەنگەن، گاڭگىرىغان ھالدا ئۇلارغا قاراپ نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قالدى.

ــ بوۋا، ــ دېدى ئەسكەرلەرنىڭ بىرى سېلىم بوۋاينى يۆلىگىنىچە ئامبارىدىن ئېلىپ چىقىپ، ــ سىزنى كىم بۇ يەرگە سولاپ قويىدى؟

بوۋاي ھەيران بولدى.

ــ سىلەر كىم بولىسىلەر؟

ــ بىز مىللىي ئارمىيە.

ــ ھە، ئۇنداقتا سىلەر ھېلىقى ئەشمەت ماڭا دەپ بەرگەن ئىلىدىن كەلگەن ئەسكەرلەر ئوخشىمامسىلەر؟!

ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسى كۈلۈشۈپ كەتتى. بېلىگە تاپانچا ئېسىۋالغان بۇرۇتلۇق بىرى بوۋاينىڭ ايېنىغا كېلىپ چۈشەندۈردى.

ــ بوۋا، بىز ئۈچ ۋىلايەتتىكى جاپاكەش خەلقنىڭ قوشۇنى، سىزدەك ئېزىلگەن پۇقرالارنىڭ ئىنتىقامىنى ئالىمىز. سىزنى كىم، نېمە سەۋەبتىن بۇ ئۆيگە سولاپ قويىدى؟

سېلىم بوۋاي بۇرۇتلۇقنىڭ سۆزلىرىدىن تەسىرلەندى. ئۆزىنىڭ ھال ئەھۋالىنى، قىلىدىغان ئىشىنى، ئاخشامقى تەلەتى سۆرۈنلەرنىڭ ئىچىدە بىر ئۇيغۇرنىڭ بارلىقىنى، ئەنە شۇ دەيۇزنىڭ ئۆزىنى تەپتارتماستىن ئۇرغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. بۇنى ئاڭلاپ تۇرغان بۇرۇتلۇقنىڭ ھەممە باشقا ئەسكەرلەرنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلدى.

ــ بوۋا، ــ دېدى بۇرۇتلۇق سېلىم بوۋاينىڭ سۆزى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ــ ھەمدى خاتىرجەم بولۇڭ. مانا شەخومۇ ئازاد بولدى. بىز كۆپ ئۆتمەي ئۇلارنى جەھەننەمگە ھەيدەپ پۈتۈن يۇرتىنى ئازاد قىلىمىز. ئەمدىكى گەپ بوۋا، سىزنى ئۆيىڭىزگە ئۇزىتىپ قويايلى، باياتىن ئۆيىڭىزنىڭ نەدىلىكىنى بىزگە دېمىدىڭىز.

ــ مېنىڭ ئۆيۈم بەكمۇ يىراقتا قالدى. ياخشىسى ئات ـ ھارۋامنى تېپىپ بەرسەڭلار. مەن ئۆزۈملا كېتىۋالاي.

ــ ئات ـ ھارۋىڭىزنى ھازىرلا تاپماق تەس، ــ دېدى بۇرۇتلۇق ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ، ــ سىز بىر ئامال قىلىپ كېتىپ تۇرۇڭ. بىزگە يۇرتىڭىزنىڭ نامىنى دەپلا بەرسىڭىز بولىدى. كېيىن سىزگە ئات ـ ھارۋىڭىزنى يەتكۈزۈپ بېرەيلى.

ــ ۋاي بالام، سىلەر ئۇ يەرنى تېپىپ بارالمايسىلەر. مېنىڭ ئۆيۈم تېخى ئادەم ئايىغى باسمىغان جاڭگالدا.

ئەسكەرلەر قىزىقىشىپ سېلىم بوۋاينىڭ ئەتراپىغا ئولاشتى، بۇرۇتلۇقمۇ بوۋاينىڭ يېنىغا قايتا ئولتۇردى.

— بۇ يەردىن ئەچچە كۈنلۈك يىراقتا، تاغ باغرىدا ماي بۇلاق دېگەن يەر بار، ئاڭلىغانمۇ سىلەر؟ — دېدى سېلىم بوۋاي ئېپتىخارلىق بىلەن، — مېنىڭ يۇرتۇم ئەنە شۇ يەردە.

— نېمە؟! ماي بۇلاق؟! ئېنىقراق دېسىڭىزچۇ بوۋا، بىز تېخى بۇنداق بىر يۇرتنىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپ باقمىغان.

— توغرا، سىلەر بىلمەيسىلەر، نۇرغۇن كىشىلەر بۇنداق يۇرتنىڭ بارلىقىدىن خەۋەرسىز، — ئەسكەرلەرنىڭ خۇش خۇي مۇئامىلىسىدىن كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ قالغان بوۋاي ئۆزىنىڭ ماي بۇلاقلىرى توغرۇلۇق سۆزلەپ بەردى، — بۇ يۇرتنى مەن ماكان قىلغىلى ئۇزۇن يىللار بولدى. ئۇ يەردىن ماي چىقىدۇ. يەر يېغى دەپ ئاڭلىغان بولغىيدىڭلار، ئاشۇ يەر يېغى مېنىڭ ماي كۆلچەكلىرىمدىن چىقىدۇ. مەن ئاشۇ ماي بىلەن ھەپىلىشىپ 30 يىلدىن ئوشۇق ھاياتىمنى ئۆتكۈزگەنمەن. ئۇ كۆلچەكلەرنى كۆرسەڭلار ئىدى كاشكى، ئاغزىڭلار ئېچىلىپ قالىدۇ.

— ياھ، قالتىسكەن، ھەقىقەتەن كۆرگۈچىلىكى بار يۇرت ئىكەن بوۋا، — دېدى ھېلىقى بۇرۇتلۇق، — دېمىسىمۇ بىزنىڭ بۇ زېمىنىمىزغۇ شۇنداق بايلىقلار بىلەن تولغان. بىزنىڭ مەقسىتىمىزمۇ خەلقنىڭ بايلىقىنى خەلقنىڭ ئۆز قولىغا تاپشۇرۇش، ئىشىنىڭكى، سىزنىڭ ئەمگىكىڭىز پات پۇرسەتتە خەلقنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكۈسى. سىز بۇ بۇلاقلارنى يەنىلا بۇرۇنقىدەك ئوبدان ئاسراپ، پەرۋىش قىلىڭ. بىز بۇ يەر يېغىنى كەلگۈسىدە ئاسمان-پەلەك فونتانلىتىپ دۇنياغا داڭقىنى چىقىرىمىز. سانائەت كارخانىلىرىنى بەرپا قىلىپ، يۇرتىڭىزنى تېخىمۇ ئاۋاتلاشتۇرىمىز.

سېلىم بوۋاي بۇرۇتلۇقنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرىنى چۈشەنمىدى. شۇنداقتىمۇ «يۇرتىڭىزنى ئاۋاتلاشتۇرىمىز» دېگەن سۆزدىن ئۇنىڭ دىلى سۆيۈندى. مۇشۇنداق ئادەملەر كەلسە، ماي كۆلچەكلىرىمنى بىرلىكتە پەرۋىش قىلساق، بىللە ياشىساق نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى-ھە! يۇرت ئاۋاتلاشتى دېگەن شۇ-دە!

— ھە راست، — دېدى سېلىم بوۋاي نېمىدۇر ئېسىگە كېلىپ، — ئاتلىرىم بولمىسا قانداق كېتەرمەن. ئات، ھارۋا دوستۇم ئەشمەتنىڭ ئىدى. مەن ئېشەك بىلەن ماي توشۇيتتىم، بۇدا تېزرەك ماڭاي دەپ ئەشمەتنىڭ ئات-ھارۋىسىنى ئالغان.

بۇرۇتلۇق ياشقىنا بىر ئەسكەرنى يېنىغا چاقىرىپ نېمىلەرنىدۇر تاپىلىدى. ئاڭغىچە ئالدىغا پەشتاما تارتقان ئاشپەز سېلىم بوۋاينىڭ ئالدىغا تاماق ئەكەلدى. تاماقتىن كېيىن ھېلىقى بۇرۇتلۇق بوۋاينى ئەگەشتۈرۈپ سىرتقا ئېلىپ چىقتى. دەرۋازا تۈۋىدە ھېلىقى ياش ئەسكەر تارانچى ھارۋىغا قوشۇلغان ئىككى ئاتنى چۇلۋۇرىدىن تۇتقىنىچە دىققەتتە تۇراتتى. ھارۋىنىڭ ئىچىدە بوۋاينىڭ تۇلۇملىرىدىن باشقا بىر خالتا ئۇن تۇراتتى.

— بۇ ئات بلەن ھارۋا مېنىڭ ئەمەس، — دېدى سېلم بوۋاي ھارۋسىنىڭ يېنىغا كېلىپ.

— ئامالىمىز يوق، — دېدى ھېلىقى بۇرۇتلۇق، — دۈشمەن سىزنىڭ ئات-ھارۋىڭىزنى ئېلىپ قېچىپتۇ. بۇ ھارۋا بىزنىڭ، بۇنى ئىشلىتىپ تۇرۇڭ، دۈشمەن قولىدىكى ئات-ھارۋىڭىزنى بىز تارتىۋېلىپ ئىشلىتەرمىز.

— ئەگەر ئۇلاردىن ئالالماي قالساڭلار سىلەر زىيان تارتماسسىلەر؟ بولمايدىكەن. ھالىۋىنى ھېكىم يېسە، تاياق يېتىمغا قالغاندەك ئۇلاردىن كۆرگەن زىياننى سىلەر ئۈستۈڭلەرگە ئالساڭلار قانداق بولىدۇ؟!

— كېرەك يوق بوۋا، بىز جاپاكەش خەلق بىلەن بىر ئائىلە كىشىلىرى، شۇنداق ئىكەن، سېنىڭ-مېنىڭ دېيىشسەك قانداق بولىدۇ. شۇنداق بولسۇن، سىز كېتىۋېرىڭ. دۈشمەننى تەلتۆكۈس يوقاتقان كۈنى سىزنىڭ يۇرتىڭىزغا مېھمان بولۇپ بارايلى. شۇ چاغدا قەرزنى قايتۇرارسىز. قېنى، ھارۋىغا چىقىڭ.

سېلىم بوۋاينىڭ كۆزىگە ئىسسىق ياش كەلدى. ئۇلارنىڭ شۇنچە قىزغىنلىقى، قاراپ تۇرۇپ بىراۋنىڭ بۇلاڭچىلىقىنى ئۆز ۋەجىدىن تۆلىگەنلىكى ئۇنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالدى. «ھەقىقەتەن ئاجايىپ ئادەملەر ئىكەن، دېدى سېلىم بوۋاي ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ چېپەيزە يولىغا چۈشكەندىن كېيىن ئۆز-ئۆزىگە، مۇشۇنداق بۇلاڭ-تالاڭغا ئۇچرىغان ئادەملەرنىڭ زىيىنىنى تۆلەپ ماڭسا ئۇلارغا قانچىلىك پايدا تېگەر، تېخى بىز بىر ئائىلە كىشىلىرى، سېنىڭ-مېنىڭ دېيىشمەيلى دېگەنلىرىچۇ، نېمە دېگەن يېقىملىق مۇئامىلىلىك ئادەملەر-ھە! ئەگەردە ئۇلار راست دېگەندەك مەن تەرەپكە كېلىپ قالسا جەرەن گۆشىدە كاۋاپ قىلىپ بەش كۈن مېھمان قىلمىسام سېلىم بولماي كېتەي....»

## ماي بۇلاقتىكى مېھمانلار

ئاقاردى قارا ساچىم،
مادارىمدىن كەتتىم مەن.
ئەل يۇرتۇمنىڭ قەدرىگە
قېرىغاندا يەتتىم مەن.
(سېلىم بوۋاي قوشىقىدىن)

سېلىم بوۋاينىڭ قىرىق نەچچە يىللىق ئۆمرى جۇڭغارىيە ۋادىسىنىڭ ئادەم ئاياغ باسمىغان خىلۋەت بۇلۇڭىدىكى ماي بۇلاقلىرىغا بولغان ئېتىقاد بىلەن ئۆتتى. يېشى 70 تىن ئېشىپ كۈچتىن قالدى. ئەل-ئاغىنىلىرى ئۇنى چېپەيزىگە قايتىپ كېلىشكە دەۋەت قىلىشاتتى، بىراق بوۋايغا بۇ يەردىن ئايرىلىش گوياكى ئۆزىنىڭ جانجىگەر مەھبۇبىدىن ئايرىلىشتەك تۇيۇلىدۇ. شۇڭا ئۇ ئۆز ئەقىدىسىنىڭ كۈچىدە كەپىسىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى تەسكەيلىكتىن بىر جايىنى تاللاپ ئۆزىنىڭ يەرلىكىنى كولىدى. يەرلىك

كۆڭۈلدىكىدەك پۈتكەندىن كېيىن ئۈچ يەرلىكنىڭ ئاغزىنى بىر نەچچە قىرلىق تاش بىلەن ئېتىپ قويىدى. بۇ ئىشلارنى ئۆزىنىڭ باللارچە خىيالى بىلەن چۈشەنگەن جۇمان زاكىلىق قىلىپ كۈلگەندە ئۇ يەنىلا بۇرۇنقىدەك بېشىنى چايقاپ:

— سەن تېخى كىچىك، بۇنداق ئىشلارنى چۈشەنمەيسەن، قېرىلىق ئاخىرى بىزنى ئەنە ئاشۇ جايغا ئېلىپ كىرىدۇ. بۇ شۇنداق جاھان، — دەپلا قويىدى.

ھېلىقى ۋەقەدىن كېيىن سېلىم بوۋاي ئويلىغىنىنى قىلدى، يەنى ئىككى ھارۋا، تۆت ئات سېتىۋالدى. ئۆزىنىڭ بوز ئېشەكى بىلەن قېچىر سىياق ئېتىنى ھارۋىغا ئىشلىتىشكە كۆزى قىيمىغاچ يېنىدا قالدۇردى. جۇمان شۇ كۈنلەردە بوۋايغا ياخشى قول - قانات بولدى. ئۇ ئۆزىنىڭ تاغىسى ھېيتاخۇن بىلەن ئىككى ھارۋىنى ھەيدەپ مايىنى تەرەپ - تەرەپكە توشۇيتتى، سېلىم بوۋاي بولسا ئۇلار مايىنى سېتىپ كەلگىچە بولغان ئارىلىقتا بۇلاقلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغاچ ئۆزىنىڭ ئەڭ ئاددىي ماي چەككىلەش ئۇسۇلى بويىچە مايىنىڭ سۈيىنى ئايرىپ، چەككىلەنگەن ساپ مايىنى تۇلۇملارغا قاچىلاپ گەمىسىنىڭ قېشىدىكى ئىسكىلاتقا بېسىپ تۇرىدۇ. بوۋاي قالغان ۋاقىتلىرىدا تايغان ئىتىنى ئەگەشتۈرۈپ توغراقلىق ئارىسىغا، يىراقتىكى قومۇشلۇقنىڭ يېنىدىكى بۇلاق ئەتراپىغا قويغان قاپقانلىرىنى يوقلىغاچ ئوۋغا چىقىدۇ. قاپقانغا چۈشكەن جەرەن - كېيىكلەرنى تۇلۇمچە قىلىپ سويۇپ، گۆشىنى سۈرلەپ گەمىسىگە ئاسىدۇ. نېمە ئۈچۈنكى مۇشۇ كۈنلەردە سېلىم بوۋاينىڭ مېھمانلىرى ئاۋۇپ قالغاچقا كۈنى يەنە مېھمان كۈتۈش، بەزى ھەمسۆھبەت كىشىلەر كېلىپ قالسا ئۇلارغا ئۆز كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ بېرىش، ئۇلاردىن ھازىرقى ۋەزىيەت توغرىسىدىكى خەۋەرلەرنى ئاڭلاش بىلەن ئۆتمەكتە ئىدى. بوۋاينىڭ يېنىغا ھەر قانداق بىرەر سەۋەب بىلەن كېلىپ قالغان كىشى ئۇنىڭ كېيىك گۆشىدىن قىلغان مەززىلىك كاۋىپىنى، پىشۇرغان گۆشىدىن يېمەي قايتقان ئەمەس.

سېلىم بوۋاي كېيىنچىرەك بۇ كېلىپ - كېتىۋاتقان مېھمانلار ئارىسىدا ئۆزىگە كۆشەندە چىقىپ قېلىۋاتقانلىقىنىمۇ ھېس قىلماي تۇرالمىدى. چۈنكى بىر يىلنىڭ ئالدىدا كىچىك ماشىنا بىلەن كېلىپ بوۋايغا ئالاھىدە ئىلتىپات كۆرسەتكەن بىرنەچچە كىشى بوۋاينىڭ تارىخىدىن كۆرە بۇلاقلىرىغا بەك قىزىقىپ، ماي كۆلچەكلىرىنىڭ بېشىدا ئۇزاق ئايلىنىپ مايىنى تەكشۈرۈشتى. تېخى بىرەيلەن مايدىن بىر بوتۇلكا ئېلىۋالدى. ئۇلار بۇ مايىنىڭ تەركىبىنى تەكشۈرەرمىش، قانداقتۇر نېفت قاتلىمى دەمدۇ، بۇرغىلاش دەمدۇ، چارلاش دەمدۇ... ئىشقىلىپ ئۇلار دېيىشىۋاتقان غەلىتە گەپلەر بوۋاينىڭ بېشىنى ئايلاندۇرۇۋەتتى.

ئۇزاق ئۆتمەي ئۇلار يەنە كەلدى، بۇ قېتىم ئۇلاردىن بىرى بىر چەت ئەللىكنى باشلاپ كەلگەنىدى. ئۇ چەت ئەللىك بۇلاقلارغىلا ئەمەس، بوۋاينىڭ ماي چەككىلەشتىكى ئاددىي ئۇسۇللىرىدىن تارتىپ، ئىسكىلاتلىرىغىچە كۆرۈپ چىقتى. ئۇمۇ قايتىش ئالدىدا ئۆز تىلىدا بىر نېمىلەر دەپ كالدىرلاپ بوۋاينىڭ قولىنى سىقتى. بەلكىم يېنىدىكىسىمۇ ئۇنىڭ سۆزىنى چۈشەنمىسە كېرەك، ئۇمۇ بوۋايغا ئوخشاشلا باش لىڭشىتىپ تۇرۇۋەردى.

— ھەددىڭ ئەمەس، — دېدى سېلىم بوۋاي ئۇلار كەتكەندىن كېيىن، — ئەگەر

بۇلاقلىرىمنى بېرىش توغرا كەلسە ھېلىقى ماڭا ئات-ھاۋا بەرگەن مىللىي ئارمىيەگە بېرىمەن. شۇلار ئىشلەتسۇن بۇ بۇلاقلارنى.

دېمىسىمۇ سېلىم بوۋاي شۇ قېتىمقى ۋەقەدىن خېلىلا تەسىرلەنگەن بولۇپ ئۇ كىشىلەرگە خۇددى مۇشۇ ماي بۇلاقلىرىغا ئېتىقاد باغلىغاندەك ئەقىدە تۇرغۇزغانىدى. ئۇنىڭدىن باشقا مۇشۇ يېقىندىن بۇيان داۋاملىق ئۆزىگە مېھمان بولۇپ كېلىۋاتقان ئېگىز بوي، بەستلىك، بېجىرىم بىر كىشى ئۇنىڭ رايىنى ئۆزىگە تارتقانىدى. ئۇ مايتاغدىكى قۇرۇلۇش باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ۋارىسجان تۇردى بولۇپ، ھەر قېتىم بوۋاينى يوقلاپ كەلگىنىدە بىر يېڭى خەۋەر ئالغاچ كېلەتتى. بوۋاي بىلەن ئۇزۇندىن ئۇزۇنغا ئەھۋاللاشقاندىن سىرت، بوۋايغا دۇتار چالدۇرۇپ ناخشا ئېيتقۇزاتتى. بەزىدە ئۆزىمۇ تەڭ تۇۋلاپ بوۋايغا تەڭكەش بولاتتى. قىزىق-قىزىق گەپلىرى بىلەن بوۋاينىڭ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرغاندىن سىرت چېچىنى چۈشۈرۈپ، ساقال-بۇرۇتلىرىنى چىرايلىق ياساپ قوياتتى. شۇڭلاشقىمىكىن سېلىم بوۋاي ئۇنى ئۆز ئوغلىدىن چارە، ياخشى كۆرۈپ قالغانىدى. ئۇنىڭ بۇ رايوننىڭ ھاۋارايى ئەھۋالى، تۆت پەسىلدىكى ئۆزگىرىشلەر ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئىشلار توغرىسىدىكى سوئاللىرىغا ئۆز تەجرىبىسى بويىچە ئېرىنمەي جاۋاب بېرەتتى. ئۇنىڭ مۇشۇ جاڭگالدا شەھەر قۇرىمەن دەپ تۈزگەن پىلانلىرىغا سېلىم بوۋاي كۈلۈپلا قوياتتى. «مەن 40 يىل مۇشۇ جايدا تۇرۇپ بىر كەپەمنى يېڭىلاپ بولالمايمەنۇ، ماۋۇنىڭ بۈگۈن كېلىپلا شەھەر بەرپا قىلىمەن دەپ پو ئېتىشلىرىنى قانداق قىلاي» دەپ مەسخىرە قىلىپمۇ قوياتتى، لېكىن نېمىلا بولمىسۇن ئۇنىڭ بوۋاينىڭ ئەجرىنى يۇقىرى باھالىغانلىقى، ماي بۇلاققا دائىر ئىشلارنى ناھايىتى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىغانلىقى، دەردىگە دەرمان بولغىدەك سۆزلىرى ئۇنى قايىل قىلغاچقا ئۇنىڭغا «قولىدىن ئىش كېلىدىغان يىگىتتەك قىلىدۇ» دېگەن باھانى بەرگەنىدى.

بۈگۈن كېچىچە چىققان غەربىي شىمال بورىنى ئەتىگەندە توختىدى. سېلىم بوۋاي كەپىسىدىن چىقىپ بۇلاقلىرى جايلاشقان دۆڭلۈككە چىقتى. ماي بۇلاقلىرى قاتتىق چىققان بوراندا چۇگا-چاتقاللار بىلەن كۆمۈلگەن بولۇپ ئۇلارنى ئېلىۋېتىش زۆرۈر ئىدى. ئۇ ئەمدىلا بىر بۇلاقنىڭ كۆزىنى ئادالاپ تۇرۇشىغا يىراقتىن قانداقتۇر بىر ماتورنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ قولىنى سايىۋەن قىلىپ ئاۋاز چىققان تەرەپكە قارىۋىدى، يولمۇ بولمىغان چىغىرىس تېغى باغرىدىكى ئېگىز-پەسلىك ئىچىدە بىر كىچىك ماشىنىنىڭ مەست ئادەمدەك لىڭشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. «يەنە ئاشۇلار بولسا كېرەك. بۇ تەرەپلەردە نېمە قىلىپ يۈرۈيدىغاندۇ بۇلار» دېگەنلەرنى ئويلىغان سېلىم بوۋاي، ئۇلارنىڭ يۆنىلىشىنى بىلىش ئۈچۈن مۆكچەيگەن بېلىنى رۇسلاپ قولىدىكى تاياققا مەيدىسىنى قويغىنىچە ئۇلارنىڭ قاياققا ماڭىدىغانلىقىغا دىققەت قىلىپ تۇردى. لېكىن بۇ ماشىنا باشقا ياققا ئەمەس، ئۇدۇل مۇشۇ بۇلاقلار جايلاشقان دۆڭلۈككە قاراپ كېلىۋاتاتتى. ماشىنا دۆڭلۈك باغرىغا كەلگەندە توختىدى. ئۇنىڭدىن 60 ياشلارغا يېقىنلاشقان بىر ئادەم بىلەن ياشقىنە بىر يىگىت چۈشتى. «يەنىلا ھېلىقىدەك بېشىمنى ئايلاندۇرۇپ قۇرۇق گەپ قىلىدىغانلار بولسا كېرەك» دەپ ئويلىدى بوۋاي ئۇلاردىن كۆزىنى ئۈزمەي.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم تاغا، سالامەت تۇردىلىمۇ؟ — ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى چوڭ ياشلىقى سالام قىلغاچ بوۋاي بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، نەدىن كېلىۋاتىسىلەر؟

— ئۈرۈمچىدىن.

— نەگە بارىسىلەر؟

— چۆچەككە.

— چۆچەك يولى ئاياغدا قالسا، بۇ ياقتا نېمە بار سىلەرگە؟! — بوۋاينىڭ چىرايى جىددىي تۈس ئالدى.

ھېلىقى ياشانغان كىشى كۈلۈۋەتتى. ياش يىگىت ئالدىغا ئۆتۈپ:

— بىز يولدىن ئېزىپ قالدۇق، — دېدى بوۋايغا يېقىن كېلىپ، — ھە راست تونۇشتۇرۇپ قوياي، بۇ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى بۇرھان ئەپەندىم.

— ھۆكۈمەت، رەئىس دېگەنلىرىڭنى ئۇقمايمەن بالام، ئىشقىلىپ يۇرت كاتتىلىرى ئوخشايسىلەر، ئەگەر مېنىڭ ئۆيۈمنى يات كۆرمىسەڭلار بىرەر پىيالە چاي ئىچىپ ئاندىن مېڭىڭلار، يولنى سىلەرگە ئۆزۈم تېپىپ بېرەي.

— سىلى بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىلا؟ — دېدى بۇرھان ئەپەندىم بوۋاينىڭ سۆزىگە قىزىقىپ.

— مەنما؟! — سېلىم بوۋاي ئېپتىخارلىق بىلەن مەيدىسىنى كەردى، — مەن مۇشۇ يەرنىڭ ئىگىسى.

— نېمە؟! — بۇرھان ئەپەندىم ھەيران قالدى، — سىلى ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان نېمە بار بۇ يەردە؟

— ماۋۇ بۇلاقلارنى كۆرمىدىڭلارمۇ؟! مانا مۇشۇ ماي بۇلاقلىرى مېنىڭ خەزىنەم. بىلسەڭلار بۇ بۇلاقلاردىكى قارا ماي ئەمەس، بەلكى جىرىڭلاپ تۇرىدىغان ئالتۇن. بۇنىڭ قەدرىنى پەقەت مەنلا بىلىمەن.

بۇرھان ئەپەندىم بىلەن ھېلىقى ياش يىگىت ماي بۇلاقلىرىنى ناھايىتى قىزىقىش بىلەن كۆردى. سېلىم بوۋاينىڭ زورلىشى بىلەن ئۇنىڭ كەپىسىگە كىرىپ جەرەن گۆشىگە ئېغىز تەگدى. بوۋاينىڭ تارىخىي كەچمىشىنى ئەستايىدىل ئاڭلىدى. ئۆيىنىڭ كەينىدىكى كولانغان يەرلىك، مال قورۇسى، قاپقان، سۇرلەنگەن گۆش، ئىسكىلات قاتارلىقلار بۇرھان ئەپەندىمنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى.

— مۇشۇ چۆلدە بىر ئۆمۈر ھاياتىڭىز ئۆتۈپتۇ، — دېدى بۇرھان ئەپەندىم سېلىم بوۋايغا ئىچ ئاغرىتىپ، — جاپانى تازا تارتىپسىز. ئەمدى سىزنى ھۆكۈمەت باقسۇن. ئۈرۈمچىگە بىز بىلەن بىللە قايتىپ كېتىڭ.

— رەھمەت، — دېدى سېلىم بوۋاي، — جاپا تارتقىنىم بىلەن قىينىچىلىقىم يوق. مۇشۇ بۇلاقلىرىمغا كۆنۈپ قاپتىمەن. رىسقىم كۆتۈرۈلگەندە بىر گەپ بولار.

بۇرھان ئەپەندىم سېلىم بوۋاينىڭ ئاددىي سۆزلىرىدىن ئۇنىڭ ئاشۇ ماي بۇلاقلارغا بولغان ئەقىدىسىنى چۈشەندى. ئۇنىڭ بۇ ساددا بوۋايغا بولغان ھۆرمىتى

ئاشتى. كۆڭلىدە بولسا ئۇنىڭ ئاخىرقى ئۆمرىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇش
ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ باش تارتىپ بولماس بۇرچى ئىكەنلىكىنىمۇ چوڭقۇر ھېس
قىلدى. ئۇ سومكىسىدىن بىر پارچە تامغىلىق قەغەزنى ئېلىپ ئۇنىڭغا بىر نەرسە-
لەرنى يازدى-دە، ئىمزاسىنى قويۇپ، ئۇنى بوۋاينىڭ قولىغا تۇتقۇزدى. (بۇرھان
شەھىدى يازغان بۇ خەتنى شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى قۇرۇلۇش شىركى-
تىنىڭ مانتىيورى ئۆمەرجان قاتارلىق بىر نەچچە كىشىلەر كۆرگەن.
سېلىم بوۋاينىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن بۇ خەت تېپىلمىدى. شۇڭا بۇ يەردە
ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى يازدۇق). خەتكە ئۆزىنىڭ يولدىن ئېزىپ قېلىپ، سېلىم بو-
ۋايغا يولۇققانلىقى، سېلىم بوۋاي ئۆز ئۆيىدە بۇلارنى مېھمان قىلىپ يولغا سالغانلى-
قى، ئەگەر بۇ بوۋاي بىرەر ئىش تۈپەيلىدىن ئۈرۈمچىگە كېلىپ قالسا ئوبدان كۈ-
تۈپ، مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر بىلەن كۆرۈشتۈرۈپ، ھەر قانداق قىيىنچىلىقى بولسا
دەرھال ھەل قىلىپ بېرىش كېرەكلىكى يېزىلغانىدى. سېلىم بوۋاي گەرچە خەت
تونۇمىسىمۇ مېھماننىڭ يۈزىدىن ئۇ خەتنى تەكەللۇپسىزلا ئالدى-دە، ئۇنى تۆت پۈك-
لەپ چەكمەن چاپىنىنىڭ ئىچ يانچۇقىغا تىقتى.

## ماي چىقتى

دۇتارىمنى ساز ئېتىپ،
باياۋاننى كېزىمەن.
ماي بۇلاقنى يىراقتىن
پۇرىقىدىن سېزىمەن.
(سېلىم بوۋاي قوشىقىدىن)

بۇ تۆپىلىكنىڭ ئۈستىدە تەبىئەت گۈزەللىكىنى نامايان قىلغۇچى ئوت-چۆپلەر-
مۇ، سۆكسۆك، يۇلغۇنلارمۇ يوق. ھەتتا قۇم-شېغىل ياكى قىزىل گېلىدىن تەركىب
تاپقان يەر قاتلىمىمۇ مەۋجۇت ئەمەس. خۇددى يىراقتىن قارىغان كىشىگە پارقى-
راپ تۇرغان ئالماستەك كۆرۈنىدۇ. يېقىن بېرىپ قارىغان كىشىنىڭ دىمىغىغا ئەڭ
ئاۋۋال بۇلاقلاردىن قايناپ چىقىۋاتقان مايىنىڭ قاڭسىق ھىدى ئۇرۇلىدۇ. بۇ بۇ-
لاقلارنىڭ ئەتراپى ئۇزۇلۇكسىز يېيىلغان تەبىئىي نېفىتنىڭ قېتىشىمىسىدىن ھاسىل
بولغان ئاسفالت قاتلام بىلەن ئورالغان. بۇلاقلار ئەتراپىدىكى لۆمشۈپ تۇرغان تۆ-
گىنىڭ ئۆركىشىدەك دۆمبەلچىلەردە ئولتۇرۇپ قاپقارا ماي يۈزىدە كۆك ئاسمان،
لەرزان ئېقىپ يۈرگەن بۇلۇتلارنىڭ شولىسىنى تاماشا قىلىش، دەممۇ دەم پەيدا
بولىدىغان كۆپۈكچىلەرنىڭ بارغانسېرى كېڭىيىشى ۋە ئۇنىڭ يېرىلىشىدىن پەيدا
بولىدىغان سېسىق پۇراقنى ھىدلاپ ئولتۇرۇش سېلىم بوۋاينىڭ ئەڭ ھۇزۇرلۇق ئىش-
لىرىنىڭ بىرى، ئۇ بۇ ئادىتىنى كېيىنكى كۈنلەردە، بولۇپمۇ بۇرھان شەھىدى

كېلىپ كەتكەندىن كېيىن پات - پاتلا ئۈزۈپ قويىدىغان بولۇپ قالدى. بۇنىڭ سەۋەبى
قېرىلىقتىنمۇ ئەمەس ياكى بۇ جايىنىڭ ھامىنى باشقىلار قولىغا قالىدىغانلىقىغا تەن
بەرگەنلىكىدىنمۇ ئەمەس. بەلكى ئۇنىڭ ھاياتىدىكى ئۆزگىرىشلەر تۈپەيلىدىن ئىدى.
بۇنىڭ بىرى كېيىنكى ئائىلى لەيلىخان كېسەل سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كەتكەندىن كې-
يىن جۇمانىنىڭ: «بۇ زېرىكەرلىك ئىش ئىكەن، بۇنىڭدىن دېھقانچىلىق قىلسام ياخشى
ئەمەسمۇ» دەپ كېتىپ قېلىشى ئىدى. بوۋاينىڭ ئەمدى ماي توشۇشقا مادارى قالمى-
دى. لېكىن ئەقىدە قىلغان بۇلاقلىرىدىن يەنىلا ئايرىلمىدى. كۈنى پەقەت ئىچ پۇ-
شۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن قاپقان قويۇش، بۇلاقلارنىڭ كۆزىگە چۈشكەن چۆگىلا-چاتا-
قاللارنى تازىلاش بىلەنلا ئۆتتى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇنىڭ قەلبىنى لەرزىگە
سالىدىغان مۇنداق بىر نەچچە ئىش بولۇپ ئۆتتى. بىرى ئۇنىڭ تۇنجى ئايالىدىن
بولغان پەرزەنتى روشەنگۈل ئىككى بالىسىنى ئېلىپ چېپەيزىگە كەلدى. 40 يىللىق
جۇدالىق بىرىنى 75 ياشلىق قېرىغا، يەنە بىرىنى 40 تىن ئاشقان چوكانغا ئاي-
لاندۇرغان بولسىمۇ لېكىن ۋىسال شادلىقى ئاتا-بالا ئىككىسىنىڭ قەلبىنى تەسۋىر-
لىگۈسىز ھاياجانغا سالدى. ئۇلار 40 يىل جەريانىدىكى پاجىئەلىك كەچۈرمىشلىرىنى
سۆزلەپ ھارمايتتى. روشەنگۈل ئىككى پەرزەنتىنىڭ ئاتىسىنىڭ ۋاقىتسىز قازا تاپقانى-
لىقىنى ئېيتىپ يىغلىسا، سېلىم بوۋاي ئۆز قىزىنىڭ كىشىلەر ئىشىكىدىكى يېتىم-
چىلىك دەردىدە تارتقان ئازابلىق سەرگۈزەشتىلىرى ئۈچۈن ياش تۆكەتتى. ئاخىرى
سېلىم بوۋاي ئاكىسىنىڭ ئوغلى تۇردىغا (تۇردى ئازادلىق ھارپىسىدا سېلىم بوۋاي-
نى پاناھ تارتىپ جەنۇبتىن چىقىپ بوۋاينىڭ چېپەيزىدىكى يەر-سۇيىگە ئىگىدارچىلىق
قىلىپ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان) روشەنگۈلنى چېتىپ قويۇپ يەنىلا بۇلاقلى-
رىنىڭ قېشىغا كەتتى. شۇندىن كېيىن بوۋاينىڭ تۇرمۇشىدا يەنە بىر ئۆزگىرىش
بولدى. ئۇ خۇددى ياشىرىپ قالغاندەك بولۇپ قالدى. چۈنكى ئۇ ئاخىرقى ئۈمىدى —
قىزىنى تېپىش ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرغانىدى.

بۇ چاغدا بىرىنچى قۇدۇقنى قېزىش ئىشلىرى باشلانغان بولۇپ ھازىرقى قارا-
ماي شەھىرىنىڭ شەرقىي قىسمىدا تۇنجى بۇرغا ۋىشكىسى قەد كۆتۈرگەنىدى. سېلىم
بوۋاي نېفت ئىشچىلىرىنى كۆرگەندە خۇددى ئۆزىنىڭ قېرىنداشلىرىنى كۆرگەندەك
ھاياجانلاندى. ئۇلارنىڭ قۇدۇق قېزىشلىرىنى ھەۋەسلىنىپ كۆردى. ئۇلار بىلەن
ھال-مۇڭ قىلىشتى، كەپىسىگە باشلاپ ئاپىرىپ كېيىك گۆشىدە مېھمان قىلدى. ھەت-
تا قاپقانغا چۈشكەن جەرەنلەرنى ئېتىغا ئارتىپ بۇرغىلاش مەيدانىغىچە ئاپىرىپ بەر-
دى. چۈنكى ئۇ كېيىنرەك كۆپ كىشىلەر بىلەن ئۇچرىشىش، مۇڭدىشىش، سىردىشىش
ئارقىلىق بۇ ھۆكۈمەتنىڭ خەلقنىڭ ھۆكۈمىتى ئىكەنلىكىنىمۇ تونۇغانىدى. بىرىنچى
قۇدۇقتىن نېفت فونتانلىغاندا سېلىم بوۋاي بارلىق بۇرغىلاش ئىشچىلىرىغا ئوخشاش
ھاياجىنىنى باسالماي ئىشچىلار بىلەن تەڭ سەكرىدى. ئۇلارنىڭ شادلىقىغا شېرىك-
لەشتى، قايىل بولدى. قايىل بولغان يېرى بۇ ئەزىمەتلەرنىڭ يەر يېغىنى كۆلچەك-
تىن ئەمەس، نەچچە مىڭ مېتىر چوڭقۇرلۇقتىن ئاسمان - پەلەك ئېتىلدۇرغانلىقىدا ئىدى.

سىلىم بوۋاي بىرىنچى قۇدۇقتىن ماي چىققان ھامانلا چىپەيزىنگە قايتتى. شۇ چاغدا قۇرۇلۇش باشقارمىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ تۇرۇۋاتقان ۋارىسجان تۇردى كۆپ نەسىھەت قىلىپ، ئۇنى مۇشۇ جايدا تۇرۇپ قېلىشقا تەۋسىيە قىلسىمۇ سىلىم بوۋاينىڭ جاھىللىقى ئۈستۈن كەلدى.

— مەن كېتەي، — دېدى ئۇ ۋارىسجانغا، — ئەمدى بۇ جاي خەلقنىڭ قولىغا ئۆتتى. مەن خاتىرجەم بولدۇم. كۆلچەكلىرىمنى سىلەرگە تاپشۇراي، ئۇنى ئاسراڭلار، مېنىڭ چىپەيزىدە يەر - سۇيۇم، قېرىنداشلىرىم بار. ئاخىرقى ئۆمرۈمنى شۇ يەردە — قىزىمنىڭ يېنىدا ئۆتكۈزەي.

ھەقىقەتەنمۇ سىلىم بوۋاي ئاخىرقى ئۆمرىنى چىپەيزىدىكى قاراسۇ دېگەن جايدا تۈگەتتى. ئۇ گەرچە ماي بۇلاقلىرىنى تاشلاپ كېتىپ قالغان بولسىمۇ نېفىتلىكنى، ئۆز بۇلاقلىرىغا ئىگىدارچىلىق قىلىۋاتقان ئادەملەرنى ئۇنتۇمىدى. ھەر يىلى ئۆز يېرىدىن چىققان قوغۇن، تاۋۇزلارنى بۇرغىلاش ئەترىتىدىكى ئىشچىلارغا ئاپىرىپ بېرىپ ئۇلارنى يوقلاپ تۇردى.

سىلىم بوۋاي — بۇ خىسلەتلىك، جاپاكەش ئۇيغۇر پەرزەنتى 1958-يىلى سېنتەبىرنىڭ ئاخىرلىرىدا چىپەيزىنىڭ قاراسۇ دېگەن جايىدا 78 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى. لېكىن ئۇ قاراماي نېفىتلىكىنى تېپىش يولىدا شانلىق تۆھپە ياراتقانىنىڭ سىرتىدا ھۆكۈمەتنى شەھەرنى نەگە سېلىش، بۇ رايوننىڭ تۆت پەسلىدە بولىدىغان ئۆزگىرىشلەر، بورانىنىڭ يۆنىلىشى قاتارلىق جەھەتلەردە ناھايىتى ياخشى ماتېرىياللار بىلەن تەمىن ئېتىپ قويۇپ ئالەمدىن ئۆتتى. كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرغان يەنە بىر ئىش شۇ بولدىكى، ئىككىنچى قۇدۇقتىن گاز ئارىلاش سۇ چىقىپ كېتىپ ۋىشكا مۇز مۇنارىغا ئايلىنىپ قالغاندا، ئۇ ۋارىسجان قاتارلىق كىشىلەرگە مۇنداق دېدى:

— سىلەر ئاۋارە بولۇپ بۇ ياقنى قازماڭلار، ماي بۇياقتا ئەمەس، ئاۋۇ ياقتا.

بوۋاينىڭ كۆرسەتكەن تەرىپى ئۇنىڭ ماي كۆلچەكلىرىنىڭ شەرقىي تەرىپى ئىدى. دەرۋەقە بوۋاي كۆرسەتكەن تەرەپتە ھازىر نېفىتلىكنىڭ يۇقىرى مەھسۇلاتلىق قۇدۇقلىرى قېزىلىپ، سوتكىسىغا يۈز توننىدىن ئوشۇق نېفىت چىقىدىغان قۇدۇقلار بارلىققا كېلىپ ۋەتىنىمىزنىڭ نېفىت سانائىتى ئۈچۈن ئۆز تۆھپىسىنى قوشماقتا. بەلكىم ئۇنىڭ مۇشۇ بىر جۈملە خاسىيەتلىك سۆزى 40 يىللىق قىممەتلىك تەجرىبىلىرىنىڭ مەھسۇلىدۇر. بەلكىم بۇ خىسلەتلىك بوۋاي يەر قاتلاملىرى ھەققىدە مۇئەييەن ساۋاتقا ئىگە بولۇپ قالغاندۇر، جاپاكەش بوۋاينىڭ ئاشۇ ماي بۇلاقلىرى قېشىدا ئۆتكەن قىرىق يىللىق ھاياتىنىڭ ئۆزىلا بوۋاينىڭ خىسلىتىنى نامايان قىلىپ بەرمەمدۇ!

مەسئۇل مۇھەررىر ئالىمجان ئىسمايىل

سىراجىددىن سېيىتنىياز

# يەشگەم

(ھېكايە)



مەن مايتاغدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن.
بۈگۈن يەنە ئۇنىڭ قوينىدا يايرىغىلى
كەلدىم. مايتاغقا ھەر قېتىم كەلگىنىمدە
ياش چاغلىرىمدا بىللە ئوقۇغان ساۋاق-
داشلىرىم ياكى دادامنىڭ سەپداشلىرى
بىلەن ئۇچرىشىمەن. بۇنداق چاغدا خۇد-
دى قېرىنداشلىرىم بىلەن قايتا كۆرۈش-
كەندەك دىلىم يايراپ كېتىدۇ. ئۇلارنى
بىرەر يىل كۆرمەي قالسام ئون يىل كۆر-
مىگەندەك سېغىنىپ كېتىمەن. ئاھ، يۇرت
مۇھەببىتى، يۇرتىدىن ئايرىلىپ باقمى-
غانلار بۇنى چۈشىنەرمۇ؟!

مەن چوڭ ئاكامنىڭ ئۆيىدە ئۆسۈپ
چوڭ بولغان. شۇڭا ھەر قېتىم كەلگىنىم-
دە ئالتۇنخان يەڭگەم ئاپامنىڭ ئورنىدا
ئالدىمغا چىقىپ كۈتۈۋالىدۇ. ئۇزۇن يىل-
لار كۆرمىگەن پەرزەنتىنى قايتا كۆر-
گەن ئانىدەك ھاياجانلىنىپ باش - كۆزۈمنى
سىيلايدۇ، ياش تۆكىدۇ. شۇڭا مەنمۇ ئۇ-
نى بەك تەقەززا قىلماي پۇرسەت بولسىلا
پات-پات يوقلاپ تۇرىمەن. ئۇنىڭ ئۆيى-
دە تۇرغان چاغلىرىمدا مېنى مېھمان قى-
لىمەن دەپ بەك ئاۋارە بولۇپ كېتىدۇ.
ئاخشاملىرى ئەل-ئاغىنىلەرنىڭ ئۆيلىرى-
گە مېھماندارچىلىققا بېرىپ يېرىم كېچى-
لەردە كەلسەممۇ، ئۇخلىماي مېنىڭ كېپ-
لىشىمنى كۈتۈپ ئولتۇرىدۇ. شۇڭا مەن-
مۇ بالدۇرراق قايتىشقا تىرىشىمەن. دەم
ئېلىش ۋاقتىم توشۇپ، قايتىش تەرەد-
دۇتىغا چۈشكەن چېغىمدا ماڭا قىلىدىغان
سۆزلىرى كۆپىيىپ كېتىدۇ. مەندىن ئەن-
سىرەپ يەنە ياش تۆكۈشكە باشلايدۇ.
بەزىدە مەن ئۇنىڭغا:

— ئالتۇن ئاچا! نېمانچە قايغۇرىدى-
سەن، مەن ھازىر كىچىك بالا ئەمەسقۇ؟!
خاتىرجەم بول، مەندىن غەم قىلما،

دەيتتىم. ئۇ بولسا:

— ئۇكام، ھەرگىز ئۇنداق دېمە، سېنىڭ غېمىڭنى ئاكاڭ بىلەن ئىككىمىز قىلمىساق كىم قىلىدۇ. سېنى ئۆي-ئوچاقلىق قىلىپ، بىر-ئىككى بالاڭنى چوڭ قىلىپ بەرسەم دەيدىغان ئارزۇيۇم بار. ئاپام بىلەن دادام جان ئۈزۈش ئالدىدا سېنى بىزگە تاپشۇرغان. ئۇلارنىڭ ۋەسىيىتىنى ئورۇندىمىسام ئۇ ئالەمگە بارغاندا ئۇلارنىڭ يۈزىگە قانداق قارايمەن، — دەيتتى.

ئاكام باشلانغۇچ مەكتەپتە ئىككى-ئۈچ يىللا ئوقۇغان بولۇپ، ناھايىتى كەمسۆز ئادەم ئىدى. ھېسسىياتىنى سۆز بىلەن ئىپادىلىيەلمەيتتى. خۇش بولغاندا ئاۋازسىز ھىجىيىپ قوياتتى. خاپا بولسا قوشۇمىسىنى تۈرۈپ ئېغىر-ئېغىر پۇشۇلدايتتى. مەن ئۇنىڭ تاكى مۇشۇ كەمگىچە ئايالىغا ياكى بالىلىرىغا ئاچچىقلىنىپ بىرەر ئېغىز ۋارقىرىغىنىنى ئاڭلاپ باقمىدىم. ھەتتا دادام، ئاپام ۋاپات بولغان چاغدىمۇ ئاۋازىنى چىقارماي يىغلىغانىدى.

دەم ئېلىش ۋاقتىم توشتى. ئەتە قايتىمەن. ئالتۇن يەڭگەمنىڭ كۆڭلى يېرىم. ئۇ يېرىم كېچىگىچە پايپاسلاپ يۈرۈپ، مېنى ئۇزىتىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلدى. مەنمۇ ئۇخلىيالماي خىيال سۈرۈپ ياتتىم. بىر چاغدا يەڭگەم بىلەن ئاكامنىڭ دالاندا قىلىشىۋاتقان گەپلىرى قۇلىقىمغا كىرىپ قالدى.

— مەن ئەركىنجانغا كېلەر يىلى تويۇڭنى قىلىۋېتەيلى، يېشىڭمۇ ئېشىپ كېتىپ بارىدۇ دېدىم، — دېدى ئالتۇن يەڭگەم.

— ئۇ نېمە دېدى؟ — دەپ سورىدى ئاكام.

— ئىقتىسادىم ئاز، تويغا يەتمەيدۇ، ئالدىرىماي قىلايلى، دەيدۇ.

ئاكام ئۈنچىقمىدى.

— دادام ئەركىنجانغا قالدۇرغان ئىككى مىڭ يۈەن پۇلنى زەينەپگۈلدىن ئالساق، ئۇنىڭغا يەنە ئۆزىمىزنىڭ يىغقانلىرىمىزنى قوشساق تويىمۇ ئەل قاتارى ئۆتكۈزۈۋالارمىز، — دېدى ئالتۇن يەڭگەم.

— زەينەپ بېرەمدۇ؟!

— بېرەر، دادام ۋەسىيەت قىلىپ قالدۇرغان پۇل تۇرسا، ئەمدى كېرەك بولغاندا بېزىرىپ تۇرۇۋالماس، سىز ئاكىسى بولغاندىكىن گەپ قىلامسىز.

— ئۆزۈڭ گەپ قىل، — دېدى ئاكام.

— توۋا ماۋۇ ئادەمنى، سىڭىل ئۆزىڭىزنىڭ، قېرىنداش بولغاندىكەن ئۆزىڭىز گەپ قىلىڭ. مەن گەپ قىلسام باشقىچە چۈشىنىپ قالمامدۇ.

ئاكام يەڭگەمنىڭ گېپىگە جاۋاب قايتۇرمىدى. بىردەمدىن كېيىن ئۇنىڭ خورەك ئاۋازى ئاڭلاندى.

بۇ پۇلنى مەنمۇ بىلىمەن. دادام ۋاپات بولغاندىن كېيىن بۇ پۇل توغرىسىدا ئائىلىمىزدە جېدەل چىققىلى ئاز قالغانىدى.

دادام 50 - يىلىنىڭ بېشىدا مايتاغقا ئىشچىلىققا قوبۇل قىلىنغانىكەن، بىرەر يىلدىن كېيىن ئاپام بىلەن ئىككى ئاكامنى ۋە ئاچام زەينەپگۈلنى مايتاغقا ئېپكېلىپتۇ. مەن 52 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا مايتاغدا تۇغۇلغان ئىكەنمەن. دادام شوپۇر بولۇپ، دائىم سىرتتا يۈرەتتى. ھەپتە - ھەپتىلەپ

ئۆيگە كەلمەيتتى. ئۇ قايتىپ كەلسىلا
ئۆيىمىز ھېيت بولغاندەك قىزىپ كېتەتتى.
بۇنداق چاغلاردا بىز دادامنى چۆرىدەپ
ئولتۇرۇپ، بىر - بىرىمىزگە گەپ بەرمەي
تەڭلا چۇۋۇلدىشاتتۇق. پەقەت چوڭ ئاكاملا
بىر چەتتە ئۈن - تىنسىز ھىجىيىپ قاراپ
تۇراتتى. مەن دادامنىڭ قۇچىقىغا چىقى-
ۋېلىپ، بوينىدىن قۇچاقلاپ، باشقىلاردىن
جىقراق گەپ قىلىۋېلىش ئۈچۈن تىرىشات-
تىم. دادام ئەتىگەندە — مەن ئۇيقۇدىن
ئويغانمىغان چاغدىلا ماشىنىسىنى ھەيدەپ
چىقىپ كېتەتتى.

بۇ مېنىڭ بەش - ئالتە ياشقا كىرگەن
چاغلىرىم ئىدى. چوڭ ئاكام توختى زا-
ۋۇتتا ئىشلەيتتى. شۇ يىلى ئاتا - ئانام
ئۇنى ئالتۇنخان ئىسىملىك بىر قىزغا
ئۆيلەندۈرۈپ، توينى قىلىپ قويغانىدى.
كىچىك ئاكام بىلەن ئاچاممۇ ئوتتۇرا
مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ زاۋۇتقا ئىشقا ئورۇن-
لاشقانىدى. بۇلار ئىشقا كەتسە ئۆيدە
ئاپام بىلەن ئىككىمىزلا قالاتتۇق. ئالتۇن-
خان يەڭگەممۇ بىزنىڭ ئۆيگە كېلىپ
ئاپامنىڭ ئىش - كۈشلىرىگە ياردەملىشەتتى.
بىر ئائىلىدە قانچىلىك ئىش بار دەيسىز.
ئۇ ئىشلارمۇ دائىم بولۇۋەرمەيتتى. شۇڭا
ئالتۇنخان يەڭگەم مېنى كوچىلارغا ئېلىپ
چىقىپ ئوينىتاتتى. ماگىزىنلارغا ئېلىپ
كىرىپ ئويۇنچۇق، كەمپۈت قاتارلىق نەر-
سىلەرنى ئېلىپ بېرىپ مېنى خۇش قىلات-
تى. ھەرقانچە كەپسىزلىك قىلىپ كەتسەممۇ
خاپا بولماي، چىرايلىق نەسىھەت قىلىپ
كېپىكە كىرگۈزەتتى. مەن ئۇنىڭغا ناھا-
يىتى ئامراق بولۇپ كەتتىم. ئۇنى ئاچام
زەينەپگۈلدىنمۇ ياخشى كۆرەتتىم. زەي-
نەپگۈل ئاچام بەك ئاچچىقى يامان، تەر-
سا، جېدەلخور قىز ئىدى. خۇيى تۇتۇپ
قالسا ئۆيدىكى ھەرقانداق ئادەمنى سىل-
كىشلەيتتى. دادام ئۆيدە يوق چاغلاردا
ئۆيىمىزدە ئانچە - مۇنچە جېدەل - ماجىرا-
لارمۇ بولۇپ تۇراتتى. بۇنداق چاغلاردا
ئاپاممۇ ئۇنى يالغۇز قىز دەپ ئەتىۋارلاپ،
ئۇنىڭغا يان باساتتى. بۇ جېدەلنىڭ
كۆپىنچىسى ئىككىنچى ئاكام روزى بىلەن
ئاچامنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولاتتى. چوڭ
ئاكامنىڭ مىجەزى ئېغىر بولغاچقا، قۇلى-
قىغا ياقمايدىغان بىر - ئىككى ئېغىز گەپ
ئاڭلىسىمۇ قاپىقىنى تۈرۈپ، بىر - ئىككى
قېتىم ئېغىر پۇشۇلداپ جىم بولاتتى.
ئالتۇنخان يەڭگەمنىڭ يېشى ئاچامدىن
سەللا چوڭراق ئىدى. ئاچام بەزىدە
ئۇنىڭغىمۇ ئاچچىق گەپلەرنى قىلىپ، نەش-
تىرىنى سانچىۋالاتتى. ئالتۇنخان يەڭگەم
ئۇنىڭغا گەپ ياندۇرمايلا مىيىقىدا كۈلۈپ
قويۇپلا ئۆتكۈزىۋېتەتتى. بەزىدە مەن
يەڭگەمدىن:

— ئالتۇن ئاچا، سەن زەينەپتىن
قورقامسەن؟ — دەپ سورايتتىم. بۇ چاغدا
يەڭگەم يەنىلا ماڭا نەسىھەت قىلىپ:

— ئاچا دېگەن، ئۆزۈڭدىن
چوڭلار بىلەن تەڭ تۇرۇپ، ئىس-
مىنى ئاتىساڭ، خەقلەر سېنى ئەخلاقسىز
بالىكەن دەيدۇ، — دەيتتى.

— سەن ئۇنىڭدىن قورقامسەن؟ ئۇ
ساڭا ۋارقىرىسا خەقلەر ئۇنى ئەخلاقسىز
دېمەمدۇ؟ — دەپ سورايتتىم. ئۇنىڭ
«قورقمايمەن» دەپ جاۋاب بېرىشىنى ئارزۇ
قىلاتتىم. ئۇ بولسا:

— مەن ئۇنىڭدىن قورقمايمەن. گەپ
دېگەن ئېغىزنىڭ يېلى، سۆزلەپ - سۆزلەپ
توختاپ قالىدۇ. مەن چوڭ تۇرۇپ ئۇنىڭ

بىلەن تەك تۇرسام جىددەل چوڭقىيدۇ.
يۇر، بىزنىڭ ئۆيگە بارايلى، ساڭا ساقلاپ
قويغان ئوبدان نەرسىلىرىم بار، بىرىپ
يەۋالغىن، — دەپ ياشلىرىمنى سۈرتۈپ
قولۇمدىن يېتىلەپ ئۆيىگە ئېلىپ كېتەت-
تى. يەڭگەمنىڭ كۆكسى - قارنى دەريادەك
كەڭ ئىدى. شۇڭا ئاچامدىن باشقا ھەم-
مەيلەن ئۇنى ياخشى كۆرەتتۇق. يەڭگەم
شۇ چاغدا ئىككى قات ئىكەن، مەن
كىچىك بولغاچقا ئۇنى بىلمەي يۈرگەن
ئىكەنمەن. ئۇزۇنغا قالماي ئوغۇل بوۋاق-
تىن بىرنى تۇغدى. بۇ چاغدا مەن مەك-
تەپكە كىرگەندىم. مەكتەپتىن قايتقاندىن
كېيىن ئۇدۇل ئاكامنىڭ ئۆيىگە بىرىپ،
بوۋاقنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتىم. ئۆيدىكىلەرمۇ
مېنى ئاكامنىڭ ئۆيىدىن ئىزدەپ تاپىدى-
غان بولۇپ قالدى. بەزىدە زەينەپگۈل
ئاچام چىرايىدىن قار - مۇز ياغدۇرۇپ
يېتىپ كېلەتتى ۋە:

— قارنىڭ ئاچمىدىمۇ، كېلىدىغا تى-
قىلىدىغاننى تىقىپ، بىزگە ئېيتىپ قويۇپ
كەلسەڭ بولمامدۇ، ئادەمنى ئىزدىتىپ
ئاۋارە قىلغىچە، — دەپ قولۇمدىن سىلكىش-
لەپ سۆرەيتتى. بۇ چاغلاردا ئاپام ئىك-
كىنچى ئاكام روزىنىڭ توي تەييارلىقى
بىلەن ئالدىراش ئىدى. دادام دائىم دې-
گۈدەك سىرتتا بولغاچقا تويىنىڭ ئېغىر-
يېنىك ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئاپام
ئورۇنلاشتۇراتتى. قانداقلا بولمىسۇن تويى-
نىمۇ قەدىر ئەھۋال ئۆتكۈزۈۋالدۇق. لېكىن
تويدىن كېيىنلا ئاپام ئاغرىپ يېتىپ
قالدى. بۇ چاغدا دادام چۆلدىكى بىر
بورۇۋايىغا قورال - سايمان ئېلىپ
كەتكەنىدى.

ئاپامنىڭ كېسىلى كۈندىن - كۈنگە
ئېغىرلاشماقتا ئىدى. ئالتۇن ئاچام ئۇنىڭ
يېنىدا ئولتۇرۇپ يوشۇرۇنچە يىغلايتتى.
شۇڭا مەكتەپكە بارغۇم كەلمەيتتى. ئەمما
ئالتۇن ئاچام:

— جېنىم ئۇكام! مەكتەپكە بارمىساڭ
ئاپام خاپا بولىدۇ. قارىغىنا، سېنى مەك-
تەپكە بارماپتۇ دەپ خاپا بولۇپ كۆزىنى
ئاچمايۋاتىدۇ. سەن مەكتەپكە كەتسەڭ
كۆزىنى ئاچىدۇ، — دەيتتى.

مەن ئالتۇن ئاچامنىڭ گېپىگە ئىشى-
نىپ، مەكتەپكە كېتەتتىم. كەچتە مەكتەپتىن
ئۇدۇل دوختۇرخانىغا كېلەتتىم. قاچانلا
بارسام ئالتۇن ئاچام ئاپامنىڭ يېنىدىن
ئايرىلمايتتى.

ئاپامنىڭ تاماقتىن قالغىنىغا بىرنەچ-
چە كۈن بولغانىدى. كۈن بويى كۆزىنى
يۇمۇپ ياتاتتى. بەزىدە كۆزىنى ئېچىپ،
كىمنىدۇر ئىزدىگەندەك ئەتراپىغا قارايتتى.
ھازىرغىچە يادىمدا، ئۇ بىر قېتىم ماڭا
ئۇزاققىچە تىكىلىپ قاراپ ياتتى. ئۇنىڭ
كىرپىكىدە ئىككى تامچە ياش توختاپ
قالغانىدى. ئالتۇن ئاچام:

— ئاپا! كۆڭۈللىرىنى يېرىم قىلمى-
سىلا، ئەركىنجاننى ئۆز باللىرىم قاتارىدا
چوڭ قىلىپ قاتارغا قوشىمەن. ئوبدانراق
دەم ئېلىپ، پاتراق ساقايسىلا، — دېدى.

ئاپام ئالتۇن ئاچامغا مىننەتدارلى-
قىنى بىلدۈرۈپ، بېشىنى سەل - پەل
ئېگىپ، كۆزىنى يۇمدى. ئالتۇن ئاچام
پاكىز لۆڭگە بىلەن ئاپامنىڭ ياشلىرىنى
سۈرتتى. كەينىگە ئۆرۈلۈپ ئۆزىنىڭمۇ
ياشلىرىنى سۈرتتى.

ئەمدى بىلسەم ئاپام شۇ چاغدا
«بالام، كىچىك قالدىغان بولدۇڭ، مېنىڭ-
دىن كېيىن قالساڭ ھالىڭ نە بولار»

دەپ مېنىڭ تەقدىرىمدىن ئەنسىرىگەنىكەن.

دادام شۇ چاغدا ماشىنىسىنى هەيدەپ يىراق بىر جايغا كەتكەنىدى. بىر كۈنى ئۇستىبېشى چاڭ - توزانغا كۆمۈلگەن، قولى هاي يۇقى هالدا دوختۇرخانىغا كىرىپ كەلدى. ئاپامنىڭ قېشىغا كېلىپ:

— رەيهان، رەيهان! نېمە بولدۇڭ؟ كۆزۈڭنى ئاچقىنە، مەن كەلدىم...— دەپ ئاپامنى چاقىرىشقا باشلىدى.

ئاپام ئۇيقۇدىن ئويغانغاندەك پاللىدە كۆزىنى ئېچىپ، بېشىنى كۆتۈرۈشكە ئۇرۇندى.

— قوزغالما، جىم يات! ئۈزۈلۈپ قالىسەن. ئەهۋالىڭ قانداقراق؟ — دېدى دادام ئاپامنىڭ كارىۋىتىغا ئېگىشىپ.

— ئەمدى كەلدىڭىزما؟ يولىڭىزغا قارىغىلى... خېلى كۈن بولدى. مەن... مەن... سىلەرنى تاشلاپ... كېتىدىغان بولدۇم... — دېدى ئاپام ئۈزۈپ - ئۈزۈپ سۆزلەپ.

— ياق! هەرگىز ئۇنداق دېمە! ساقىيىپ قالىسەن، خۇدايىم شىپالىق بېرەر، — دېدى دادام يىغلامسىراپ.

— كېسىلىم ... ئۆزۈمگە ... ئايان. مەن... ساقىيالمايمەن... ئەركىنجان كىچىك قالدى... ئۇنىڭ بوينىنى قىسىتىپ قويماڭ! مېنىڭدىن... رازى بولۇڭ، — دېدى ئاپام پەس ئاۋازدا. ئاندىن كېيىن نەزەرىنى ئالتۇن ئاچامغا يۆتكىدى، — ئالتۇنخان قىزىم... مېنىڭدىن رازى بولغىن، ئەركىنجاننى... ساڭا تاپشۇردۇم!... هەممىڭلار رازى... بولۇڭلار...

شۇنىڭدىن كېيىن ئاپامنىڭ بېشى ياستۇققا قېيشىيىپ قالدى، كۆزى ئوچۇق ئىدى - يۇ، قارىچۇقى مىدىرلىمايتتى. ئۇنىڭ نەپسى توختىغانىدى.

بىز زار - زار يىغلاپ ئاپامنى يەرلىككە قويدۇق. ئالتۇن ئاچام هەممىمىزدىن بەكرەك يىغلىدى. يەتتە نەزىرىدىن كېيىنمۇ يېشى قۇرۇمىدى.

دادام ئاپامنىڭ يەتتە نەزىرىنى بېرىپ بولۇپلا ماشىنىسىنى هەيدەپ چىقىپ كەتتى. ئۆيدە زەينەپ ئاچام بىلەن ئىككىمىزلا قالدۇق. ئاچام كېچىلىك سىمېنىغا چىقىپ كەتسە ئالتۇن ئاچامنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالاتتىم. بۇنداق چاغدا ئالتۇن ئاچام بىلەن يېرىم كېچە بولغىچە مۇڭدىشاتتۇق.

— ئالتۇن ئاچا! دادام قاچان كېلەر؟ — دەپ سورايتتىم.

— پات ئارىدا كېلىپ قالار.

— ئاپام بولمىغاندىن كېيىن دادام يىراقلارغا بارمىسا بولمامدۇ؟

— دادام بىچارىگىمۇ تەس. سىرتلاردا يۈرسە دەردلىرىمۇ بىرئاز يەڭگىللەپ قالار، بولمىسا ئاغرىپ قالىدۇ، — دەيتتى ئالتۇن ئاچام.

ئاغرىپ قالىدۇ. دېگەن گەپنى ئاڭلىسام دادامىمۇ كۆزۈمگە دوختۇرخانىدىكى كارىۋاتتا ياتقاندەك كۆرۈنۈپ، تەنلىرىم چىمىلدايتتى. ئاغرىپ قالمايدىغانلا ئىش بولسا بولدى، دادام سىرتلاردا يۈرۈۋەرسۇن دەپ ئويلايتتىم. چۈنكى ئاپام جان ئۈزگەندە دادام بەك ئۇزاق يىغلىغان، ئاپامنىڭ يەتتە نەزىرىنى بەرگەندىمۇ ئۇنىڭ يېشى قۇرۇمىغانىدى.

دادام بەزىدە ئۈچ - تۆت كۈندە، بەزىدە ئون كۈندە قايتىپ كېلەتتى ۋە ئۆيدە بىر كېچە قونۇپلا ئەتىسى يۈك

ساپى بولسا ئەركىنجاننى شۇ بېقىپ، چوڭ قىلىپ قاتارغا قوشسۇن. بۇ ئىككى مىڭ سوم پۇلنى ئەركىنجاننى ئۆي-ئوچاقلىق قىلغاندا خىراجەت قىلسۇن، قايسى بالام ئەركىنجاننى ئۆز تەربىيىسىگە ئالسا پۇلنى شۇنىڭ قولىغا بېرىڭلار» دەپ ۋەسىيەت قىلغان، شۇنداققۇ، ئاغىنىلەر، — دېدى قادىر تاغام. ئىككىيلەن «شۇنداق، شۇنداق» دېيىشىپ قادىر تاغامنىڭ گېپىنى تەستىقلاشتى.

— ئەمدى ئېيتىڭلارچۇ، بۇ پۇلنى قايسىڭلار ئالىسىلەر؟

ھەممەيلەن گەپ قىلماي، دېمىنى ئىچىگە يۇتۇپ ئولتۇرۇشتى.

— گەپ قىلمايسىلەرغۇ، بۇ پۇلنى ئېلىشنىڭ شەرتى ئېغىر مىكەن؟ — دېدى قادىر تاغام ھەممە ئادەمنىڭ چىرايىغا بىر بىرلەپ سىنچىلاپ قاراپ.

— قادىراخۇن ئاكا، مەن گەپ قىلسام پۇلنى كۆزلەپ شۇنداق دەۋاتىدۇ دەپ ئويلاپ قېلىشمىسىلا، — دېدى ئالتۇن ئاچام بېشىنى كۆتۈرۈپ، — مەن بۇ چەكنى تۇتمايمەن. رەھمەتلىك ئاپام جان ئۈزىدىغان چاغدىلا ئەركىنجاننى ماڭا تاپشۇرغان. ئۇ چاغدا زەينەپگۈل ئۆيدە بولغاچقا ئەركىنجاننى ئۆيۈمگە ئېلىپ كەتمىگەن ئىدىم. ئەمدى زەينەپگۈل توي قىلىپ چىقىپ كەتتى. ئەركىنجان ئۆيدە يالغۇز قالسا بولمايدۇ. ئەركىنجاننى ئۆزۈم بېقىپ قاتارغا قوشىمەن. ئۆي-ئوچاقلىق قىلىمەن، — ئۇ سۆزلەپ بولۇپ ئاكامغا قارىدى. توختى ئاكام رازىمەنلىك بىلەن بېشىنى لىڭشىتىپ ئۆزىنىڭ قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

— توختى بىر ئادەم ئىشلەپ بەش جاننى بېقىۋاتىدۇ. قىينىلىپ قالارسىلەرمىكىن، — دېدى قادىر تاغام سەل خاتىرجەم بولمىغاندەك.

— بەش جاننىڭ قورسىقى تويغان قازاندا ئالتە جاننىڭمۇ قورسىقى تويىدۇ، — دېدى ئالتۇن ئاچام.

— بىزمۇ قاراپ تۇرماسمىز، — دېدى روزى ئاكام. ئۇنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ، مەرەمنىسا يەڭگەم ئۇنىڭغا كۆزىنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ ئالايدى.

— ئەركىنجاننىڭ ئۆزىدىن سوراپ باقايلى، ئۇ قايسى ئۆيدە تۇرۇشنى خالايدۇ؟ — دېدى قادىر تاغام. مەن:

— ئالتۇن ئاچامنىڭ يېنىدا تۇرىمەن، — دەپ جاۋاب بەردىم-دە، يۈگۈرۈپلا ئۇنىڭ يېنىغا باردىم. ئۇ مېنى مەھكەم قۇچاقلاپ باغرىغا باستى. ئۇ ماڭا يەڭگەمدەك ئەمەس، ئاپامدەك بىلىنەتتى.

— ئەمدى پۇلنىڭ چېكىنى ئالتۇنخان ئېلىشنى خالىمىسا... ئۇنى بىز ساقلايلى، — دېدى مەرەمنىسا يەڭگەم ئۆزىنىڭ مۇددىئاسىنى ئاشكارىلاپ.

— مەنچۇ، ئەركىنجاننىڭ بىردىنبىر ئاچىسى، ئايال قېرىنداش ئۆز ئىنىسىغا مېھرىبان بولىدۇ. بۇ پۇل مەندە تۇرسا ئەڭ ئىشەنچلىك، — دېدى زەينەپگۈل ئاچام.

— ئەركىنجاننىڭ ئىشى داداڭلارنىڭ ئارزۇ قىلغىنىدەك ھەل بولدى. داداڭلارمۇ ئەركىنجان ئالتۇنخاننىڭ يېنىدا تۇرسا خاتىرجەم بولىمەن دېگەنىدى. داداڭلارنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە

ئۆيدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئەرزىنچانغا قالدۇ. بۇنىڭغا توختى ئىگىدارچىلىق قىلدۇ. چەكنى زەينەپگۈلگە بېرىمەن. ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، زەينەپگۈل، ۋاقتى كەلگەندە پۇلنى ئۆسۈمى بىلەن قوشۇپ قايتۇرۇشىڭىز كېرەك. ئۇنداق قىلمىسىڭىز مەن دادىڭىزغا ۋەكالەتەن تەدبىر قوللىنىمەن، — قادىر تاغام چەكنى زەينەپگۈل ئاچامغا بېرىپ مەممەت تاغام بىلەن ساۋۇت تاغامنى باشلاپ چىقىپ كەتتى...

ئالتۇنخان يەڭگەم مېنى بېقىپ چوڭ قىلغىچە جىق جاپالارنى تارتتى. لېكىن قىلچە ۋايسىمىدى. ئىقتىسادتا قىينىلىپ قالماسلىق ئۈچۈن قۇرۇلۇشلاردا كېسەك، لاي توشىدى، كوچىلاردا هارۋا سۆرەپ ئەخلەت توشىدى. ئائىلە يۈكىنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن نۇرغۇن جاپالارغا بەرداشلىق بەردى. مەن ئۇنى ئاپامنى ياخشى كۆرگەندەك ياخشى كۆرىمەن. ئاپام هايات بولغان بولسىمۇ مېنى شۇنچىلىك باقارمىدىكىن.

## خاتىمە

مېنىڭ ئۆي- ئوچاقلىق بولغىنىمغا بىر قانچە يىللار بولدى. ئىككى باللىقمۇ بولدۇم. يېشىممۇ قىرىققا يېقىنلاشتى. توختى ئاكام بىلەن ئالتۇنخان يەڭگەمنى پۇرسەت بولسىلا يوقلاپ تۇرىمەن. زەينەپگۈل ئاچام بىلەن ئاندا ـ ساندا ئۇچرىشىپ تۇرىمەن. توي قىلىدىغان چېغىمدا ئۇ « پۇلنى سېنى چوڭ قىلغىچە خەجلەپ بولدۇق، بىر قىسمىنى سەن ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغان چېغىڭدا خىراجەت قىلىشىڭغا ئەۋەتىپ بەردۇق (يىلىغا يىگىرمە يۈەندىن تۆت يىلدا سەكسەن يۈەن پۇل تاپشۇرۇپ ئالغانىدىم). قالغىنىنى سېنى يوقلاپ بارغان چاغلىرىمدا خىراجەت قىلدىم، شۇنىڭ بىلەن ئۇ پۇللار تۈگىدى. ئوغۇل بالا دېگەن نومۇس قىلماي خوتۇن كىشىدىن شۇنچىلىك پۇلنىمۇ سورامدىكەن» دەپ تۇرۇۋالدى. راست، ئۇ بىر چاغلاردا ئۇرۇمچىگە ئوينىغىلى بېرىپتىكەن. شۇ چاغدا ياتاقتىمۇ كىرمەي، دەرۋازا ئالدىدا مەن بىلەن ئامانلىق سورىشىپلا قايتىپ كەتكەنىدى. توي قىلغان چېغىمدا يەنىلا ئالتۇنخان ئاچام ئەسقاتتى. يېمەي ـ ئىچمەي يىغىپ قويغان پۇللىرىنى قولۇمغا تۇتقۇزدى. خىزمەتكە چىققاندىن كېيىن ئۇنىڭغا ھەر ئايدا ئانچە-مۇنچە پۇل ئەۋەتىپ تۇرغانىدىم. ئۇ پۇللارنىمۇ خەجلىمەي يىغىپ قويغان ئىكەن. ئۇنىمۇ تويغا ئىشلەتتۇق. هازىر تۇرمۇشۇم خېلى خاتىرجەم. ئىخ، ئالتۇنخان يەڭگەم، ئالتۇندەك يەڭگەم! مەن ساڭا قەرزدارمەن. سېنىڭ ماڭا قىلغان ياخشىلىقلىرىڭنى قاچانمۇ قايتۇرۇپ بولارمەن!

مەسئۇل مۇھەررىر روزىمەھەممەت جۇمە

ئىبراھىم نىياز

# شېئىر تەلەپ قىلىدۇ مەندىن

## سۆيگۈ

مەغرۇر قەددىڭ تىرەپ تۇرار ئاسماننى،
قونۇۋالار گاھى ساڭا بۇلۇتلار.
گۈرۈلدىگەن ئاۋازىڭغا قوشۇلۇپ،
جىلۋىلىنەر سۆيگۈ قۇچقان مىنۇتلار.

ھەمراھ ساڭا قانچىلىغان گۈزەللەر،
شېرىن ھېستا ئامرىقىنى ئەسلىشىپ.
ھەمراھ ساڭا قانچىلىغان يىگىتلەر،
مەردلىك ئۈچۈن ھەر قەدەمدە بەسلىشىپ.

ئايرىلىدۇ قانچىلىغان ئاتىلار،
سېنى دەپلا ئاشۇ ئىسسىق ئۆيىدىن.
تەلپۈنىدۇ سەن تەرەپكە باللار،
ئەسكە ئېلىپ ئاتىسىنى دىلىدىن.

سەن ھېرىسمەن كۈلكىسىگە ئۇلارنىڭ،
ئۇلاردىكى تاغدەك مەزمۇت تىلەككە.
سەن تەئەللۇق شادلىقىغا ۋىسالنىڭ،
ۋىسال ئۈچۈن تىپچەكلىگەن يۈرەككە.

مۇقام كەبى جاراڭلىغان ئاۋازىڭ،
ئۇزاپ كېتەر بارخان ئاتلاپ يىراققا.
كېچىلىرى ھەمراھ جانان چۈشىگە،
يۈرەكلەرنى سېلىپ ئوتلۇق پىراققا.

دېرىزىدىن قاراپ قالار ئويغىنىپ،
باققىنىدەك ئامرىقىغا گۈزەللەر.
ئۇخلىيالماس پىراق ئىچرە تولغىنىپ،
بوغۇزىدا قالار ئوتلۇق غەزەللەر.

تاش ئەمەس ئۇ گۈزەللەرنىڭ يۈرىكى،
چۈشىدىمۇ ئامرىقىنى چۈشەيدۇ.
دولقۇنلىنار شۇندا ئۇلار تىلىكى،
تىلىكىدە ئامانلىقىنى تىلەيدۇ...

ئېھ، ۋىشكىلار، سۆيگۈ قۇچقان ۋىشكىلار،
ساڭا شۇنداق ئوتلۇق كۆزلەر تىكىلەر.
سېنىڭدىدۇر مۇھەببەتلىك تىنىشلار،
سەندە ھارماس نېفىتچىلار يېتىلەر.

## تەبەسسۇم

ئانا يۇرتىنىڭ سۆيگۈسىنى بەردىڭ قاراماي،
بولدۇڭ جەننەت ئاتا قىلغان ئىككىنچى ئانا.

سۆيگۈلەرگە تولۇپ كەتكەن بارخانلىرىڭمۇ،
كۆيلىرىڭدىن سېھىرلەنگەن چېكى يوق دالا.

سەن توغرۇلۇق جىق ناخشىغا ئاشىق بولدۇمەن،
ھەم ھەقىقىي مۇھەببەتنى چۈشەندىم سەندىن.
باغرىڭدىكى قارا رەڭلىك سۈيۈق گۆھەرمۇ،
يالقۇنلىنغان شېئىر تەلەپ قىلىدۇ مەندىن.

ئېگىز بىنا، بالكونلاردا يانغان تەبەسسۇم،
جەلپ قىلار يىراقتىكى شائىرنىمۇ ھەم.
ئېھ، قاراماي گۈزەل شەھەر، گۈزەل ياشلىقىم،
سېنى شۇنداق ياراتقىنى قولى گۈل ئادەم.

## جۇڭغاردا قار...

دالىلار ئاق پەرىزات، ئاپئاق تونغا كۆمۈلگەن،
يۇرەكلەرنى ئورايدۇ باللىقنىڭ ھېسلىرى.
ناخشا ئۇنى كېلىدۇ ئاپئاق قارلىق دالىدىن،
قارلىق تاشلاپ ئوينايدۇ قاراماينىڭ قىزلىرى.

دەرەخلەردە ئاپئاق قار، يۇرەكلەردە چېچەك بار،
باھارغىلا ئوخشايدۇ ئۇپۇق سۆيۈپ ياتقان يەر.
نېفىتچىلار مۇقەددەس ناخشىلارنى توۋلايدۇ،
چۈنكى ئۇلار قەلبىدە لاۋۇلدىغان ئوت كۆيەر.

## ئۆكۈنمە

ئۆكۈنمە گۈزىلىم ماي ھىدى بىلەن،
كۆركىلى ئالدىڭغا قانداق چىقاي دەپ.
يۈزۈمدە قاپقارا ماينىڭ يۇقى بار،
ئاھ، سېنىڭ كۆزۈڭگە قانداق باقاي دەپ.

ئۆكۈنمە گۈزىلىم، يېقىن كەل جېنىم،
ماي يۇقى قولۇڭنى لېۋىمگە ياقاي.
تىترىسۇن ۋۇجۇدۇم سۆيگۈ تەپتىدە،
شۇ سۆيگۈ ياسىغان دەريادا ئاقاي.

## سېنى كۆيلەپ...

مېھرىڭ بىلەن مۆجىزىلىك ئادەم ئاتالدىم،
بولدى شۇڭا جىق قەسىدەم ساڭا تەئەللۇق.

كەلگۈسىدە ئىقتىدارلىق شائىر ئاتالسام،
يېزىلغۇسى ساڭا نېسىپ بولۇپ بۇ ئۇتۇق.

سەبدە باسقان قەدەملىرىم ئۈكۈشلۈق بولدى،
تورمۇز تۇتۇپ يەر قېزىشقا بولدۇم مۇيەسسەرە
ئاز بولسىمۇ چۆللىرىڭگە تۆكۈلدى تەرىم،
بىلدىم سېنى كىندىك قېنىم تامغان ئانا يەر.

نېفىتچىغا ئايلاندىم مەن گۆدەك بالىدىن،
ۋە ياراتتىم ماي ھىدى بار ناخشىلارنى ھەم.
سېنى كۈيلەپ شېئىرىمدا قانمىدىم تېخى،
چۈنكى سېنى تاپقان ئىكەن ئۇلۇغ بىر ئادەم.

## مۇقاملار ئەۋجىگە كۆمۈلگەن يۇرت بۇ

،كېچىسى يۇلتۇزغا، ئايغا ھەمنەپەس،
كۈندۈزى شۇ نۇرلۇق قۇياشقا ھەمراھ.
قىشلىقى قار - مۇزغا، كۈزدە ياپراققا،
نەۋ باھار ۋە يازدا ساباغا ھەمراھ.
ئاشۇنداق بىر مۇقام جۇڭغارغا ئەسرا.

قىش - يېزى ھەمىشە چۆلنى تىترىتىپ،
مۇقاملار ئەۋجىگە كۆمۈلگەن يۇرت بۇ.
يۇلتۇز، ئاي، قۇياشنى ھەيران قالدۇرۇپ،
ئىشقىدا ھەر نەپەس كۆيدۈرگەن يۇرت بۇ.
ئۇلۇغ مۆجىزە ياراتقان يۇرت بۇ،

مۇقامكى ۋىشكىلار ياڭراتقان قوشاق،
ئۇن ئىككى مۇقامنىڭ كۈيىدەك يارقىن.
بارخانلار قوينىمۇ تىترەيدۇ ھەر ۋاق،
كېلىدۇ ئۇنىڭدىن يېقىملىق بىر ئۈن.
ئەسلىتىپ مۇقاملار ئەۋجىنى ھەر كۈن.
قىش ۋە ياز قىز - يىگىت ئاشۇ دالىدا،
ئىشلەيدۇ ۋىشكىلار كۈينى ئاڭلاپ.

ئۇپۇققا تۇتاشقان بىپايان چۆلدە،
كېلىدۇ مېھنەتنىڭ كۈيىنى تووۋلاپ.
جاراڭلار بۇ سادا چۆللۈكنى قاپلاپ.

تۇغۇلغان كۈندىن باشلاپلا بۇ يۇرت،
شۇ بۈيۈك ناخشىنى ئېيتىپ تاراتقان.
نېفىتلىك قوينىدا جەڭگاھلار ياساپ،
قاغجىراپ بىر چۆلدە زەپەر ياراتقان.
چۆللەرنىڭ قوينىدا مۇقام ياڭراتقان.

ئۆيلىرى ھەيۋەتلىك ئېگىز بىنالار،
ھەر ياندا خۇشاللىق، تەبەسسۇم، كۈلكە،
ئايلاندى بۇ دىيار ئەجىر - مېھنەتتىن،
خۇش پۇراق ھىدىنى تاراتقان گۈلگە.
يوق ھازىر چۆللۈكتىن ئازراقمۇ بەلگە.

مېھنەتتىن قۇياشتەك پارلىغان يۇرت بۇ،
تاڭ بىلەن نۇرلىنىپ ياشنىغان يۇرت بۇ.

## تەۋرەنگەن خىيال

بىر كۈلكىدە تەۋرىنىپ غايىب بولدۇڭ نېمىشقا؟
شۇ كۈلكىنى سېغىنىپ بىدار بولدۇم ئۈيقۇدىن.

لاۋۇلدىدى قەلبىمدە مۇھەببەتنىڭ مەشئىلى،
خىيالىمنى يوقاتتىم ئاشۇ نازۇك تۇيغۇدىن.

يولۇقمىدى ئىككىنچى ئەسىر قىلغان تەبەسسۇم،
كىرپىكىمنى نەمدىدىم ھىجران بەرگەن ياش بىلەن.
چۈشەنمىدىم ئۇ گۈزەل قېچىپ يۈردى نېمىشقا؟
قاتۇرغانمۇ تەگرى يا يۈرىكىنى تاش بىلەن.

يوللىرىغا تەلپۈندۈم تالغىچە ئاھ، كۆزلىرىم،
ئەمما جاۋاب كەلمىدى غايىبانە سۆيۈشتىن.
يۈردۈم جۇرئەت قىلالماي دېرىزىدىن قاراشقا،
ئېغىر ئىش يوق ئىكەنغۇ كۆيۈپ ئۈنسىز يۈرۈشتىن.

## ۋۇجۇدۇمدا جاۋابىم مېنىڭ

ئۆتۈلگەنلىك ئوتتۇز يىل بۇرۇن،
سەن جۇڭغارغا كەتمە جېنىم دەپ.
ئۇ چۆللەردىن ئىزدىمە سۆيگۈ،
ئانا يۇرتتىن ئايرىلمىغىن دەپ.

شۇ سۆزۈڭنى بوگۈن ئولتۇرۇپ،
ئەسلەپ قالدىم قايتا، قايتىلاپ.
ئاشۇ سۆزۈڭ بىلەن كەتتىرىم،
ئۆتمۈشۈمنى ئۆتتۈم مەن يادلاپ.

ئۇ چاغلاردا قىران يىگىتتىم،
ئىشقى ئوتۇڭ تۇتاشقان ماڭا.
مەن ئاتلانغان بۇ يەرگە، ئەمما
ئېغىر كەلگەن ئايرىلىش ساڭا.

ھەرگە كېتىش مۇمكىن بولمىغان،
سېنىڭ رىسقىڭ زادى قوشۇلماي.
قالغان ئىدىڭ يېشىڭنى سورتۇپ،
مەن كەتكەنتىم سېنى ئالالماي.

ئەسلەپ كەتتىم جامالىڭنى ھەم،
سۇ چېچىشقان بولاق بېشىنى.
ئويلاپ ماڭدىم، ئايدىڭ كېچىدە،
ھىز يولەنگەن ئالما شېخىنى.

ئېلىپ كەتتىم يالدامىا قىلىپ،
سېنىڭ ئېيتقان ناخشىلىرىڭنى.
ئېلىپ كەتتىم خامان، ئېتىزدا
ماڭا ياققان كۈلكىلىرىڭنى.

سەنمۇ بوپسەن باللىق بوگۈن،
قىزىڭ كەپتۇ جۇڭغارغا مانا.
ئەمدى ئۇقسام قىزىڭغا ئوغلۇم،
سۆيگۈ ئوتى يېقىپتۇ يانا.

مەن شادلاندىم قارا، ئەي موماي،
ئۇلار بىزنى دورىغىنىغا.
ھىزدىن قېچىپ كەتكەن شۇ بەخت
باللارلى ئورنىغىنىغا.

شۇنداق دۇنيا ئىكەن ئەسلى بۇ،
بەخت ئۆزى ئۇچۇپ كەلمىگەن.
ئالقىشلايلى، شاراب ئال دەرھال،
بىز كۆرگەننى ئۇلار كۆرمىگەن.

چۈشەنگەنسەن ئەمدى سىرىمنى،
مەن كەتكەنتىم نېفىت ئىلىشقا.
كەچۈرگىن سەن قېرىپ قالسامۇ،
جۈرئەت قىلدىم لوقما سېلىشقا.

سورىغانتىڭ ئوتتۇز يىل بۇرۇن،
ياقا يۇرتتا نېم بار دەپ، ساڭا.
ئاڭ چاچلىرىم، بەرگىنە جاۋاب:
قايناق ھايات چۆلدە دەپ ئاڭا.

## رەنجىمەيمەن

ئىلىك ئالما مەيلى مېنىڭ سۆزۈمنى،
رەنجىمەيمەن ۋاپاسىزلىق قىلدى دەپ.
قىينىساڭمۇ ھىجرىڭ بىلەن قەلبىمنى،
رەنجىمەيمەن ماڭا ئازاب قىلدى دەپ.

چۈشەن ئەمما قەلبىمنى سەن دىلىڭدىن،
بېغىشلانغان ساڭا پۈتۈن ئەقىدەم.
ئۇنتۇلساڭمۇ يوقالمىسۇن چۈشۈڭدىن،
ئىشقىڭ بىلەن چېكىپ بارار ئىرادەم.

## زورلىما

زورلىما جەينامازئۈستىگە مېنى،
ھازىرچە «گۇناھ» نى تۇرسۇن يېزىلىپ.
پەرىشتە مۇرەممەدە قىلسۇن مىرزىلىق،
بىر كىتاب پۈتەر يا ئاخىر تىزىلىپ.

تەقدىرگە تەن بەردىم قاچاندىن باشلاپ،
شۇ چاغدىن تۇرمۇشقا قالدىم قۇل بولۇپ.
ھەر كىملەر ھەر نېمە دېدى ئارقامدىن،
دۇنيادا خىيالەن كەتتىم يوقىلىپ.

## ئاھ، قىز...

ئايرىلىشقا تەييارلىنىپ تۇرسەن،
سېغىندۇرۇپ، كۆزلىرىمنى تالدۇرۇپ.
سۆيگۈڭ بىلەن شاپىلاقلاپ ئۇرسەن،
مېنى دائىم ئارقاڭدىلا قالدۇرۇپ.

## سەن نېمانچە بەختلىك

ھەقىقەتەن بەختلىكسەن قۇدۇقلار،
ئاقار ساڭا مىليون يۈرەك سالىمى.
شىرىلدىغان ئاۋازىڭغا مەست بولۇپ،
سالار مىليون يۈرەكلەرنىڭ رىتمى.

نېفىتچى قىز يوقلار سېنى رەتمۇ رەت
سەندىن بىردەم ئايرىلالماي - كېتەلمەي،
سەن كۆرمىدىڭ، تەلمۈرىدۇ قانچىلار،
نېفىتچى بوپ قېشىڭغا ھەم كېلەلمەي.

سېنى كۈندە يوقلايدىكەن قۇدۇقلار
مەن تېخىچە كۆرەلمىگەن گۈزەللەر.
ئاشۇلاردا ساڭا قانماي بېقىشتىن،
ياڭرايدىكەن سېنى كۈيلەپ غەزەللەر.

ئامرىقىڭغا خۇش دېيىشىپ نەچچە قىز،
سېنى كۆزلەپ كېتىدىكەن سەھەردە.
ماڭا ئېيتقىن ماي قۇدۇقلار شۇ تاپتا،
شۇ گۈزىلىم سېنىڭ بىلەن قەيەردە؟

## كۆيۈكتاغ

كىملەر سېنى كۆيدۈرگەنتى ئەي زېمىن،
سەن نېمىشقا بولۇپ قالدىڭ كۆيۈكتاغ؟
تۇپراقلىرىڭ رەڭدار ئىكەن ئۆزگىچە،
ھەر تېشىڭدا مەۋجۇت ئىكەن ھەر خىل داغ

مەنمۇ سېنى كۆرەلمىدىم كۆيۈكتاغ،
خىيالىمدا كەتتى ئەمما سېنى دەپ.
ئۇقالمىدىم كىمنىڭ ئىشقى شۇنچىلىك،
كۆيدۈردىكىن، كۆيگەن ئىدىڭ كىمنى دەپ؟

## كەتتى سېنى دەپ

ساڭا ھايات ئىنئام قىلىش بورچىدا،
نېفىتچىلار كەتتى يەنە سېنى دەپ.
چەكسىز چۆلۈك ئالار بەلكى قۇچاقلاپ،
كېلىڭلارچۇ، تۆرىمىزگە قېنى، دەپ.

ئەمدى سەندە جاراڭلايدۇ ناخشىلار،
سەن قايتىدىن ياشىرىسەن كۆيۈكتاغ.
ماي ھىدىغا ئۇرۇلىدۇ قۇچىقىڭ،
بوپ قالىسەن ئەتە - ئۆگۈن گۈزەل باغ.

## سەن ئىلگىرى شەھەرمىدىڭ

ماڭا گويا رىۋايەتتەك تۇيۇلدى
سېنى ئەسلى شەھەر ئىدى دېيىشلەر.
ئىچىڭنى ئاھ، ماڭا يېرىپ تۆككىنە،
ئۆتكەن ئىدى قانداق ئىشلار - ئۆتمۈشلەر؟!

خىيالىم ئۆتمۈشۈڭنى ئىزدەيدۇ،
پۇچۇلىنار قەلبىم مېنىڭ پىراقتا.
كۆيدۈرگەنلەر تەبىئەتمۇ، ئادەممۇ،
قالدى شۇ ئىش زادى قانچە ئۇزاقتا؟

كۆرسەت ماڭا ئۆتمۈشۈڭنى كۆيۈكتاغ،
مەن باغرىڭدىن دۇردانىلەر ئاختۇراي.
ۋۇجۇدۇڭنى ناخشىلارغا تولدۇرۇپ،
سەندە نېفىت دەرياسىنى ئاقتۇراي.

## خەۋەر ئالغىن ئامرىقىمدىن

مەن بۇ يەردە تەنھا قالدىم كۆيۈكتاغ،
قۇچىقىڭغا كەتتى مېنىڭ ئامرىقىم.
ئۇ سېغىنسا مېنى سېنىڭ قوينۇڭدا،
تەسەللىي بەر!
ئۇدۇر ھايات چىرىغىم.

سېغىنىشتىن ئازابلانسا ئەگەردە،
تاراپ ئۆتسۇن شاماللىرىڭ چېچىنى.
تۇپرىقىڭغا تامچىمىسۇن كۆز يېشى،
ئۆتكۈزمىسۇن پىراق بىلەن كېچىنى.

سەندىن كۈتكەن ئۈمىدىم شۇ كۆيۈكتاغ،
خەۋەر ئالغىن ئامرىقىمنىڭ ھالىدىن.
ئۇ ئۇياقتا، مەن بۇ ياقتا تەلمۈرۈپ،
كۆز ئۈزمەيمىز كۆز يەتمىگەن دالىدىن.

## ۋۇجۇدۇمدا تەكرارلىنار بىر ناخشا

ئانا ئۇلۇغ دۇنيادا، ئانا بۈيۈك دۇنيادا،
بۈيۈكلۈكمۇ ئەسلىدە تۇغۇلىدۇ ئانىدىن.
ئانا مېھرى تەڭ ئەمەس دېڭىزلارغا - دەرياغا،
ئانا مېھرى مۇقەددەس مۆجىزىنىڭ بارىدىن.

ئانا تۇغار ئالىمنى، ئانا تۇغار شائىرنى،
ئانىلاردا دۇنياغا بېغىشلىنار مۇھەببەت.

ئانىلارغا قەلەملەر تۆكتەلمەس ئىزھارىنى،
ئانىلاردىن مەڭگۈلۈك تېپىلىدۇ سائادەت.

ئانىلاردا سۆيگۈ بار، ئانىلاردا ئەقىدە،
ئانىلارنىڭ قەلبىدە ئەۋلادلارغا تىلەك بار.
ئانا بىلەن تۇغۇلار بۇ دۇنياغا ئابىدە،
ئانىلاردەك قەلبىدە ئىنسانغا خاس يۈرەك بار.

ئۆلمىسە دەپ ئويلايمەن ئانىلارنى ھېچقاچان،
نەۋرىسىگە تەلمۈرۈپ كۈلسە دەيمەن تېلىقىپ.
بۇ جاھاننىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشقان ئانىلار،
يولىدىكى كۆشەندە كەتسە دەيمەن چېقىلىپ.

ۋۇجۇدۇمدا بىر ناخشا ئانام قىلغان ۋەسىيەت،
شەرەتلەيدۇ يۈكسەككە، شەرەتلەيدۇ پەللىگە.
ئىنسانلاردەك ياشاشقا دەۋەت قىلار ھەر سائەت،
يېتەيلىچۇ ئىنسانلار! ئانىلارنىڭ قەدرىگە.

ئىنسان دېگەن مەڭگۈلۈك ئانىنىڭلا بالىسى،
ئانىلارلا تەئەللۇق ناخشا، غەزەل، داستانغا.
قۇلىقىمدىن كەتمەيدۇ «ئەللەي» لىگەن ناخشىسى،
يۈدۈپ چىقساق ئەرزىيتتى ئانىلارنى ئاسمانغا.

## يۇرتۇم قەسىدىسى

ئەگىپ يۈرەر ئاق قۇسىمان بۇلۇتۇك،
ھەر ۋىشكاڭنىڭ ساداسىغا زوقلىنىپ.
مەپتۇن بولۇپ باقار كۆكتىن يۇلتۇزۇك،
باققانسېرى خۇشاللىنىپ، روھلىنىپ.

سۆيۈپ قانماس سېنىڭ سېرىق توپاڭنى
ھەر سەھەردە كۆتۈرۈلگەن قۇياشمۇ.
بارخىنىڭدىن ھالقىپ يۈرەر تورغىيىك،
ئۇنىڭ ئۈچۈن راھەت سەندە ياشاشمۇ.

تارقىلدۇ سەندە ناخشا ساداسى،
قانماس ئەسلا جۈپ گەۋدىلەر پىچىرلاپ.
قاياقتىندۇر تانسا كۆيى ئاڭلىنار،
تاڭدا يۈرەر بوز تورغايلار ۋىچىرلاپ.

يىراقلاردا بارخانلىرىڭ چوقچىيىپ،
ئايسىز كېچە كۆرۈنىدۇ قارىيىپ.
ۋىشكىلىرىڭ گويا ئاسمان تۈۋرۈكى،
چولپىنىڭمۇ باقار ساڭا قايرىلىپ.

سېنىڭدىكى شائىرلارمۇ ئۆزگىچە،
ماي پۈرايدۇ مىسرالىرى ئىچىدە.
ئىلھام كەلسە، باقار ساڭا قىيالماي،
قەلەم ئالار ھەتتا يېرىم كېچىدە.

خىسلىتى بار سۇمبۇل چاچلىق قىزىڭنىڭ،
ئاق ئۆي ئارا قۇملىرىڭنى كېزىدۇ.
ئاشۇلاردا بىر سۆيگۈ بار مۇقەددەس،
ھەر ناخشاڭنى گويا مۇقام سېزىدۇ.

ئاسمىنىڭدا كۆرۈنگىنى سىر ئەمەس،
تۇپرىقىڭدا ھېكمەت تولۇپ ياتىدۇ.
ھەر ئوغلۇڭدا ئۆزگىچە بىر مۇھەببەت،
سېنى كۈيلەپ ناخشىلارغا قاتىدۇ.

ئانام كەبى سۆيۈنۈمەن سېنىڭدىن،
ياتقۇم كېلەر تۇپرىقىڭنى قۇچاقلاپ.
ئانا يۇرتۇم، يۇلتۇز تولغان ئاسمىنىڭ
كېلەر مەندە بىر ئىزگۈنى تولۇقلاپ.

## ھەيكەلتىراش

ئېمە سېنىڭ ئويۇپ چىققىنىڭ،
بىر قاراپلا بىلمەيدۇ ھېچكىم.
قەلبىڭ شۇنداق ئازابقا لىقمۇ،
شۇنى سىزىپ چىققانسەن بەلكىم.

شۇنداق بىر يۈرەك سىزىپ چىقىپسەن،
ئۆلمەس بىر ناخشا يېزىپ چىقىپسەن.
ۋىسالىغا قانالمىدىم، دەپ
ئاخىردا ھېسرىتىڭنى ئېچىپ،
ئىمزايىڭنى قېزىپ چىقىپسەن...
ياق، بىلىپ قالدىم بۇ نۆۋەت
ھەيكەل ئەمەس ئويۇپ چىققىنىڭ،
بېرىپسەن
ئۆز جېنىڭنى ئاڭا ئۆتۈنۈپ.

تۇرمامدۇ ئەنە بىر قىز،
بىر ساڭىلا تىكىلگىنىچە،
ئۆز خۇدىنى يوقىتىپ، كۈلۈپ...
مەيلى دېگىن،
سۆيەلمىگەن بولساڭ ئۆزىنى.
ھەيكىلىنى كۆچۈرۈپ كېلىپ
سۆيگەنىدىكىن ئۇنىڭ روھىنى.
ئاھ، پەقەت مۇشۇنىڭدىلا،
بار ئەمەسمۇ تاتلىق بىر ناخشا.
ھېچبىر ئادەم تېخى ئىشىتمىگەن
ئۆلمەس سەبىي بىر كۈي بار،
ھەيكىلىڭنىڭ بېقىشلىرىدا...
ماڭمۇ بىر ئويۇپ بەرگىنە،
مەن سۆيەلمىگەن
ماڭا نېسىپ بولمىغان قىزنىڭ
ھەيكىلىنى يۈرىكىمگىلا...
ئوخشاپ قالدى،
ئوخشاش ئىكەن كەچۈرمىشىمىز...

## مەن سېنىڭ روھىڭدا تىرىلگەن ئۈمىد

ئۆلۈپ قالدىم سۆيۈلگىنىمدە،
روھىڭدىكى ئۈمىدلەر سىياق.
كىرەمدىمەن چۈشۈڭگە ئەمدى،
غېرىبانە كۈيلىرىم بىلەن
كۆزلىرىڭگە تىكىلىپ ئۇزاق؟!
ساڭا مەلۇم ناخشامنى باشلاپ،
سالدىم ساڭا يەنە بىر پىراق.
ئېيتالامسەن مېنى ئۆلدى دەپ،
مەن روھىڭدا تىرىلگەن بوۋاق...

## ئىككى ئالەمدە ئۆلمىگەن ئىنسان

(باللادا)

(بۇ ئەسىرىمنى تۇنجى ئۇيغۇر نېفىتچىسى سېلىم بوۋايغا بېغىشلايمەن)

1

كۆرەلمىگەن ئىدىم، ئاھ، سېنى
بۇ ئالەمگە كەلگەچ كېچىكىپ.
پەقەت ئەمدى كۆردۇم مەن سېلىمە
ھەيكىلىڭگە غەمكىن تىكىلىپ.

بارخانلارغا باقتىم كۆپ، ئۇزاق،
سېغىنىشىم ياندى ئوت بولۇپ.
سېنى كىملەر سېغىنار بوۋا،
يەنە كىملەر كەتتى ئۇنتۇلۇپ؟!
ماي توشۇغان قاپىقىڭ نەدە؟
كەتكەنىدى ئېشىكىڭ قايان؟
سەن قالدۇرۇپ قويغانمۇ ياكى
خىلۋەت جايدا،
قاچىلاپ ھىجران؟!

2

بۇرغا ئۈنى كېلەر دالىدىن،
خىيال كېزەر قەلبىمنى بۇدەم.
تونۇش بولۇپ قالغان شۇ سادا
ناخشىلاردەك گۈزەل ھېلىھەم.
مەن قانداقمۇ ئۇنتالاي سېنى،
ئۇ ئەمەسمۇ بوۋامنىڭ ئۈنى!

ئىزگۈ خىيال — سېھىرلىك ناخشا
شېرىن چۈشكە كېتىپتۇ باشلاپ.
ئويغانغاندىن كېيىنلا بىلدىم
قالغىنىمنى خېلى جىق ئۇخلاپ.
ئويلىغاننى خېلىدىن بۇيان،
چۈشەپتىمەن بۈگۈنلا پەقەت.
غەمكىن ئىلھام سۆيدى بىردىنلا،
تاپتى قەلبىم يىللىق ھارارەت.

3

پورۇقلارمىش كۆلچەكتە راستۇر،
قاينامىلىرى ياساپ چەمبىرەك.
تۇرارمىشمەن ئۆزۈمنى ئۇنتۇپ،
شېرىن كۆيگە تولۇپ بۇ يۈرەك.
قايسى كۈچكىن، مېنى تارتقىنى،
چۈشۈپ كەتتىم راستۇر ئىچىگە.
ئەجدىھادەك يوغان بىر نەرسە
يۇتقان ئىمىش مېنى غۇرتتىدە.
مەن راستۇرغا قالدىم ئايلىنىپ،
ئۆز - ئۆزۈمگە ئىشەنمەي تۇرۇپ،
بارارمىشمەن تارغىنا يولدا
ئىككى ياقا قاتتىق سوقۇلۇپ.
پۈركۈۋەتتى دولتا كۆزىدىن
مېنى كۈچلۈك ناسوس بېسىمى.
ۋۇجۇدۇمدا بار ئىمىش، لېكىن
ھاياتلىقنىڭ ئوتلۇق سېزىمى.
كىرىپ كەتتىم يەرنىڭ قېتىغا
شىددەت بىلەن ئوقتەك ئېتىلىپ.
كۆز ئالدىمدا بىر قارا دېڭىز،
جىمجىت ياتار ئىمىش يېيىلىپ.
ئويلارمىشمەن:
نېمە كارامەت
مېنىڭ بۇندا كۆرۈپ تۇرغىنىم،
قېنى سىلەر، نېفىتچى دوستلار،
بىللە ئۆتكەن قېرىنداشلىرىم
ئاۋازىمنىڭ ئەكسى كېلەرمىش،
يىراقلاردىن شۇنچە جاراڭلاپ.
يان تەرەپكە بۇرۇلدۇم ئاستا،
ئىككىنچى بىر ئاۋازنى ئاڭلاپ:
— كىم بولسەن سۆيۈملۈك بالام،
نېفىت ئىزدەپ كەلدىڭمۇ بۇيان؟
ئۇنتۇماپسەن مېنى ھېلىمۇ،
ئوغلۇمغا خاس قۇچاقلاپ ئارمان.
ئاپئاق ساقال، ئاق چاچ بىر بوۋاي
كۈلۈمسىرەپ تۇرار ئالدىمدا.
گويا خىزىر بىلىنىپ شۇدەم،
تەزىم قىلدىم ئېگىلىپ ئاڭا.
تونۇۋالدى بىردىنلا كۆڭلۈم،
مەن سېغىنغان بوۋامغۇ بۇ دەپ.
قۇچاقلىدىم ھاياجان ئىچرە،

چىدالمىدىم، كەتتىم ئېسەدەپ،
سېلىم بوۋا، سۆيۈملۈك بوۋا،
بولدى ئاخىر كۆرۈشكە نېسىپ.
قىلالمىدىم باشقا سۆز، ئەمما
سۆيەرمىش ئۇ باغرىغا بېسىپ.
ئۇ سۆزلەرمىش قولۇمنى تۇتۇپ:
— قارا ئوغلۇم، ئامانەتنى ئال.
قاراماي ئـۇ — سوزۇلۇپ ياتقان،
كۆز تالغىچە راسا كۆرۈۋال.
بىر زامانلار ساقلىغانىدىم
جۇڭغاردىكى قارا گۆھەرنى.
شىخوخىمۇ ئاپارغان يەنە
يېڭىپ نۇرغۇن مۇشكۇل سەپەرنى...
قايتىپ بارساڭ ئېسىڭدە بولسۇن،
جۇڭغار دېگەن نېفىت دېڭىزى.
ئەنە قارا، تولۇپ يېتىپتۇ
قىزىلىمىغان قۇدۇق ئېغىزى.
مانا ئاشۇ دېڭىزدەك تۇرغان
بايلىقىڭلار سىلەرنىڭ ھامان.
توختىماڭلار قېزىشتىن ھەرگىز،
ئەۋلاد بولسۇن بەختىيار، ئامان.
تۇرار ئىمىش ئېشىكى ئۇنىڭ
تولۇملارنى ئەپچىل كۆتۈرۈپ.
قاراپ - قاراپ تۇرارمىشەن جىم،
بىر ئادەم بوپ قايتا تىرىلىپ:

بۇ ھالەتتە تۇرۇپسىز بوۋا،
قايتقانمۇ سىز سەپەردىن بۇ دەم؟!
ئالماي ئارام بۇ ئالەمدىمۇ
تاشلىغانسىز نەلەرگە قەدەم؟
ئاڭلاندى ئىبە، يېقىملىق بىر ئۈن،
ئاڭلىمىغان تېخىچە بىر رەت:
تېخى ھازىر قايتىشى ئۇنىڭ،
ماي ئاپىرىپ ئاشۇ جەننەتكە،
ئىشەنمىسەڭ بېرىپ كۆرۈپ كەت!
بۇ يېقىملىق غايىبىي سادا
سۆيۈپ ئۆتتى ماي دېڭىزىنى.
مەن ئېسلىپ سېلىم بوۋىغا،
يىغلارمىشەن،
قويۇپ بېرىپ بار ئاۋازىمنى...

4

ئەسلىمە بوپ قالدى چۈشلىرىم،
نۇرغا تولدى كۆزلىرىم ئەمما.
جېنىم ئانا ئاشۇ سىيمانى
يۈرىكىمگە سىزىپ قويغىنا!؟

مەن كېرىلەي دۇنيادا بىر پەس،
شۇنداق بەخت يەنە كىمدە بار؟
چۈش ئەمەس ئۇ مېنىڭ كۆرگىنىم،
بۇندا ئۇنىڭ تۇنجى ئىزى بار!

جۇماخۇن توختى

# نېفتچىلار ناخشىسى

## قۇملۇق ساداسى

كەل جانان، تەشنا ئۆتتەك باغرىم ساڭا،
يالقۇنلۇق باغرىڭنى چىڭ ياققىن ماڭا.

كۆتمەكتە سېنى پۈتمەس مول بايلىقىم،
تەسەددۇق سېنىڭ ئۈچۈن بۇ بارلىقىم.

قوينۇمدا يارىتقىن سەن يېڭى دۇنيا،
ئاقسۇن ماي نېفىتلىرىم بولۇپ دەريا.

## چارلىغۇچىلار ناخشىسى

نېفىت ئىزدەپ كەزدۇق دەشتى - چۆل،
تەكلىماكان سىرلىرىغا سېلىپ قول.
قىشتا جۇدۇن، يازدا تومۇزغا
پەرۋا قىلماي ئىلگىرىلىدۇق ئېچىپ يول.

قان - تەرىمىز جان كىرگۈزدى چۆللەرگە،
چىقتى نېفىت ئېتىلىپ كۆك قەرىگە.
تەكلىماكان ئېيتتى ئالقىش دەس تۇرۇپ،
چارلىغۇچى قەھرىمانلار ئەجرىگە.

## نېفىتچىلار روھى

يۈيگۈك روھى ئورۇن ئالغان ئۇلار قەلبىدىن،
مۇشەققەتكە بوي ئەگمىگەن شۇڭا ئەسلىدىن.
چۆل - دەشتلەرنى ماكان تۇتۇپ قان - تەر ئاققۇزۇپ،
نېفىت ئالار نەچچە مىڭ گەز يەرنىڭ تەكتىدىن.

بۈگۈن ئۇلار يۈرۈش قىلدى تارىمنى كۆزلەپ،
ھەر مىللەت قىز - ئوغۇللىرى تۈزۈپ پولات سەپ.
بارخانلاردا لەپىلدىدى قىزىل بايراقلار،
قەد كۆتۈردى ھەر تەرەپتە ۋىشكىلار ئۆرلەپ.

خالىق سەمەت

## مەرۋايىت

تەكرىتاغىنىڭ باغرىغا
زەپ ياراشقان مايتېغىم.
زەپەر قۇچۇپ كارامەت
داڭقى چىقارغان مايتېغىم.

ئەتراپىڭدا پەرۋانە،
كۆيەر ساڭا مايتېغىم.

نامىڭ داستان تىللاردا،
شان - شەۋكەتلىك مايتېغىم.
تۆھپەڭ تەكرىتېغىدەك،
بەرىكەتلىك مايتېغىم.

جۇڭغارىيەنىڭ مەرۋايىت
نامىڭ سېنىڭ مايتېغىم.
مايبۇلاقتىن گۆھەرنى
سۈزۈۋالدىڭ مايتېغىم.

گۈزەل ۋەتەن قوينىدا
تىنماي گۈللە مايتېغىم.
ئىسلاھاتنىڭ يولىدا
تىنماي ئۆرلە مايتېغىم.

ئوغلانلىرىڭ - قىزلىرىڭ
سۆيەر سېنى مايتېغىم.

ئەركىن مۇھەممەت كامالى

# يۇلغۇنلارنىڭ چېچەكىدە شېئىر

## تاغلاردەك ئىغۇبار بولسۇن قەلبىمىز

تاغلاردا تاغدەك ئۇز خىيال سۇرىمەن،
تال - تال تاڭ نۇرىغا كۆمۈلەر بەستىم.
ساباغا سۆزلەيمەن، گۈلگە سۆزلەيمەن،
قۇچىدۇ سامانى ئىدرىكىم، ئەقلىم.

تاغلاردا تاغدەك ئۇز خىيال سۇرىمەن،
ئالدىمدا بىر دۇنيا ئۇ مېنىڭ شەھرىم.
جەننەتنى ئويلايمەن، تۇرۇپ كېتىمەن،
جەننەت ئۇز بولسىمۇ شۇنچىدۇر بەلكىم.

تاغلاردا تاغدەك ئۇز خىيال سۇرىمەن،
يۇلغۇنلار گۈل تاجىم، بارخانلار تەختىم.
بىر ئۇلۇغ تىلەكتە تەمكىن كېلىمەن،
كاچالكا - ۋىشكىلار غۇرۇرۇم، بەختىم.

تاغلاردا تاغدەك ئۇز خىيال سۇرىمەن،
ماي قوللار ئاتىدۇ ئاسمانغا مېنى.
مەغرۇر ھېس - تۇيغۇدا خۇشال كۈلىمەن،
قەلبىمدە بىر بۈيۈك سۆيگۈ ۋولقىنى.

تاغلاردا تاغدەك ئۇز خىيال سۇرىمەن،
تاڭ بىلەن نەسلداش مېنىڭ ئەجدادىم.
ئۆلسەممۇ زارلانماي كۈلۈپ ئۆلىمەن،
يوقلايدۇ قەبرەمنى سۇبھى تاڭ دائىم.

## سەندىكى چوڭچىلىق، مەندىكى ھەسەت

ئۆيىمىز بىر يەردە بولغاچقا بىزنىڭ،
ئۇچرىشىپ قالاتتۇق كۈندە نەچچە رەت.
زورىغا سوغۇقلا سالامىلىشاتتۇق،
گاھىدا ئۆزئارا تارتىشىپ قەۋەت.

مەن سېنى مەن بارغان مەشرەپتە كۆرسەم،
چىشلىرىم غۇچۇرلاپ كېتەتتى قەۋەت.
سەنمۇ ھەم گەپ - سۆزدە ئالاتتىڭ چېقىپ،
چىقىسلا ئەگەردە بىر دەقىق پۇرسەت.

شۇ تەرىق ئۆتۈپتۇ نەچچە يىلىمىز،
مەن ساڭا، سەن ماڭا كۆيۈپ نىھايەت.
ئويلىسام ئولتۇرۇپ ئەمدى بۇلارنى،
بولىمەن ئالدىڭدا بەكمۇ خىجالەت.

يوق ئىدى ئەسلىدە ئارىدا ھېچ ئىش،
باش تولغاپ تۇتقىدەك بۇنچە ئاداۋەت.
بۇنىڭغا سەۋەبچى بولغىنى پەقەت،
سەندىكى چوڭچىلىق، مەندىكى ھەسەت.

## كۆزۈمگە خىتاب

ياش تۆكمىگىن كۆزلىرىم بوران كېلىپ سوقسىمۇ،
زىمىستاننىڭ سوغۇقى نەشتىرىنى تىقسىمۇ.

كۆلۈپ تۇرغىنى گويا كى سەھەر چىققان قۇياشتەك،
قۇتراپ دەھشەت شىۋىرغان قىستاۋلاردا تۇتسىمۇ.

ياش تۆكمىگىن كۆزلىرىم تەتۈر قىسمەت چاقمىقى
زەردە بىلەن ھەممە ۋاق گەدىنىڭگە ئۇرسىمۇ،
غالىبانە كۈچ بىلەن يېڭىلمىقا ئىنتىلگىن،
يوللىرىڭنى ساناقسىز دۆ - چاپانلار توسسىمۇ.

كۆرسەڭمۇ سەن كۆرمەسكە سالما ھەرگىز، ئادالەت
گەر دەسسىلىپ چەيلەنسە نامەردلەرنىڭ پۇتىدا.
سۈكۈت قىلىش بىھاجەت، نامەرد كۈلگە ئايلانسۇن،
ساپ ۋىجداننىڭ سەندىكى ھارارەتلىك ئوتىدا.

خۇشامەتنىڭ كەمىرىن باغلىمىغىن بېلىڭگە،
ئالدانمىغىن ناز قىلسا شەھۋانىيەت «پەرىسى»
بوي بەرمىگىن ھەرگىزمۇ يىرتىپ پارە ئەيلىگىن،
سېنى توسۇپ ئالسا گەر تەكەببۇرلۇق پەردىسى.

ئالايمىغىن ياخشىغا، يامانلارنى دوست كۆرۈپ،
دولا قىلىپ ماختىسا ئامىتىڭنى قوش كۆرۈپ.
ھەممە ئوخشاش يارالغان يۈرمە شۇڭا كۆزلىرىم،
بىرلىرىنى ئېگىز ھەم بىرلىرىنى پەس كۆرۈپ.

## تۇرپان

ئىلھام دېگەن مۇھەببەت، ئىلھام دېگەن بىر چاقماق،
ئىلھام دېگەن كۈي - ناخشا چىن سۆيگۈنى ياراتقان.
ئىلھام دېگەن سابادۇر، ئىلھام دېگەن تاڭ نۇرى،
مۈگدەپ ياتقان ئادەمنى ئۇيقۇسىدىن ئويغاتقان.

ئىلھام دېگەن يۈرەكنى سېلىپ گويا لەرزىگە
بۇيرۇقۇمغا بويسۇنماي ھەر تەرەپكە چاپچىيدۇ.
يېتەلمىدىم قوغلاپمۇ سۇرئىتىگە قەلەمنىڭ،
شېئىرلىرىم خۇش بولۇپ چوققىلاردىن ھالقىيدۇ.

يېتەلمىدىم قوغلاپمۇ سۇرئىتىگە قەلەمنىڭ
تەكلىرىگىنىڭ ئاستىدا جەننەت پەيزى سۇرگەندە.

ئەسكە ئالدىم ئانامنىڭ پاك مېھرىنى سۆيۈنۈپ،
كارىزلىرىنىڭ سۈيىنى ئىچمەككە يەڭ تۇرگەندە.

ئەسكە ئالدىم ئانامنىڭ پاك مېھرىنى سۆيۈنۈپ،
كۆكرىكىمنى ئاتەشلىك تۇپرىقىڭغا ياققاندا.
بەخت دېدىم مەن ئۇنى، ئامەتلىرىڭ قوش كەلدى،
ئۈزۈمىڭنىڭ شەربىتى يۈرىكىمگە ئاققاندا...

## شېئىر ئوقۇپ چىققىنىمدا

(ئابدۇخالىق ئۇيغۇر خاتىرىسىگە)

دىدارلاشتىم كۆپ بىلەن، لېكىن سەن يوق ئارىدا،
سۆيەلمىدىم مۇبارەك قوللىرىڭغا بىرەر رەت.
كۆزلىرىمدىن ئاقتى ياش (يىغلىۋالدىم خالىيدا)،
تاۋاب قىلىپ قەبرەڭگە كەلگىنىمدە بۇ نۆۋەت.

مۇڭ تۆكمىدۇ كۆكتە ئاي، يۇلتۇزلارمۇ ئارماندا،
خىياللارغا كۆمۈلدۈم ئايىغىڭغا يۈكۈنۈپ.
ئۆلمەيدىكەن چىن شائىر، چىقىپ كەلدىڭ بىر چاغدا،
شېئىرلىرىڭ ئىچىدىن شېئىر ئوقۇپ خۇش كۈلۈپ.

## ئىمدىۋوت

تاڭدا كۆرگەن چۈش كەبى چىرايلىقتۇر بۇ شەھەر
خارايە دەپ قارىماڭ مۆجىزىگە ئۇ نادىر.
باغلىرى يوق، بۇلبۇلمۇ سايرىمايدۇ بۇ يەردە،
شۇندىقتىمۇ ئىچىمدا بارچە ئەلدىن كۆپ نادىر.

ھەر بىر قۇببە، قەسرىنى غۇرۇرى دەڭ خەلقىنىڭ،
ھەربىر چىمدىم تۇپراقتىن ھىدى پۇرار سۆيگۈنىڭ.
ئۆلگىنى يوق بۇ شەھەر ھەم ئۆلمىدى ئەجدادلار،
گۇۋاھچىسى تارىخنىڭ، ئۇيۇشقاقلىق، ئۆملۈكنىڭ.

## مىك ئۆي

فارلىرىڭنى قاچاندا كىملەر كېلىپ قازغاندۇ؟
سۈرەتلەرنى قاي رەسسام تۈجۈپىلەپ سىزغاندۇ.
بۇ سەنئەتكە ئەقلىم لال، چاناقلىرىم كېرىلدى،
قانچە رەسسام قانچە يىل مېھنەت قىلىپ سىزغاندۇ؟

قاراقـلارغا رەڭ بەردى رەڭدارلىقى سۈرەتنىڭ،
ھەر سۈرەتـتە ئەكسى بار قەيسەرلىك ھەم جۈرئەتنىڭ؛
ئىختىيارسىز ئېگىلدىم، كۆكرىكىمدە ئوڭ قولۇم،
ھېچـبىـر باھا تەڭ كەلمەس باھاسىغا ھۆرمەتنىڭ؛

## يالقۇنتاغ

بېزەكلىكتە بېزەلدى ئىلھاملىرىم پەردىسى،
سۆيگۈ تامدى يۈرەكتىن ئىزگۈلۈككە بېرىلدىم.
ئانا تۇپراق، تونۇش ھىد دىماغلارنى قىلدى مەست،
لاۋا ئاتتى يالقۇنـتاغ، غـۇرۇرلاندىم، كېرىلدىم.

ئوخاي ئەمەس كېرىلىش، كېرىلگىنىم بەختـتۇر،
قورۇنماستىن چوققىدىن چوققىلارغا ئېتىلدىم.
مەيىن سابا تاڭ نۇرى سۆيۈپ ئۆتتى يۈزۈمنى،
شولا بولۇپ، نۇر بولۇپ، نۇر توپىغا قېتىلدىم.

كەڭلىكىگە يالقۇنتـاغ، قارىچۇقلىرىم يەتمىدى،
ئەمما بۇغا ئۆكۈنمەي مېھرىم بىلەن يېپىشتىم،
كۆپتىن بېرى كۆپ تىلەك كۆرگەن چۈشۈم ئوڭ بولدى،
بۇ مۆجىزە كارامەت ... ئانام بىلەن تېپىشتىم ...

## ئاھ، مېنىڭ ئۆيىقۇدا ياتقان پەرىشتەم

ئاقارغان چېچىمنى سىيلاپ ئولتۇرۇپ،
يىراقتا قالغان شۇ كۈننى ئەسلىسەم؛
كۆزۈمدىن تاراملاپ قويۇلىدۇ ياش،
باغرىمنى ئۆرتەپ شۇ قايغۇ ۋە ئەلەم.

مەن سېنى سۆيەتتىم، سۆيەتتىڭ سەنمۇ،
باغلانغان رىشتىمىز شۇنچە مۇستەھكەم.
بولغاچقا قەلبىمدە پەقەت سەن ئۆزۈڭ،
سېنىڭسىز ئۆتمەيتتى ھەربىر دەقىقەم.

كۈندۈزى يېنىمدىن، گاھ خىيالىمدىن،
كېچىسى چۈشۈمدىن كەتمەيتتىڭ بىردەم.
كۆزلىرىدە ئۇچۇشۇپ كېلەتتى قۇشلار،
سەن كۈلسەڭ، مەن ساڭا قوشۇلۇپ كۈلسەم.

رەقىبلەر بىزلەردىن كەلدى كۆپ غالىب،
تىلغىدى خەنجەردە كۆكسۈڭنى ئۆكتەم.
مەن قالدىم ئاخىرى يالغۇز - يېگانە،
زار يىغلاپ قەبرەڭنى قۇچاقلاپ شۇدەم.

شۇ تەرىق ئۆتۈپتۇ بىرقانچە ئون يىل،
كۆزۈمدىن بىر كۈنمۇ قۇرۇماستىن نەم.
قانچىكى زورىغا كۈلۈپ باقسامىمۇ،
ھېچقاچان ئۆزۈمگە ياراشماس كۈلكەم.

مەن نېچۈن ئۆلمىدىم، سۇرىمەن خىيال،
ئاھ، سېنىڭ قەبرەڭدە (جىمى ئەقىدەم).
كەپتىمەن پەقەتلا سەن ئۈچۈن ياشاپ،
ئويلىسام ئۇيقۇدا ياتقان پەرىشتەم.

## كىتابىمنى ئوقۇيدۇ شامال

كىتابىمنى ئوقۇيدۇ شامال،
ئېنىڭ بىلەن يانمۇ يان تۇرۇپ.
دېرىزەمنى چېكىدۇ يامغۇر،
تىنىقىدىن قوشاقلار توقۇپ.

خىياللىرىم ئىزدەيدۇ مەشۇق،
خادا تاشتا تەنھا ئولتۇرۇپ.
سالالمايدۇ دەريالار شاۋقۇن،
قەلىمىمنىڭ ئوقىدىن قورقۇپ.

تاڭ سەھەردە سايرايدۇ بۇلبۇل،
شېئىرىمدىكى گۈللەرگە قونۇپ.
ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ ئۇخلاپ قالار ئاي،
قالغاچقا مەن ئۇنى ئۇنتۇلۇپ.

## قاياقلارغا مۆكۈندۈڭ دىلبەر

قاياقلارغا مۆكۈندۈڭ دىلبەر؟
ۋەسلىڭ ئىزدەپ تالدى كۆزلىرىم.
سېنىڭ ئاشۇ ئامرلىق ناخشاڭنى
تولا ئېيتىپ پۈتتى ئۈنلىرىم.

ھىدلىرىڭدىن ئالالماي دېرەك،
تاڭلايلىرىم يىغلار ئېسەدەپ.
يانچۇقىدا ئاقباش تاغلارنىڭ،
گارمانلىرىم يۈرىدۇ تېنەپ.

بىزگە تونۇش كونا چىغىريول
ئىزلىرىڭنى ياتار قۇچاقلاپ.
چۈشلىرىدە ئوقۇپ جەڭنامە،
خورىكىنى سۇرىدۇ قوغلاپ.

## مىدىرلايدۇ لېۋىڭدىكى خال

يەڭگىل قايرىپ چىمىلدىقىڭنى،
كۈكۈلاڭنى ئوينايدۇ شامال.
ئېمىلەرنى دېدىڭكىن شۇ تاپ،
مىدىرلايدۇ لېۋىڭدىكى خال.
چانىقىڭغا قونۇۋالغان ياش
ئاي نۇرىدا يالتىرار غىل - پال.
يېپىۋالدى زىناقلىرىڭنى
سۇمبۇل چېچىڭ چۇۋۇلۇپ تال - تال،
تىنىقلىرىڭ ئاڭلاندى ئېنىق
گاھى ئىتتىك، گاھى بىماجال.
شاماللارنىڭ ئىلكىدە ئەركىڭ
يارنى چۈشەپ يۈردۈڭ ئېھتىمال؟!

## يۇلغۇنلارنىڭ چېچىكىدە شېئىر

بۇيرۇقۇمغا بويسۇنماي ھېسسىم،
شامالارنى ئوينايدۇ قوغلاپ.

غەلەت قىلىپ قۇشلار كۆزىنى،
تۇخۇمنى قاچار ئۇغرىلاپ.

يۇلغۇنلارنىڭ چىچەكىدە شېئىرە
ھەر تەرەپكە تارقىتار ئەترە.
گۈل بەرگىگە تىزىدۇ ئىلھام
بۇلاقلاردىن چاچرىغان قەترە.

يىراقلارغا سوزۇلغان ئورمان،
خورەك تارتىپ ئۇخلايدۇ تۈندە.
چۈشلىرىدە يازغان قوشاقنى
ئوقۇپ بېرەر قۇياشقا كۈندە.

### ئارمانلىرىم ئىزدەر كەپەڭنى

كۆزلىرىڭگە ئامراق كۆزلىرىم،
چىمەنلەردىن ئىزدەيدۇ سېنى.
كىرپىكىڭدىن چاچرىغان ئۇچقۇن
چۈشلىرىڭگە يۆگەيدۇ مېنى.

شوخلۇقىنى يوقاتقان ھېسىم،
ئۇخلاپ ياتار سامانلىقىڭدا.
دۇئا قىلار تۇپراقنى سۆيۈپ،
سېنىڭ مەڭگۈ ئامانلىقىڭغا.

يىراق ئەمدى ئاڭلانماس ناخشاڭ،
بىلىپ بولماس، كەتتىڭكىن قايان.
ئىزدەپ سېنىڭ كونا كەپەڭنى
ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلايدۇ ئارمان.

### مۇھەببەت ھەرگىزمۇ قېرىمايدىكەن

تاسادىپ ئۇچرىشىپ قالساق كوچىدا
كېتىسەن گوياكى نامدەك تاتىرىپ.
ساڭا سۆز ئېيتالماي بولىمەن تىت - تىت،
سەنمۇ ھەم ئۈن - تىنسىز قالىسەن كېتىپ.

گاھىدا يىراقتىن كۆرۈپ قالىمەن،
يا كەبى ئېگىلگەن ئاشۇ بەستىڭنى.
كۆزۈمگە ياش ئېلىپ تۇرۇپ قالىمەن،
ئەسلەپ شۇ سۆيىمەن دېگەن سۆزۈڭنى.

ئۇ چاغدا ياش ئىدۇق، تايدەك شاش ئىدۇق،
كۆيۈشتۇق، سۆيۈشتۇق ئېتىزدا، باغدا.
مىسالى مەن تاھىر، زۆھرە بولدۇڭسەن
قالدۇرۇپ تۈنلەردە ئاينى ئوت داغدا.

ئەپسۇسكى كۈلكىمىز بارمىدى ئۇزاق،
دەسسەلدى - چەيلەندى غۇنچە گۈلىمىز.
تۆھمەتنىڭ ئوتلىرى تىلدى يۈرەكنى،
خورلاندى ئەجەبمۇ ئەزىز تېنىمىز.

ئەمدى ئۇ ئىشلارغا ئۆتتى تالاي يىل،
ئاھ، ياشلىق ئۈزۈتىپ قالدى يىراقتا.
بىرىمىز چال بولدۇق، بىرىمىز موماي
ۋە چۈشۈپ قالدۇق بىز ھاسا تاياققا.

يېتەلمەي ۋىسالغا قېرىدۇق ئاخىر،
ئاقاردى چاچ، ساقال كۈمۈچتەك گويا؛
لېكىن - زە، مۇھەببەت قېرىمايدىكەن،
يۈرىمىز بىز ئەمدى كۆيۈپ پىنھاندا...

### ئالتۇندىن تەمەيىم يوق زەررىچىمۇ

ئالتۇندىن تەمەيىم يوق زەررىچىمۇ،
ئالتۇندىن ئېسىل خىسلەت بەردىڭ ماڭا.
تاغلاردىن ئۆرنەك ئالدى سەبىيلىكىم،
قۇياشتەك مېھرى ئاتەش ۋەتەن ئانا.

ئالتۇندىن تەمەيىم يوق زەررىچىمۇ،
ئالتۇندىن بىباھادۇر تۇپراقلىرىڭ،
ھۆسنۈڭگە ھۆسن قوشتى گۈزەل دىيار،
چۆلدىكى يۇلغۇن بىلەن توغراقلىرىڭ.

ئالتۇندىن تەمەيىم يوق زەررىچىمۇ،
ۋىشكىغا ھەۋەس بىلەن تىكىلمەن.
ئىگىلەر كاچالكىلار ئىھتىرامدا،
سالام، دەپ مەنمۇ شۇئان ئىگىلمەن.

ئالتۇندىن تەمەيىم يوق زەررىچىمۇ،
ئىشچانلار مېھنىتىدىن سۆيۈنىمەن.
كىندىكىم قېنى تامغان تۇپراق ئارا
ئۆسكەن ھەر گۈل - گىياھقا كۆيۈنىمەن.

ئالتۇندىن تەمەيىم يوق زەررىچىمۇ،
ئالتۇندۇر زومچەك - زومچەك بارخانلىرىڭ.
ئالتۇندىن بىباھادۇر تارىخ قىلىپ
يىللارنىڭ مەيدىسىگە يازغانلىرىڭ.

ئالتۇندىن تەمەيىم يوق زەررىچىمۇ،
ئالتۇندۇر ئۇخچۇپ تۇرغان بۇلاقلىرىڭ.
ئالتۇندۇر بەختىمىزگە بەخت قوشقان
باھاردەك ھارارەتلىك قۇچاقلىرىڭ.

ئالتۇندىن تەمەيىم يوق زەررىچىمۇ،
سەن ئۆزۈڭ ئالتۇنغا باي، ئالتۇن ماكان
تىلەيمەن مەڭگۈ ئالتۇن دىيار بولغىن
ئالتۇندەك خەلقىڭمۇ ھەم بولسۇن ئامان.

ئايبېك ئۆمەر

# نۇر چاچىدۇ تىلەكلىرىم

## شېئىرمىدۇ سېنىڭ كۆزلىرىڭ

ھەر قارىسام ئىلھاملار ئېلىپ،
شادلىنىمەن يۈرىكىم ئويناپ.
گاھى ئۆرلەپ كۆككە - ساماغا،
جۇشقۇنلىنار خىياللىرىم.
گاھى ئۈمىد يۇلتۇزى بولۇپ،
نۇر چاچىدۇ تىلەكلىرىم.
پۈتمەس - تۈگىمەس سۆيگۈ ھارارەت،
مەجبۇر قىلار شېئىر يېزىشقا؟
ئېپتىخارىم سىغماس يۈرەككە،
يۈرەك ئەمەس ھەتتا جاھانغا!
ئۈمىد بەرگەن ئاشۇ كۆزلىرىڭ،
مېنىڭ خورىماس ئىلھام بۇلىقىم!
شائىر قىلغان شائىر ئەمەسنى
ئۇچقۇن سۆيگۈنى لاۋۇلداتقان
شېئىرمىدۇ سېنىڭ كۆزلىرىڭ؟!

## مەن ۋە دېڭىز

سەن دېڭىز ئامرىقىم،
قەلبىڭمۇ دېڭىز.
مېھرىڭمۇ دېڭىزدەك،
سۆيگۈڭمۇ دېڭىز
سۆيىمەن قەلبىڭنى، سۆيىمەن سېنى،
ئاشىقمەن بىر ساڭا
كېچە - يۇ كۈندۈز،
ئازابلىق تولغىنار ۋۇجۇدۇم - تېنىم،
مىڭ ئەپسۇس!
قىينالدىم شامال بولالماي.
دېڭىزدەك قەلبىڭنى شامالدەك سۆيۈپ،
مۇھەببەت بەختىدىن ھوزۇر ئالالماي.

## ئېسىڭدىمۇ دىلبىرىم

چىدىمىدىم، قەلبىمنى ئۆرتەپ ئۆتتى بىر سۆيگۈ،
ئالۋۇن بولدى بۇ سۆيگۈ غايىبلىقتا بېكىنىپ.
لېكىن قالدى قەلبىمدە ئۇنىڭ دېغى - ھەسرىتى،
ئۆكۈنگىنىم ئۆكۈنگەن تەنھالىقتا تېۋىنىپ.

قايسى باھار ئۆتمىدى مېھىر تۆكۈپ، نۇر تۆكۈپ،
بۇ مېھرنى ئۇنتارمۇ ئىنسان كۆرسە زىمىستان.
ياشلىقنى سۆيگۈنىڭ ئەپۇ قىلىش ھەم مۇمكىن،
ھېجران بولسا تەقدىرى ئۆرتەنمەمدۇ دىلىستان

قاناتلىنىپ خىيالىم ئۇچار قۇچۇپ ۋىسالنى،
رېئاللىقتا ئىنتىلىش قىينار مېنى بىتىنىم.
باھار ئىزدەپ باھارغا ئاشىق بولدۇم ئاقىۋەت،
ئامان بولغىن! دېگىنىم ئېسىڭدىمۇ دىلبىرىم.

## سىردىشىم

تىكەن بولدۇڭ دېگەنگە قاراپ قويدۇم جىلمىيىپ،
بۇ قاراشلار خەنجەردەك، بۇ قاراشلار مەسخىرە.
گۈل بولۇشتا ئامىتىم قاچمىغاچقا ھەر ۋاقىت،
ھەتتا قالدىم ئۈزۈلمەس ئايىغى يوق تەنىگە.

پاك ھېسلىرىم ئىزدەيدۇ ئىزگۈلۈكنى ئەسلىدە،
ئىزگۈلۈكنى سۆيمەن گەر بولسامۇ دوزاختا.
ئالدىمايدۇ تۇيغۇلار، تاڭدەك ئويغاق ھەمىشە،
ئۈمىدلىرىم چاپچىيدۇ مەنزىل كۆزلەپ ئۇزاقتا.

قايتىلانماس بىر ناخشا — ياشلىق دېگەن ھاياتتا،
ئۇ ناخشىنىڭ ئۇرغۇسى سەزگۈم، ھەتتا ساپ قېنىم.
ئۇ ناخشىدا ئۈمىد بار، ئۇ ناخشىدا جاسارەت،
ئۇلار ماڭا مەدەتكار، ئۇلار مېنىڭ سىردىشىم...

## قار لىرىكىسى

ئاق لىباسلىق پەرىنىڭ قۇچىقىدا بۇ دۇنيا،
بۇلۇتلاردەك ماممۇقلۇق قانداق گۈزەل كارامەت.
گۈزەللىكى چاقنىتار قاراقلارنى بىتىنىم،
كۆكتىن ئۈچۈپ چۈشكىنى ئاپئاق كۆكۈل، سائادەت.

قاراپ قالدىم لېۋەنلىك ھالىتىگە ھاڭۋېقىپ،
قاراپ قالدىم، ئىنسانمۇ سىزالمايدۇ تۇرقىنى.
ئۆزگىچە بۇ ھالەتكە تاڭ پەرىسى تاڭ قالدى،
تەلپۈندۈردى كۆكتىكى سانسىزلىغان يۇلتۇزنى.

قانداق ئېسىل، مۇقەددەس تەبىئىيلىك سۆلىتى،
بۇ سۆلەتكە قول قويدۇم چىنلىق سىزىپ، نۇر سىزىپ.
قۇياش سېخىي ھەممىدىن نۇر تۆكمىدۇ ئايىماي،
چىن يۈرەكتىن شادلاندىم گۈزەللىكتىن قۇت ئىمىپ.

## ئاغرىنمايمەن دوستلىرىم

ئاغرىنمايمەن دوستلىرىم سۆيگۈ تىلەپ يۈرسەممۇ،
سۆيگۈ ئۈچۈن ھەر ئاخشام بىزار بولۇپ ياتسامۇ،
مەن تىلەيمەن، تىلەيمەن ياخشى تىلەك سىلەرگە،
سىلەر كۆكتە مەن پەستە خامان تېپىپ يانسامۇ.

كېسىم كېسىپ يۈرمەيدۇ تەقدىر دېگەن ئالدامچى،
ئىشەنمىدىم قالسامۇ غەم - قايغۇدا يېگانە.
ئاتاق ماڭا يار ئەمەس، تىلىمەيمەن زادىلا،
ئىزدىگىنىم ياخشىلىق داۋان ئېشىپ پىيادە.

سۆيۈنگىنىم سۆيۈنگەن ياخشىلىق دەپ ھەر كۈنى،
قول بولسامۇ كېرەك يوق ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر يولى.
رەزىللىككە قەھرىم بار، رەزىللىككە غەزىپىم،
ئاتسا يانماس مەردانە ھەقىقەتنىڭ مەن ئوقى!

## ئەجەپلىنىش نەكېرەك

قۇچاقلارغا پاتمايدۇ ئالەم دېگەن، يەر دېگەن،
سۆيگۈگىمۇ باي دېمەك ئانا دېگەن، ھۆر دېگەن.
نادامەتكە ئورۇن يوق، سۆيگۈ شادلىق تۇغدۇ،
قولىغا سۇ قۇيالماس ئالتۇن دېگەن، زەر دېگەن.

سۆيۈشكىمۇ موھتاج بىز، سۆيۈلۈشكە ھەم شۇنداق،
مۇھتاجلىققا تىقىلدۇق كۆيۈپ تۇرار يۈرەكلەر.
يۈرەكلەردە بىمارلىق ئۇلغايمىسۇن يارەنلەر،
بىلەكلەرگە چىرماشسۇن بۇندا ئاپئاق بىلەكلەر.

شۇنداق بولسۇن سۆيگۈگە قۇچاق ئېچىپ تاشلىنىش،
مۇھەببەتنىڭ ئاداققى ۋەدىسىمۇ شۇنىڭدا.
ئەجەبلىنىش نەكېرەك يانسا ھۇزۇر، ھارارەت،
ھارارەتكە مەستخۇشلۇق ئوخشاش تۇرسا ئۇنىڭغا!

## شېئىر بىلەن ۋەتەن مەنداش

ئوتلۇقنە بىر سېزىم شۇڭغۇپ كىردى قەلبىمگە،
بىر ئەسەبىي ئىنتىلىش پەيدا بولدى ئاجايىپ.
بىر سوئالغا دال بولماي (كېكەچ بولغاچ ئۆتمۇشۇم)،
كۆتۈرۈلۈپ ئاق تۇمان گۇمران بولدى تاسادىپ.

ئوتلۇقنە بىر سېزىم شۇڭغۇپ كىردى قەلبىمگە،
شۇنداق روھكى بۇ پەقەت دادىللىققا قەلبداش.
شېئىر ئۈچۈن بۇ قەلبىم ئايلانماقتا ۋەتەنگە،
شېئىر بىلەن بۇ ۋەتەن شۇنچە يېقىن مەنداش!

## ئۈچىنچى يىقىلىش

(داستان)

بالا چاغ نام بەرگەن ماڭا سەبىي دەپ،
سەبىيلىك ياراشتى گۈزەل لالىدەك.
كۆڭلۈمگە ئاپئاقلىق بىر بېزەك بولدى،
چاپچىدىم ھەريانغا يۈگەنسىز تايدەك.

ئاھ، قانداق ئاجايىپ سەبىيلىك چۈشۈم،
كۆكتىكى نۇر بولدۇم، پارلىدىم ھەيھات.
يىراقتىن كۈي كېلەر، قەلبىمدە ئامەت،
سىر تۆكەر توغراقمۇ چىقىرىپ قانات.

دەرياغا شۇڭغۇدۇم بولۇپ بىر بېلىق،
شاۋقۇنلار ئەۋجىدە دولقۇننى سۆيدۇم.
ئاپتاپتا قاقلىنىپ قاقاقلاپ كۈلۈپ،
ھەتتاكى شەپەق رەڭ ئۇپۇققا كۆيدۇم.

ئورمانلار جىمجىتلىق ئىلكىدە تەنھا،
ئاڭلىدى تالاي رەت ناخشامنى مېنىڭ.
ئېپقاچتى شاماللار يىراق - يىراققا
ئۈمىدۋار شۇ سەبىي قەلبىمنى مېنىڭ.

ئويلايدۇ مويسىپىت كىشىلەر بەلكىم،
يېتتۇرۇپ قويدۇقمۇ بالىلىقنى دەپ،
شوخ، كەپسىز چاغلاردا كەتكۈزۈپ قويغان
گۈل بولغان ھاياتنى چالىلىقنى دەپ.

ئۇلارنىڭ خاتىرە ۋاراقلىرىدا
بالىلىق ئۆتكەنگەن ياپيېشىل ياپراق.
ئۇنتۇلماس ھېچقاچان، ئۇنتۇلماس مەڭگۈ،
ھاياتنىڭ ئۆزىدە ئۇ گۈزەل پارلاق.

ئايىماس ئۈمىدنى، تىلەكنى ئۇلار،
مەستلىكى كېلىدۇ ماڭا ھەر باقسا.
مەن كۆزنەك ئۇلارنىڭ بالىلىقىغا،
مەن ئۈمىد ياكى چۈش ئولتۇرسا - ياتسا.

يىغلىدىم بالا چاغ ئامەتلىرىگە،
بۇ دۇنيا ئىلكىمدە، ئېڭىمدا ھەر چاغ.
كۆزۈمدە ھەممە جاي گۈزەل شۇ قەدەر،
سۆيىمەن ھەممىنى ئېچىپ كەڭ قۇچاق.

قارىدىم قۇياشقا، كۈلىدۇ قۇياش،
بۇلاققا قارىدىم، بۇلاق كۈلىدۇ.
تاڭ قالدىم بۇلۇتنىڭ خىسلەتلىرىگە،
ئۇ نېچۈن ياش تۆكۈپ يەرنى سۆيىدۇ؟

ياپيېشىل ياپراقلار گاھى سارغىيىپ،
پىلدىرلاپ چۈشەركەن بۇلاققا - كۆلگە.
ئىنسانغا تىلىدىم يېشىللىقنى مەن،
ئۆلمىگەنسىز ھاياتمۇ ئوخشايدۇ چۆلگە.

ئاپىرىن ئەيلىدىم كارامىتىگە،
ئۆگەنسەڭ بولغىدەك ئادەملەر دېدىم.
تەبىئەت: تەبىئەت سەن گۈزەل ئانا،
ئىنسانمۇ، دەرەخمۇ ھەم بالاڭ دېدىم.

قىزىقىش رام قىلدى مېنى قەۋەتلا،
قىزىقتىم يۇلتۇزغا، ئايغا، قۇياشقا
خىياللار ئىلكىدە پەرۋازىم مەغرۇر،
قىزىقىش ئايلاندى گويا ئوتقاشقا.

يېپىشتىم سىرلارغا تېپىشماق تېپىپ،
ئۇستازغا، ھەمراھقا يۆلەنگىنىم راستە.
بوۋامدىن ئاڭلىدىم سانسىز رىۋايەت،
نېمىلەر ساپ - پاكلىق، نېمىلەر ئىپلاسە

ھە، شۇنداق نۇرلاندى بالىلىقتا كۆز،
ئوت يۈرەك ئۇستازلار بولدى يولباشچى.
ھاياتنىڭ سىرىنى ئىزدەيمەن ھەر كۈن،
ئۈمىدىم يولۇمدا مەڭگۈ ئىلھامچى.

ياشلىقىم باشلىدى رەڭدار دۇنياغا،
گۈزەل چۈش ئاتىلىپ قالدى بالا چاغ.
جۇش ئۇردى ھاياجان قەلبىمگە پاتماي،
ئىلاھىي تۇيغۇلار ھەمراھ ھەممە چاغ.

تالاشتى سۆيگۈلەر مېنى ئۆز كۆرۈپ،
قاماشتى كۆزلىرىم، قالدى ھاڭۋېقىپ.
بىرى دەر: باشلايمۇ گۈزەل باغ ئارا،
بىرى دەر: كىتابلار تۇرار ساقلىشىپ.

تالايلار توسىدى يولۇمنى شۇنداق،
تۆت كوچا دوقمۇشى بولدى ھاياتىم.

قايمۇقتۇم گاھىدا سۆيگۈدە ياياق،
ھەتتاكى مەجنۇنتال بولدى قاياشىم.

گاھىدا بال ئىچتىم، لەۋلىرىم قەدەھ،
ئۇنتۇلدى بۇ دۇنيا، ئۇنتۇلدى ھايات.
ۋادىلار رەڭ بەردى، ئوت بولدى يۈرەك،
ئەي سۆيگۈ ئىنساننى سەن ئۆزۈڭ يارات!

مۇھەببەت چەك قويدى مېنى سوراقلاپ،
مەيلىڭدە ساختىمۇ ياكى ساداقەت؟
غەمناكلىق ئەلىمى كۆرمىسۇن شادلىق،
بۇ ساڭا ئەقلىدىن بەرگەن دالالەت.

روي بەردى گۈلزاردا، يولدا، دالىدا،
بۇ ھەقتە تالىشىش، چىقتى ئەۋجىگە.
بەزىدە چۈشىدۇ ئەسكە باللىق،
شۇڭغۇيمەن خىيالنىڭ شېرىن تەكتىگە.

قۇدرەتنى مۇھەببەت ياراتقانمىكىن،
مۇشەققەت قالدۇ قىلدەك تولغىنىپ.
ھەۋەسنىڭ كەينىدە ماڭدىمدا مەيلىم،
ئىشقىۋاز سەۋدالار تۇرار ئويغىنىپ.

قايتمىدىم، سۇ كەچتىم ئوتتىن قورقمىدىم،
يىقىلسام ئورنىمدىن تۇردۇم، يۈگۈردۈم.
مۇھەببەت گاھى چۆل، گاھى ھاڭلارغا
تاشلىدى، تەقدىردىن خويمۇ ئۆكۈندۈم.

شادىمان ھېسلاردا بەزلەندىم يەنە،
ئۇتۇقسىز كۈنلەرگە قىلمىدىم پەرۋا.
ياقىسىز قالغاندا قايتمىدىم مۇشتتىن،
ھەتتاكى ھاۋاغا ئاتتىم مەن پەشۋا.

ئاھ،شۇنداق تەنلەر سانجىلغان تىكەن،
كۆز يېشىم دەريادەك شاۋقۇنلاپ ئاقار.

دىلدارىم بەرمىدى ماڭا تەسەللى،
شارابلىق مىنۇتلار كۆڭلۈمگە ياقار.

ياقىنى تۇتماڭلار، پەشنى تۇتۇڭلار،
ئازغۇنلۇق ياقىغا ئېسىلار بالدۇر.
قېچىڭلار شارابتىن، قېچىڭلار يىراق،
ئۇنىڭسىز ساراڭمۇ دانادۇر - ساقتۇر.

شۇ سادا كېلىدۇ كوچىدىن - ئۆيدىن،
تىترەيدۇ يەر - جاھان لەرزىگە كېلىپ.
قەلبىمنى چۈشەنمەس يىرتساممۇ ياقا،
سۆزۈمگە زەن سالماس خالايىق يېتىپ.

ئازابتا ئوت بولدۇم، ئۆرتەندى يۈرەك،
ئۆزۈمنى ئىزدىدىم تۇمانلار ئارا.
سىياقىم سەرگەردان، ئىزدەنگۈچى مەن،
غەم - غۇسسە ئويلىرىم يىراققا تارا!

ئالتۇن ھەل خەتلەرگە قارىدىم ئۇزاق،
كۈلكىدىن جىلمايدى ئۈمىدىنىڭ كۆزى.
بۇ جايدا ئۆزۈمنى تاپالىشىم ھەق،
ئېچىلدى گوياكى ھەقىقەت كۆزى.

لېروسقا ① قىزدىقتىم ئىشقىم ئوت بولۇپ،
ئويىندى يۈرىكىم قايىندى ئىلھام،
چۈشەندىم ئۆزۈمنى تاپتىم ئۆزۈمنى،
تالانتىم جاھانغا يامرىدى ئىلدام.

ئويلىدىم، ئويلىدىم كېچىلەر بىدار،
بەڭباشلىق ھەسرىتى قەلبىمنى ئەزدى.
شېئىردىن نۇر كۆردۈم، يۈرەكنى بەردىم،
مۇھەببەت دەردىنى مۇھەببەت يەڭدى.

يىقىلدىم، ياشلىققا شېئىرغا كۆيۈپ،
ئەقلىمدىن لال بولدى سۆيۈملۈك قۇياش.
ھاياتنىڭ ئارمىنى ئېچىلمىغان يەر،
ئاچىمەن، ئېچىشقا يۈرىكىم ئوتقاش.

---

① گرېك رىۋايەتلىرىدىكى شېئىرىيەت ئىلاھى،

يىللارغا تەر تۆكتۈم، گۈل تەردىم گاھى،
مېھنەتنى ئايىماس ئۈمىدلىك ھايات.
بەزىلەر بۇ يولدا بېرەلمەي بەرداش،
كېتىدۇ دۇنيادىن ئارماندا ھەيھات.

قىرانلىق، دانالىق قۇياشلىق ئاسمان،
ھاياتقا مېھرىمدىن ئېچىلغان قۇچاق.
ئۇ گويا زېمىننى قۇچاقلاپ يېتىپ،
زىمىستان كۆڭلەرگە ئوت بەرگەن ئوچاق.

قىرانلىق چاغلىرىم گۈزەل شۇ قەدەر،
جانانىم گۈل چىراي، بالامىمۇ ھەمدە.
قەلبىمدە بىر كۆي بار ھەجەپمۇ ياڭراق،
قالمىدىم دۇنيادا ئۈمىدسىز غەمدە.

ئارماننى ئارمانغا ئۇلايدۇ بالام،
مەن ئاتا، مەن ئۇستاز ھەربىر قەدەمدە.
غۇبارسىز كۆڭۈلگە نۇر بەردىم ھەيھات،
شادىمان كۈلكىلەر قاپلار كۆلبەمدە.

شۇ ئارزۇ ۋەجىدىن يازىمەن شېئىر،
قەلىمىم ھاياتقا باغلىغان رىشتە.
بۇ رىشتە ئۈزۈلمەس، ئەبەدىي مەۋجۇت،
ئىزىمدىن گۈل ئۈنەر خىلمۇ خىل رەڭدە.

ياشلىقىم — شائىرلىق قىران چاغلىرىم
ئارمانغا كۆمۈلدى بۇ ھايات، بۇ جان.
قانىمدىم ئارمانغا، ياشايمەن شۇنداق،
ئۈندەيدۇ شۇ ھېسقا ۋۇجۇدۇمدا قان.

يالقۇنلۇق مىسرالار قەلبىمدە گۈلخان،
ئوت بېرەر قىشتىكى يولچىغا گاھى.
ئۇ يىراق خىيالىي تۇيغۇلاردىن بەك،
ئۇ بارار كىشىلەر قەلبىگە تاكى.

قارايغان كۆڭۈللەر كېلەركەن پەسكەش،
ئۇنتۇلدى بەزىدە دىيانەتنىمۇ،
بەزىمىدىم شۇندىمۇ تۆھمەتنى كۆرۈپ،
مات قىلدىم ھەتتاكى ھاقارەتنىمۇ.

بەزىلەر يازغىنىڭ گۈلدۈرماما دەر،
يامغۇرسىز بولۇپتەك ھەيۋىسلا بار.
ھاياتقا شېئىرنىڭ كېرىكى بارمۇ،
ئۇنىڭسىز دۇنيادا بىزگە نېمە تار؟

نەپرەتنى ئوق قىلدىم، قالمىدىم مەڭدەپ،
شېئىرنى گۈزەللىك چاچقۇسى دېدىم.
ئۇ بار يەر ھاياتنىڭ قاينىمى، تويى،
ئۇ بار يەر مەرىپەت ئوچىقى دېدىم.

يېتىلدى قەيسەرلىك، جۇش ئۇردى ئىلھام،
ئىزىمدا بولتۇز بار، قەلبىمدە قۇياش.
پۈكمىدى ، بېلىمنى ھايات يولىدا،
ماڭا قۇت ئەجىرلىك، غايىلىك ياشاش.

تىكىلدىم ئۈمىدتە بالامغا شۇندا،
پارلىدى كۆزىدىن ئۈمىدلىك شولا.
بىلىمەن ئۇ مەندىن قەيسەر يولىدا،
ھەتتاكى يۇلتۇزنى ئالىدۇ قولغا!

ئەۋلادلار ھەمىشە قەلبىمدە مېنىڭ،
ئويغۇمدا، چۈشۈمدە، مىسرالىرىمدا.
ئۇلارسىز ئۈمىدكە ئېرىشمىكىم تەس،
ئۇلارسىز گۈل ئۈنمەس ئېتىزلىرىمدا.

ياشايمەن قىراندەك مەزمۇت تىك تۇرۇپ،
ھاياتقا، دەۋرگە مېھنىتىم پارات.
يىقىلىش - يىقىتىش مۇھەببەتلىك قۇت،
شۇ قۇتقا كۆمۈلگەن شەرەپلىك ھايات!

**خالىدىن ساتتارى**

# ئانا قەلبى

(هېكايە)

يېقىندىن بۇيان ئەزىمخان ئانىنىڭ خۇشاللىقى ئىچ-ئىچىگە پاتماي قالغانىدى، ئۇ، بۈگۈن كېچىمۇ كىرپىك قاقماي چىقتى، ئۆمرىدە بۈگۈنكىدەك هاياجانلانمىغانىدى.

ئۇ، پەرىشتىدەك پاكىز قېرىغان ئايال. ئۇنىڭ تەكشى ئاقارغان چاچلىرى كۈمۈشتەك پارقىراپ تۇراتتى. شالاڭ قاشلىرى تېگىدىكى دۆگىلەك كۆزى، قاڭشارلىق بۇرنى، پۈرۈلۈپ تۇرغان كالپۇكلىرىنى ئۆمۈچۈك تورىدەك قورۇقلار قاپلاپ كەتكەن بولسىمۇ، يەنىلا بىر خىل گۈزەللىك جىلۋىلىنىپ تۇراتتى. ئاق گىرىپتىشىن كۆڭلەك ئىچىدىكى پۈكۈلگەن قەددىمۇ ئەينى يىللاردىكى كېلىشكەن قامىتىنى نامايان قىلىپ تۇراتتى. ئۇ، خۇپتەن نامىزىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇزۇندىن ئۇزۇنغىچە دۇئا قىلىپ ئۇلۇغ پەرۋەردىگاردىن ئاجىزە چەۋرە كېلىنىنىڭ تۇغۇتىغا ئاسانلىق بېرىشىنى، 5-ئەۋلادى كۆكۈن نەۋرىسىنى كۆرۈشكە نېسىپ قىلىشىنى تىلىدى.

ئۇ، جايىنامازدىن تۇرۇپ، تەسۋىسىنى سىيرىغىنىچە هويلىغا چىقتى. هويلىدا نەۋرە-چەۋرىلىرى قاتار يېتىپ تاتلىق ئۇخلىماقتا. چوڭ ئوغلىمۇ، كېلىنىمۇ يوق. نەگە كەتتىكىنە بۇ نېمىلەر كېچىدە، — دەپ پىچىرلاپ كايىدى موماي ۋە شۇ هامانلا ئېسىگە ئالدى، — ئېسىم قۇرۇسۇن، كايىپ كەتكىنىمنى تېخى، دوختۇرغا كىرىپ كەتكەن ئەمەسمىدى، نېمىشقا بۇ چاقىقچە چىقمايدىغاندۇ. بىرەر چاتاق بولمىغاندۇ، ۋاي ئېست، دوختۇرخانىغا ئېلىپ كىرىمىز دېسە، نېمىشقىمۇ بوپتۇ كىرىڭلار دېگەندىمەن، ئۆزۈمىلا تۇغدۇرسام بولماسمىدى. مەنمۇ ئۇن بالىنىڭ هەممىسىنى تاپسىنىڭ ئايىغىدا، خۇدانىڭ داق يېرىگە تۇغۇپ، گۇسمۇستەك چوڭ قىلىپ قاتارغا قوشقانتىمغۇ، مۇنۇ تاۋى نازۇكلارنىڭ رايىغا بېرىپ «ماقۇل» دەپ يولغا سېلىپ قويغىنىمنى قارىمامدىغان. «ئۆزۈم تاپقان بالاغا، نەگە باراي دەۋاغا» دېگەندەك بولدىغۇ، بۇلارنىڭ يولىغا قاراپ كۆزۈم تېشىلىدىغان بولدى...نېمىلەرنى جۆيلۈپ كەتتىم، خۇدايىم، هازىرزامان ئۆزگەردى ئەمەسمۇ، بىزنىڭ ياش ۋاقتىلىرىمىزدا «دوختۇر» دېگەننى كىم ئاڭلاپ باققان، بوپتۇ،

خۇدايىم ئاسانلىق بېرەر. ئۇنىڭ ئۇستىگە،
ئۇلار ئەمدى ھېسابلىق تۇغىدۇ ئەمەسمۇ...
ئۇ، كۆزىنى يولدىن ئېلىپ ئاسمانغا
تىكتى. زۇمرەتتەك سۈزۈك ئاسمان‌دا يۇل-
تۇزلار چاراقلاپ تۇراتتى. ئۇنىڭغا بۈگۈن
يۇلتۇزلار ئادەتتىكىدىن كۆپىيىپ نۇرلىنىپ كەت-
كەندەك تۇيۇلدى. «شۈكرى، مىڭ قەترە شۈكرى.
ئاسماندىكى يۇلتۇزلارمۇ يورۇپ كەتتى، ھەم-
مىسى قادىر ئاللانىڭ كارامىتى، بۇ ياخشى-
لىقنىڭ ئالامىتى، پەرۋەردىگار ھامان ئۆز
بەندىسىنىڭ يولىنى يورۇق قىلىدۇ، كىم
بىلىدۇ، شۇ تاپتا كۈكۈن نەۋرەم يورۇق
دۇنياغا كۆز ئاچتىمۇ تېخى...»
ئۇنىڭ كۆڭلى ئىمىن تېپىپ، چىرا-
يىدا تەبەسسۇم جىلۋىلەندى. ئۇ ئېڭىشىپ،
ئېلىگە ئاستا مۇشتلىغىنىچە مېڭىپ ئۆيگە
كىردى - دە، كاتىنىڭ يېنىغا كەلدى. بۇ
ئۈجمە ياغىچىدىن ياسالغان كات ئۇنىڭ
ئاتا - ئانىسىدىن قالغان تەۋەررۈك ئىدى. ئۇ
ئادىتى بويىچە كاتىنىڭ سىلىغىدىلىنىپ پار-
قىراپ كەتكەن قىردىنى بىر پەس سىلاپ
تۇرۇپ، ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدى، ئاندىن
ئىشتان بېغىغا چېگىۋالغان ئاچقۇچ بىلەن
قۇلۇپنى ئېچىپ قولنى كاتىنىڭ ياپقۇچىغا
ئۇزىتىپ يەنە توختاپ قالدى. «ئاچالار-
مەنمۇ، ئۆز قولۇم بىلەن ئېچىپ باقمىغىلى
قانچە يىللار بولغاندۇ. ئون يىل، يىگىرمە
يىل، بۇنى كىم ساناپ ئولتۇرۇپتۇ، ئۇ
قاچانلىكىم بۇ كاتنى ئاچماق بولسا، يا
ئوغلى، يا كېلىنى، يا نەۋرىسى، ياكى
ئەۋرە كېلىنى... ئىشقىلىپ بىرسى پەيدا
بولاتتى - دە، «مەن ئېچىپ بېرەي» دەپلا
كېلەتتى. ئۇ ئالدىنقىنى ئېلىپ، سالدى-
غىنىنى سېلىپ بولغاندا يەنە كېلىپ
يېپىپ بېرەتتى. ھازىر ئۇلارنىڭ ھېچ-
قايسىسى يوق. ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ
قونۇشىدىغان چەۋرىسى گۈلخۇمارمۇ ئۇخلاپ
قاپتۇ، ئۇخلاۋاتقانلاردىن بىرەرىنى ئويـ-
غىتايمۇ - يا؟! ياق، ئۇخلىۋالسۇن، بىچا-
رىلەر ھېرىپ كەتتى. ئەتىگەندىن كەچكىچە
توختىماي پالاقشىماق ئوڭايمۇ؟ ئۆزۈم
سىناپ باقاي، شۇنچە ئۆمۈر بەرگەن
خۇدايىم، كۈچىنىمۇ ئاياپ تۇرماس! ئۇ
يەنە ئاۋايلاپقىنە ياپقۇچقا قول سۇندى.
شۇ ئەسنادا:
— موما، نېمە قىلىۋاتىسىز ئۇ
يەردە؟ — دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى ۋە گۈل-
خۇمار ئۇنىڭ يېنىدا پەيدا بولدى - دە، ياپ-
قۇچنى كۆتۈرۈپ كاتنى ئېچىپ بەردى.
موماي بىر ھازا كاتىنىڭ ئىچىگە
قاراپ تۇردى. ئۇ يەردە رەتلىك تىزىلغان
تۈگۈنچەكلەر بار ئىدى، ئۇ بوپىلارنى
بىر - بىرلەپ يېشىپ رەخت پارچىلىرىنى
ئاللاپ ئالدى. ئاندىن كاڭغا چىقىپ،
ئېلېكتىر چىرىغىنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ
يۈكۈندى - دە، كۆزىنى بۇ پۇرۇچلارغا
تىككىنىچە خىيال سۈرۈپ كەتتى، مانا بۇ
ئاتىسىنىڭ چەكمەن چاپىنىنىڭ بىر پار-
چىسى، ماۋۇ ئاپىسىنىڭ ماتا تامبىلىنىڭ
بىر پۇشقىقى، ئاۋۇسى ئۆزىنىڭ
كۆيۈمچان مۇرەببىيسى — بالىلىرىنىڭ
ئاتىسىنىڭ كۆڭلىكىنىڭ بىر پېشى، بۇلار
ئۇنىڭ ئەڭ قىممەتلىك تۇتىياسى، تەۋەر-
رۈكى ئىدى. بۇلاردىن باشقا يەنە سەگەز،
چىت، شايى - ئەتلەس، چىبەرقۇت، مەخمەل،
دۇخاۋا ... غا ئوخشاش رەخت پارچىلىرى
بار ئىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئەۋ-
لادلىرى ۋە ئۆزى كىيگەن كىيىم - كېچەك-
لەر بولۇپ، مانا ئەمدى قىيىلىپ پەقەت
پارچە پۇرۇچقا ئايلانغانىدى... ئۇ ئۇلۇغ-

كىچىك تىندى ۋە قايچىنى قولىغا ئېلىپ
ئاۋايلاپ قىيىشقا باشلىدى، قىيىندىلارنى
ئۇدۇللۇق تىزىپ سانىدى. توقسەن توققۇز،
يۈز، يۈز بىر ... ئارقىدىن يەنە رەڭلەرنىڭ
ماس كەلگەن - كەلمىگەنلىكىگە قاراپ بىر
قانچە رەت تەڭشىدى، ئاندىن يىڭنىسىنى
ئېلىپ يۆمەشكە باشلىدى.



— نېمە قىلىدىغاندۇ دېسەم، جىنىـ
ڭىزنى قىيناپ قۇراق قۇرغىلى تۇردىڭىز-
مۇ؟ — دېدى گۈلخۇمار تەئەججۈپلىنىپ.
— كۆكۈن نەۋرەمگە ئاتاپ...
—سىزنىڭ تۇنجى كۆكۈن نەۋرەم دەپ
كۆيۈپ پىشىپ تىككىنىڭىزگە چۈشلۇق
ئۇلار ياراتسىغۇ ياخشى، ناۋادا ياراتـماي،
بۇ نېمىسىدۇ ئەمدى دەپ قوپسا، قىلـغان
ئەجرىڭىز بىر يەردە قېلىپ، كۆڭلىڭىز
ئاغرىپ قالمىسۇن يەنە!
بۇ گەپنى ئاڭلاپ مومايىنىڭ قوللىرى
تىترەپ، يىڭنە قولىدىن چۈشۈپ كەتتى،
كۆزلىرى خىرەلىشىپ پۇرۇچلار ئۈستىدە
قېتىپ قالدى. راست، بۇ قۇراقلارنى
قۇراپ چىققسام ئۇلار ياراتارمۇ؟ چەۋرەمـ
غۇ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغان كادىر بولـ
سىمۇ لېكىن مۇشۇ ئائىلىدىن چىققان ...
ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ ھالىنى ئوبدان چۈشىـ
نىدۇ، مەن تولا ھېكايە قىلىپ قۇلىقىغا
قۇيۇۋەتكەن، مىجەزىمۇ چوڭ بوۋىسىغىلا
ئوخشايدۇ. ھەرگىز ئەسلىنى ئۇنتۇمايدۇ،
چەۋرە كېلىنىمۇ ئوقۇغان، مىجەزىغۇ
خويمۇ ئوبدان، مېنىمۇ قەۋەتلا چوڭ كۆ-
رىدۇ، لېكىن-زە، ئۇ كادىرنىڭ قىزى، چوڭ
شەھەردە تاۋار، دۇردۇنغا يۆگىنىپ ئەركە
چوڭ بولغان، ئۇلار ھە دېسە، «يېڭى مودا»
دەپ غەلىتە بىر كىيىملەرنى كىيىشىدۇ،
تاللايدىغان رەختلىرىچۇ تېخى، بۇ رەختلەر
بىزنىڭ زامانىمىزدا چۈشىمىزگىمۇ كىرىپ
باقمىغان، ئۇلار ماتا چەكمەن، سەگەز
دېگەنلەرنى نەدىن بىلسۇن ... ياق، بۇرۇن
بىلمىگەن بولسا ئەمدى بىلسۇن! مومايى
گويا بۇ خىياللارنى كاللىسىدىن قوغلىۋەتـ
مەكچى بولغاندەك قولىنى سىلكىدى - دە:
— ياق، ئۇلار يارىتىدۇ، مەن ئۇلارغا
يارىتىمەن، —دېدى-دە، يەنە چېتىشقا باشلىدى.
— موما، — دېدى گۈلخۇمار ئېتىراز
بىلدۈرۈپ — ئۆزىڭىزنىلا خىيال قىلىدىـ
كەنسىز، ھازىر قانداق چاغ بىلەمسىز،
ھەممە نەرسە زامانىۋىلىشىپ كەتتى.
— زامانىۋىلاشسا نېمە بوپتۇ؟ يەنىلا
بالىنى ئانىسى تۇغۇۋاتىدۇ، بوۋاقنى زاكىـ
لاۋاتىدۇ، خۇددى سېنى، ئاتاڭنى، ئاتاڭـ
نىڭ ئاتىسىنى باققانغا ئوخشاش بېقىۋاتىدۇ،
زامانلاشتى دەپ بالىلار ئاتىسىدىن، ئانىلار
بالىسىدىن تېنىپ كەتمەيدىغاندۇ؟
— ئۇغۇ شۇنداق، لېكىن ...
— نىمە لېكىن - پېكىن دەپ تىلىڭنى
چاينايسەن، ھەممىسى ئۆزۈڭ تاپقان گەپلەر

سەن بۇ قۇراقنىڭ قەدرىنى بىلەمسەن؟

— مەنغۇ ئوبدان بىلىمەن موما، مېنى يۆگىگەن قۇراق لاتىنىمۇ تۇتىيا قىلىپ چامدىنىمدا ساقلاۋاتىمەن. ھەتتا خەقلەرنىڭ سىزگە بەرگەن ئالقانچىلىك كونا لاتىنى كۆزگە سۈرتۈپ ئۇنىڭدىن تۇمار تىكىپ، «ئەزىنخان ئانىدەك ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشنى نېسىپ قىلغاي» دەپ ئەتىۋارلىق بالىلىرىنىڭ بوينىغا ئاسىدىغانلىقىنىمۇ ئوبدان بىلىمەن. بىراق ئۇلار باشقا خەق، چەۋرە كېلىنىڭىز دېگەن بىلىملىك چوڭ زىيالىي، شۇڭا ...

— بىلىملىك چوڭ زىيالىمىش تېخى، ھەرقانچە بولسىمۇ ئەمەتچىلىك ئەمەستۇ، ئۇ بېيجىڭدا نېمىنى ھېلىقى ... ھە، ئەتىقاتتا ئۈچ يىل ئوقىدى، ئاندىن ئۆزى ئوقىغان مەكتەپتە ئەپەندى بولدى. ئۇ يەردىمۇ ھەممىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ ھېلىقى يەرگە كەتتىغۇ، ھېلىقى ئالەمنىڭ ئۇ چېتىدىكى، دېڭىزلارنىڭ نېرىسىدىكى ...

— ئامېرىكا.

— ھە، ئامېرىكىغا كەتتىغۇ، ئاشۇ كاتتا يەردە تۇرۇپ يازغان خېتىنى ئوقۇپ بەردىڭغۇ ... «موما، سىزنى شۇنداق سېغىندىم، ھەر قېتىم سىزنى ۋە يۇرتۇمنى كۆرگۈم كەلگەندە ھېلىقى قۇراقنى ئېلىپ ئۇزاقتىن - ئۇزاقىچە قاراپ كۆزۈمگە سۈرتۈمەن. بۇ كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن ئانا ۋەتەننىڭ سىيماسى، يۇرتۇمدىكى تاغۇ - دەريالار، باغۇ - بوستانلار، پايانسىز گۈزەل يايلاقلارنىڭ سىيماسى. مومامنىڭ، ئەجدادلىرىمنىڭ سىيماسى دەپ ئويلايمەن. شۇ چاغدا سىزنىڭ مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ قۇراق قۇراۋاتقان قەددىڭىز كۆز ئالدىمدا نامايان بولىدۇ. يىللىق مېھرىڭىز قەلبىمنى ئىسسىتىدۇ. ماڭا كۈچ - مادار بېرىدۇ ۋە سىزنىڭ ‹بارغىن بالام، بارغىن، خۇداغا ئامانەت، ئاتىسى ئاتالمىغان توڭگۇزنى، بالىسى ئېتىپتۇ توققۇزنى›، دەپتىكەن، ئاتا - بوۋىلىرىڭ بارمىغان يەرلەرگە بارغىن، ئۇلار قىلالمىغان ئىشلارنى قىلغىن. ئۇ يەردىكى ئادەملەر سورىسا، ‹مەن ئەزىنخاننىڭ ئەۋرىسى› دېگىن، دېگەن سۆزلىرىڭىز قۇلاق تۈۋىمدە جاراڭلايدۇ...»

— راست، ئەمەت ئاتام چوڭ ئالىم، سىز ئالىمنىڭ موممىسى ...

— بېشى ئاسمانغا تاقاشسىمۇ يەنىلا مېنىڭ پۇشتۇم ... — موماي كۈلۈپ كەتتى، ئاندىن يەنە پۇرۇچلارنى قولىغا ئېلىپ يۆمەشكە باشلىدى.

— سىز كۆك سېلىپ، چېتىپ بېرىڭ، مەن ماشىنىدا تىكىپ بېرەي، بولمىسا تاڭ ئاتقىچىمۇ قۇراپ بولالمايمىز.

— ماقۇل بالام، ماقۇل ...

ئۇلار باش توخۇ چىللىغاندا قۇراقنى تىكىپ بولدى، گۈلخۇمار جايىدا يېتىپ ئۇخلاپ قالدى. موماي بولسا تەرەت ئېلىپ بامدات نامىزىغا قوپتى. ئۇ جاينامىزىنى قاتلاپ، ئورنىدىن تۇرۇۋاتاتتى، سىرتتا «موما» دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. ئارقىدىنلا «موما، سۆيۈنچە» دېگىنىچە نەۋرە كېلىنى يۈگۈرۈپ كىرىپ كەلدى.

— ھە، بوشىنىۋالدىمۇ، خۇداغا شۈكرى، ئاغزىڭىزغا ناۋات بالام، ئاغزىڭىزغا، — ئۇ، يانچۇقىدىن بىر پارچە ناۋاتنى ئېلىپ كېلىنىنىڭ ئاغزىغا سالدى. ئاندىن بېرىپ لىمتاقتا تىزىقلىق يوتقانلارنىڭ قېتىدىن يېڭى بىر ياغلىقنى ئېلىپ، ئۇنىڭ بوينىغا سېلىپ قويدى. كېلىن ئېگىلىپ تەزىم قىلىپ:

— رەھمەت ئانا، — دېدى ۋە ئۇنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ چەۋرە كېلىنىنىڭ ئوغۇل تۇغقانلىقىنى ئېيتتى.

— ئاللاتائالا ئۆمرى بىلەن بەرگەنلا بولسا، — دېدى موماي يېغى بىلەن كۆز چانىقىدىن دومىلاپ چۈشۈۋاتقان يېشىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ، — مەندىنمۇ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەي ئىلاھىم.

تاڭ بىلەن تەڭ يېڭى بىر كۈن باشلاندى. بىرلىرى ھويلا ئاراملارنى سۈپۈرۈپ سۇ سەپسە، يەنە بىرلىرى قوتاندىكى ماللارغا يەم بەرمەكتە، كېلىنلەر ئېغىلدا سىيىر ساغسا، نەۋرىلەر ھارۋا قېتىپ، ماشىنىنى ئوت ئالدۇرماقتا.

مومايمۇ ئۆز ھەلەكچىلىكى بىلەن، شۇ تاپتا يەنە كاتىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ ئۈزۈم، گۈلە، بادام، ياڭاق، قاتارلىق مېۋىلەر قاچىلانغان خالتىلارنى ئىلغىماقتا ئىدى. ...

— ۋاي - ۋۇي موما، بۇ نەرسىلەرنى يېمەي يىغىۋېرىپتىكەنسىز - دە، — دېدى چاي كۆتۈرۈپ كىرگەن نەۋرە كېلىنى ھەيران بولۇپ.

— مەن قانچىلىك نەرسە يەپ كېتەتتىم، بالام.

— بۇنى ئوغۇللىرىڭىز كۆرسە رەنجىيدۇ، ئاندىن ئەكىلىپ بەرمەي قويسا كۆرۈڭ!

— خۇدايىم ئىنسابى بىلەن بېرىپتىكەن بۇ بالىلارنى، ئېيتىڭە، ئارزىگۈل نېمىگە ئامراقتى، نىمىلەرنى ئالسام بولار...

— نېمە قىلماقچىسىز.

— دوختۇرخانىغا بارىمەن، كۈكۈن نەۋرەمنى كۆرىمەن. ئۇنى ئۆزۈم ئىغىزلاندۇرىمەن.

— سىز كىرمەڭ، ئەتىلا قايتۇرۇپ چىقىدىغان تۇرساق.

— ياق، ئەتىگە مەن بارمۇ - يوقمۇ، خۇدا ئۆزى بىلىدۇ، بۈگۈن چوقۇم كىرىمەن.

— شۇ تاپتا ھارۋىمۇ، تراكتورمۇ، ماشىنىمۇ ھەممىسىلا ئىشقا كەتتى.

— بالىلارنى ئەۋەتىڭ، سەمەت ماشىنا ئەكەلسۇن.

— ئاۋۋال ناشتا قىلىۋېلىڭ موما.

— شۇ تاپتا گېلىمدىن ھېچنېمە ئۆتمەيدۇ.

... كۈن ئارغامچا بويى ئۆرلىگەندە، ئانا نەۋرىسىنىڭ ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ دوختۇرخانىغا قاراپ يولغا چىقتى. ئۇنىڭ قەلبى دولقۇنلىماقتا، قورۇلۇپ كەتكەن لەۋلىرى توختىماي پىچىرلىماقتا:

— ئۆزۈم ئىغىزلاندۇرىمەن، «مەن ئەزنىخانىنىڭ پۇشتى» دەيدىغان قىلىپ ئىغىزلاندۇرىمەن!

مەسئۇل مۇھەررىر ئالىمجان ئىسمايىل



مۇختار مۇھەممەت

# «ئالەم كېمىسى 1- نومۇرلۇق ماي»

(ئىلمىي فانتازىيىلىك ھېكايە)

2029 - يىلى 12 - ئاينىڭ 28- كۈنى چۈش، ھاۋا تۇتۇق. مايتاغ نېفىت ئايرىش زاۋۇتى لابوراتورىيە ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى دوكتۇر قادىر تەجرىبىخانىدا نۆۋەتتىكى يېڭى تەتقىقاتى — ئۇنىۋېرسال ماي — «1- نومۇرلۇق ماي» نى تەتقىق قىلىۋاتاتتى.

تەجرىبە قىلىنىۋاتقان بۇ تەتقىقات تېمىسى ئۇ بۇنىڭدىن ئون يىل بۇرۇن ئامېرىكا ئالەم قاتناش ئېنېرگىيىسى ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىلىم ئاشۇرۇۋاتقاندا تاشقى پىلانېتتىن كەلگەن بىر ئۇچار تەخسە ئېنېرگىيىسى يېتىشمەسلىك تۈپەيلىدىن يەر شارىغا چۈشۈپ پارچىلىنىپ كەتكەندە كاللىسىغا كىرىۋالغانىدى. ئۇ، شۇنىڭدىن بۇيان بۇ تەتقىقاتقا ئائىت ماتېرىياللارنى توپلاپ، ئىككى ئاي بۇرۇن بۇ تەتقىقاتنى باشلىغانىدى. ئەگەر بۇ تەتقىقات مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشسە، بىرنەچچە خىل مايلارنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان بۇ يېڭى مەھسۇلاتتا يەر شارىدىكى ماينى يېقىلغۇ قىلىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ھەرىكەتلەندۈرگىلى بولاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ ئۇنىۋېرسال ماي ئىسسىز، پۇراقسىز ئىدى، ئۇنى قاتتىق ھالەتكىمۇ كەلتۈرگىلى بولاتتى. قۇۋۋىتى بولسا ئاتوم قۇۋۋىتىدىن قېلىشمايتتى. شۇڭا ئۇ، ئىككى ئايدىن

بۇيان بۇ تەتقىقاتقا يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلدى. ھازىر بۇ تەتقىقات ئاخىرقى باسقۇچقا كىرگەنىدى. ئۇ يېقىندىن بۇيان ياتاقچىمۇ قايتماي كېچە - كۈندۈزلەپ تەجرىبىخانىدا بولدى. ئۇ ئاۋىئاتسىيە مېيى، ئاكرىلىك كىسلاتا، ئاتسېتون، ئابدىملىك مېيى، سۈيۈقلاشتۇرۇلغان ھىدروگېن قاتارلىق ئون نەچچە خىل سۈيۈقلۇقنىڭ جەۋھىرىنى ئېلىپ بىر تەرەپ قىلىپ، خىمىيىلىك بىرىكمىدىن ھاسىل بولغان سۈيۈقلۇقنى 355°C تا پارلاندۇرۇپ، سىنتېزلىدى. كېيىن ھازىرغىچە كىشىلەر پەقەتلا سۇلياۋ ۋە ئاپتوموبىللارنىڭ كامېرىغا خام ماتېرىيال قىلىۋاتقان كاۋچۇك مېيىنى خىمىيىلىك بىر تەرەپ قىلىپ، ئالدىنقى سۈيۈقلۇق بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، مەلۇم مىقداردا بېنزىن ئارىلاشتۇرۇپ سىناق قىلغان بولسىمۇ يەنىلا كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتەلمەيۋاتاتتى. ئۇ بۈگۈنمۇ ئەينەك نەيچىدىكى سۈيۈقلۇقنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالىنى پۈتۈن زېھنى بىلەن كۆزىتىۋاتاتتى. تۇيۇقسىز ئىشىك چېكىلدى.

— كىرىڭ!

قادىر بېشىنى كۆتۈرمەي پۈتۈن زېھنى بىلەن ئىشلەۋاتقان بولغاچقا، كىمنىڭ كىرگەنلىكىنىمۇ سەزمىدى. تەجرىبىخانىنىڭ ئىچى ئىسسىشقا باشلىدى. قادىرنىڭ دېمى سىقىلىپ، تېرمومېترغا قارىدى. تېرمومېتر ئىچىدىكى قىزىل سىماب ناھايىتى تېزلىك بىلەن سېلسىيە 35°C،45°C،48°C ئۆرلىدى، ئۇ نېمە بولۇۋاتقانلىقىنى ئۇقالماي دەرھال ئەينەك نەيچە ئىچىگە قارىدى.

قىزىق ئىش، ئەينەك نەيچە ئىچىدە بۇلدۇقلاپ قايناۋاتقان سۈيۈقلۇق ئاستا توڭلاشقا باشلىدى.

بۇنى كۆرگەن قادىر داڭقىتېپ تۇرۇپلا قالدى. چۈنكى بۇنداق ئىسسىقتا ئەينەك نەيچىدىكى سۈيۈقلۇقنىڭ توڭلاپ قېلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بىردىنىڭ خىرقىراپ كۈلگەن ئاۋازى ئۇنى ئىختىيارسىز كەينىگە قاراشقا مەجبۇر قىلدى.

ئاھ، قادىرنىڭ كۆز ئالدىدا ئۆزىدىن خېلى ئېگىز، قوغۇشۇن تەنلىك، بىر كۆزلۈك، كۆزىدىن ئۆتكۈر يېشىل نۇر چاقناپ تۇرىدىغان ئاجايىپ بىر مەخلۇق مەسخىرە ئارىلاش ھىجىيىپ تۇراتتى.

ئوتتۇز سەككىز ياشقا كىرگەن بولسىمۇ، تېخى توي قىلمىغان، ئىككى مېتىر ئون سانتىمېتر كېلىدىغان بويى، 97 كىلوگرام ئېغىرلىقى بىلەن باشقىلارنىڭ «گىگانت» ئادەم دەپ چاقىرىشىدىن پەخىرلىنىپ يۈرگەن بۇ دوكتۇر ئۆزىنى بۇ مەخلۇقنىڭ ئالدىدا خۇددى كىچىك بالىدەك ھېس قىلدى. ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنىدىن سوغۇق تەر چىقىشقا باشلىدى. چۈنكى بۇ مەخلۇق چۆچەكلەردىكى دېۋىگە ئوخشايتتى.

ھېلىقى مەخلۇق ھىجىيىشتىن توختاپ، ئۆزىگە ماس كەلمىگەن يېقىملىق ئاۋازدا بىر نېمىلەرنى دېدى. ئىنگلىز، نېمىس، رۇس، ياپون، فرانسۇز، ئەرەب، بېنگال، ئىسپان تىلى قاتارلىق 27 خىل تىلدا راۋان سۆزلىيەلەيدىغان ۋە بۇ خىل تىللاردا دۇنياۋى ئىلمىي تەتقىقات ژۇرناللىرىدا ئەللىك نەچچە پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلغان قادىر دوكتۇر ئۇ مەخلۇقنىڭ بىر ئېغىز سۆزىنىمۇ ئۇقالمىدى. ئۇ مەخلۇق قادىرغا قورقما دېگەندەك ئىشارەت قىلىپ، تۇيۇقسىز توڭلاپ قالغان نەيچىدىكى سۈيۈقلۇققا قولىنى ئۇزاتتى. ئۇنىڭ قولى نەيچىنىڭ قېشىغا بارا - بارمايلا

نەيچىدىكى سۇيۇقلۇق ئېرىشكە باشلىدى.
بۇنىڭدىن قادىر تېخىمۇ ھەيران قالدى.
بۇ بەھەيۋەت مەخلۇق نەيچىنى قولىغا
ئېلىپ، قادىرنى كەينىدىن مېڭىشقا ئىشارەت
قىلدى.

قادىر ئۇنىڭ كەينىدىن تەجرىبىخانى-
نىڭ ئالدىدىكى كەڭ كەتكەن چىملىق مەيدان-
غا چىقتى. مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىدا دىئا-
مېترى 50—60 مېتر كېلىدىغان غايەت چوڭ
تەخسىسىمان بىر نەرسە يالت ـ يۇلت چاقناپ
تۇراتتى. قادىر ئۇنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى
بىر قاراپلا بىلدى. قادىر بۇ ئۇچار
تەخسىنىڭ بىرەر پالاكەتكە يولۇققانلىقىنى
پەملىدى. چۈنكى بۇ ئۇچار تەخسە ئۇچقۇ-
چى تەرىپىدىن قونىدۇرۇلماي، مەجبۇرىي
چۈشكەندەك قىلاتتى. ئۇچار تەخسىنىڭ
ئازراق قىسمى چىملىق مەيدانغا پېتىپ
قالغانىدى. ھېلىقى پېشانىسىنىڭ ئوتتۇرى-
سىدا بىر كۆزى بار مەخلۇق ئۇچار تەخ-
سىگە قاراپ كېتىۋاتاتتى، قادىرمۇ ئۇنىڭ
كەينىدىن تېڭىرقىغان ھالدا مېڭىۋەردى،
مەخلۇق ئۇچار تەخسىنىڭ قېشىغا بېرىپ
ئۆز تىلىدا بىر نېمىلەرنى دەپ گۇدۇڭشى-
دى. شۇ ھامان ئۇچار تەخسىنىڭ تەجرىبى-
خانىغا قاراپ تۇرغان تەرىپى ئاۋازسىز
ئېچىلدى ـ دە، ھېلىقى مەخلۇققا
ئوخشايدىغان ئىككى مەخلۇق
چىقىپ، ئۇچار تەخسە ئىشىكىنىڭ ئىككى
تەرىپىدە سەل ـ پەل ئېگىلگەن پېتى تۇر-
دى. كەينىدىن يەنە ئۇچىسىغا كۈمۈش رەڭ
كىيىم كىيىۋالغان ئېگىز بويلۇق، ئادەمگە
ئوخشاش ئىككى كۆزلۈك، سېرىق تەنلىك
قاملاشقان ئىككى «ئادەم» چىقتى، قادىرنى
باشلاپ كەلگەن مەخلۇق بولسا، ئادەمگە
ئوخشايدىغان ئىككىسىنى كۆرۈپلا ئېگىلىپ
تەزىم قىلدى ـ دە، قولىدىكى ئەينەك
نەيچىنى ئېگىزرەك كەلگەن بىرىگە بې-
رىپ، بىر چەتكە ئۆتۈپ قاراپ تۇردى.
ئەينەك نەيچىنى ئالغان ھېلىقى كىشى ئۇ-
چار تەخسىنىڭ كاپىتانى، يەنە بىرى مۇ-
ئاۋىن كاپىتانىغا ئوخشايتتى. چۈنكى ئۇ-
لارنىڭ ئادەملىرى ئۇ ئىككىسىنى ئالاھى-
دە ھۆرمەتلەپ، چىرايىغىمۇ تىكىلىپ قا-
رىمايتتى. قادىر كاپىتان دەپ پەرەز قىل-
غان ئۇچار تەخسە خادىمى قادىرنىڭ ئال-
دىغا كېلىپ، تولۇق ئۇيغۇر تىلىدا:

— ياخشىمۇسىز، قادىر ئەپەندى، بىز
سىزنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولغىنىمىز ئۈ-
چۈن ئىنتايىن خۇشالمىز، — دېدى ـ دە،
ئوڭ قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ سالام بەر-
گەندىن كېيىن، ئىككى قولىنى ئۇزاتتى.

قادىر ھەيران بولغان ھالدا ئارانلا:

— ياخشىمۇسىز، — دەپ ئۇنىڭغا
ئىختىيارسىز ئىككى قولىنى ئۇزاتتى.

ئۇ، قادىرنىڭ قولىنى تۇتقان پېتى
خۇددى كونا قەدىناسلاردەك بىر قولىنى
قادىرنىڭ مۈرىسىگە قويۇپ، قادىرنى يې-
تەكلىگىنىچە ئۇچار تەخسىگە چىقتى. ئۇ-
چار تەخسىنىڭ ئىچى ئىنتايىن چىرايلىق
ئىدى، پولغا نەپىس توقۇلغان گىلەم سې-
لىنغان ئىدى، قادىرنىڭ پەرىزىچە ئۇچار
تەخسىنىڭ ئىچىدە 50 — 60 تەك بۆلۈمچە بار
ئىدى. ئۇچار تەخسىنىڭ كارىدورى
«چەمبەر» سىمان بولۇپ، كارىدورنىڭ
تاملىرىغا يەر شارىدىكى قەدىمكى ۋە
ھازىرقى ئاتاقلىق رەسساملار سىزغان
داڭلىق رەسىملەر ئېسىقلىق تۇراتتى. ئۇ-
چار تەخسە كارىدورىنىڭ ئىچكى تاملىرىدا
ئەرەب رەقىمى بىلەن يېزىلغان سانلار
تۇراتتى. ئەگەر سانلارغا قاراپ (يەر شارى-
دىكىگە ئوخشاش) ئىشىك ئىكەن دېمىسە،

پەرق ئەتكىلى بولمىغۇدەك دەرىجىدە
ياسالغان بۇ ئۈچار تەخسىنىڭ ھېچقانداق
يېرىدە چاچ سىغقۇدەكمۇ ئارىلىق يوق
ئىدى. ئەرەب رەقىمى بىلەن «40» دەپ
يېزىلغان بۆلۈمچىنىڭ ئالدىدا ئۇيغۇر
رەسامى سىزغان مەھمۇد قەشقىرىنىڭ
كىتاب مۇتائىلە قىلىۋاتقان رەسىمى ئېسىق-
لىق تۇراتتى. بۇنى كۆرۈپ قادىر ئىختى-
يارسىز توختاپ قالدى.

— دوكتۇر ئەپەندى، ھەيران
قالىماڭ، بىز سىلەرنىڭ يەر شارى دەپ
ئاتالغان بۇ پلانېتىڭلاردا توپتوغرا ئۈچ
يىل كۆزىتىش ئېلىپ بېرىپ، بۇ پلانېتى-
نىڭ ئون مىڭ يىللىق تارىخى، بۇ
جەرياندا ياشاپ ئۆتكەن بارلىق جانلىق-
لارنى تەتقىق قىلىپ چىققان. بۇنىڭ
ئىچىدە سىلەرنىڭ يىلنامەڭلەر بويىچە
ھېسابلىغاندا مىلادى 11 - ئەسىردە ئۆت-
كەن ئالىمىڭلار مەھمۇد قەشقىرىمۇ
بار. سىز بۇ رەسىملەرگە قاراپ ھەيران
قالىماڭ، بىز بۇ رەسىملەرنى يىراقتىن
كۆپەيتىپ بېسىش ئاپپاراتى بىلەن
سۈرەتكە ئالغان. بىزدە ھازىر يەر شارى-
دىكى بارلىق جانلىقلار، ئۆسۈملۈكلەر،
تاغ، دەريالاردىن تارتىپ يەر شارىدا
بار بولغانلىكى نەرسىنىڭ سۈرىتى بار،
بىز بۇلارنى ئۆز پلانېتىمىزغا ئاپىرىپ،
بىزنىڭ پلانېتىمىزدىن باشقا پلانېتلاردىمۇ
بىزگە ئوخشاش تەرەققىي قىلغان جانلىقلار-
نىڭ بارلىقىنى ئۆز خەلقىمىزگە كۆرسىتى-
مىز. بىزنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىمىزدىكى
مەقسىتىمىزمۇ شۇ، ئەپەندىم، بىز بۇ
توغرۇلۇق كېيىن سۆزلىشەيلى، يۈرۈڭ،
خانىگە كىرىپ، سىز بىلەن سۆزلىشىدىغان
مۇھىم ئىش بار، — دېدى ھېلىقى ئۈچار

تەخسە خادىمى ۋە سول قولىنىڭ كۆرسەت-
كۈچ بارمىقىنى ئىشىكنىڭ ئۈستىگە يېزى-
لغان 40 دېگەن رەقەمگە قارىتىپ شىل-
تىدى. ئىشىك ئېچىلدى. بۆلۈمنىڭ ئىچى
ئازادە بولۇپ، بۇ بۆلۈمچىمۇ چەمبەر-
سىمان ئىدى. بۇ بۆلۈمچىنىڭ ئىچىگە
تۆت سافا ئايلاندۇرۇپ قويۇلغان بولۇپ،
ئوتتۇرىسىدا نېمىدىندۇر ياسالغان چاي
ئۈستىلى تۇراتتى. ئۈستەل ئۈستىدە
تۇرپاندا ئىشلەنگەن داڭلىق پىۋىدىن ئىككى
قۇتا تۇراتتى.

— دوكتۇر ئەپەندىم، ئېلىڭ، بىز-
نىڭ بۇنىڭدىن باشقا سىزگە قويۇپ بەر-
گۇدەك بىر نەرسىمىز يوق. چۈنكى بىز
سىلەردەك داۋاملىق تاماق يەپ ئىچمەيدىك
ئىچىپ ئولتۇرمايمىز. قېنى سافاغا
كېلىڭ.

قادىر سافاغا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇ
ئىككىسى بولسا قادىرنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ
ئولتۇردى. قادىر ئۆمرىدە بۇنداق راھەت
بەخش سافادا ئولتۇرۇپ باقمىغانىدى.

— دوكتۇر ئەپەندى، سىزنى بۇ
يەرگە يامان غەرەز بىلەن باشلاپ كەل-
مىدۇق، سىز بىزنىڭ بۇ ئالەم كېمىمىز-
نىڭ قېشىغا كېلە - كەلمەيلا بۇ كېمىنىڭ
پالاكەتكە ئۇچرىغانلىقىنى سەزدىڭىزغۇ
دەيمەن. بىز ھەقىقەتەنمۇ ئانچە چوڭ
بولمىغان، لېكىن بىز مەڭگۈ ئۆز پلانې-
تىمىزغا قايتالمايدىغان ھادىسىگە ئۇچرى-
دۇق. بۇنىڭدىن ئىككى ئاي بۇرۇن، يەنى
سىز يېڭى تەتقىقاتىڭىزلى باشلىغان كۈنى
بىز ئامېرىكىنىڭ ھاۋا بوشلۇقىدا ئامېرىكا
ھاۋا ئارمىيىسى قارىمىقىدىكى ئالەم قاتـ
نىشى بېكىتىدە ئەسكەرلەرنىڭ «ئالاقە باغ-
لىغۇچى — 7» ناملىق ئالەم كېمىسنى

قويۇپ بېرىش تەييارلىقىنى قىلىۋاتقانلىقىنى يەر شارىدىن سەكسەن مىڭ كىلومېتىر ئېگىزلىكتە كۆزىتىۋاتاتتۇق. بىزنىڭ يەنە بىر تېلېۋىزور ئېكرانىمىزدا دۆلەتلەرنىڭ تەكلىماكان قۇملۇقىدىكى ئالەم كېمىسى قويۇپ بېرىش مەيدانىنىڭ ئۈستىگە «جۇڭگو خەلقى يەر شارى نامىدىن كائىنات ئادەملىرىگە قىزغىن سالام يوللايدۇ» دېگەن خەتلەر يېزىلغان «ئۈمىد 14» ناملىق ئالەم كېمىسىنى قويۇپ بېرىش ئالدىدىكى ئەڭ ئاخىرقى تەييارلىقلىرىنى قىلىۋاتقانلىقىنى كۆزىتىپ تۇراتتۇق. بىزنىڭ بارلىق خادىملىرىمىز جىددىي ئىشلەۋاتاتتى. تېلېۋىزور ئېكرانىمىز تۇيۇقسىز ئامېرىكا قويۇپ بېرىش ئالدىدا تۇرغان ئالەم كېمىسىنىڭ ئاپتوماتىك باشقۇرۇش ئۈسكۈنىسىدىن چاتاق چىققانلىقىنى خەۋەر قىلدى. ئەگەر ئۇلار ۋاقتىدا خەۋەر تاپمىسا، ئۇ ئالەم كېمىسى يەر شارىدىن ئايرىلىپ بەش مىڭ كىلومېتىر ماڭا - ماڭمايلا پارتىلاپ كېتەتتى. ئۇ، ئالەم كېمىسىدە يىگىرمە نەپەر خادىم بار ئىدى. مەن دەرھال ئۇلارنى خەۋەرلەندۈرۈپ قويماقچى بولۇپ، تېلېگراف ئاپپاراتىغا قولۇمنى ئۇزىتىشىمغا كونترول قىلىش ئىشخانىسىدىن «كاپىتان، كاپىتان، نامەلۇم ئۇچار جىسىم بىزگە ناھايىتى تېز سۈرئەتتە يېقىنلاپ كېلىۋاتىدۇ» دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. مەن تېزلىك بىلەن كونترول قىلىش ئىشخانىسىغا باردىم. راست دېگەندەك بىزنىڭ كېمىمىزدىن ئانچە پەرقلەنمەيدىغان، ئەمما ئۈچ بۇرجەك قارا رەڭلىك بىر ئۇچار جىسىم بىزگە يېقىنلاپ كېلىۋاتاتتى. مەن ئۇنى بىر قاراپلا تونۇدۇم. ئۇ بىزنىڭ پلانېتىدىن كەلگەنىدى. ئەمما ئۇ بىزگە ياخشىلىق ئېلىپ كەلمەيتتى. سىلەرگىمۇ دۈشمەن ئىدى. ئۇ كېمىنىڭ كاپىتانى بىزنىڭ ھازىرقى دەۋردىكى ئىلىم - پەندە كامالەتكە يەتكەن ئەڭ ئۇلۇغ كىشىمىز ئىدى. بىزنىڭ پلانېتىمىزغا بىرلا كىشى ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ. ئۇ ئۆز پۇقرالىرىنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى ئۆيىدىن چىقماي بىلەلەيدۇ. ئەگەر بىرەرى «قانۇن» غا خىلاپلىق قىلسا، يەنىلا ئۆيىدىن چىقماي تۇرۇپ، ئۇنى شۇ يەردىلا يوق قىلالايدۇ. ھېلىقى ئۈچ بۇرجەك ئۇچار جىسىمنى ھەيدەپ كېلىۋاتقان كىشى بولسا، پلانېتىمىزنىڭ پادىشاھىنىڭ ئىنىسى ئىدى. ئۇ، پادىشاھ بىلەن تەخت تالىشىپ توپىلاڭ چىقارغاچقا، پادىشاھىمىز ئۇنى جازالاش ئالدىدا، ئۇ شۇ زاماندىكى ئەڭ زامانىۋى ئۇچار تەخسىگە (ئۇنى ئۆزى ياسىغان) ئولتۇرۇپ قېچىپ كەتكەنىدى. بۇنىڭغا ھازىر سىلەرنىڭ يىلىڭلار بويىچە ھېسابلىغاندا ئىككى يۈز يىل بولدى. ئۇ قېچىپ كېتىپ ئۇزۇنغا قالمايلا پادىشاھقا تېلېگرامما ئەۋەتىپتۇ. ئۇ تېلېگراممىسىدا: «ئەگەر سەن ئورنىڭنى ماڭا بەرمىسەڭ كائىناتتىكى بارلىق نەرسىلەرنى ۋەيران قىلىمەن» دېگەن ئىكەن. پادىشاھىمىز بۇ كائىناتتا بىزگە ئوخشاش جانلىقلار بولسا، ئالاقىلاشساق، باردى - كەلدى قىلىشساق دېگەن ئۈمىدتە بولغاچقا، ئۇنىڭ تېلېگراممىسىنى ئوقۇپ ئىنتايىن ئەنسىرىدى. ئۇ، ئاق كۆڭۈل ئادەم ئىدى. لېكىن ئىنىسى يىراقتا بولغاچقا ئۇنى جازالاشقا قۇدرىتى يەتمەيتتى. شۇڭا ناھايىتى تېز ھەرىكەتكە كېلىپ،

قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ھازىر سىز ئولتۇرغان ئۇچار تەخسىنى ياساشقا بۇيرىدى. ئۇچار تەخسىگە ئەڭ يېڭى تېخنىكا بىلەن ھەر خىل مۇداپىئەلىنىش، ھۇجۇم قىلىش ئۈسكۈنىلىرى ھەمدە يەر شارىدەك تۆت پلانېتىنى كۇكۇم - تالقان قىلالايدىغان ئاتوم ئورنىتىلدى. بۇنىڭغا ئۆزۈم يېتەكچىلىك قىلدىم ھەم بىۋاسىتە قاتناشتىم. چۈنكى شۇنچىلىك پارتلاش كۈچى بولمىسا، ھېلىقى ئۇچار تەخسىنى پارتلاتقىلى بولمايتتى. پادىشاھ بىزگە ئىككى ۋەزىپە تاپشۇردى. بىرى ئۇ ئۇزۇندىن بۇيان ئەمەلگە ئاشۇرالماي كېلىۋاتقان باشقا پلانېتىلاردىكى جانلىقلارنى تېپىش، يەنە بىرى بولسا، ئۇ ئەبلەخنى تېپىپ جازالاش ئىدى. بىز يولغا چىقىش ئالدىدا پادىشاھىمىز ماڭا: «ئىنىمدىن قالسا ساڭا يېتىدىغان ئادەم يوق، شۇڭا مەن سېنى تاللىدىم. سەن ئالدى بىلەن كائىناتتا بىزگە ئوخشاش كىشىلەر بارمۇ يوق، شۇنى ئىزدە. ئاندىن ئۇ ئەبلەخنى تۇتۇپ كەل. پەقەت بولمىغاندا جېنىنى ئالساڭمۇ بولىدۇ. ئەگەر ئۇ كائىناتتا تۇرۇۋېرىدىغان بولسا تولدۇرۇۋالغۇسىز بالايىئاپەتلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ. ئۇنى تاپالمىساڭ سەنمۇ قايتىپ كەلمە» دېدى.

سىز مەن دەۋاتقان گەپلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۇقتۇڭىزغۇ دەيمەن، — دېدى ئۇ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىۋېتىپ ۋە سۆزىنى يەنە داۋام قىلدى، — شۇنداق، سىزمۇ ئاڭلىدىڭىز، مېنىڭ ئۈستۈمدىكى ۋەزىپە ئىنتايىن ئېغىر ئىدى. چۈنكى مەن تاقابىل تۇرماقچى بولغان دۈشمەن مەندىن كۈچلۈك ئىدى. لېكىن ئۇ يالغۇز، بىز بولساق ماشىنا ئادەملەرنى قوشقاندا 180 دىن ئاشىمىز، مەن دەرھال سىزنى باشلاپ كەلگەن كۇگار (بىر كۆزلۈك مەخلۇق) نى يەر شارىغا «ئۈمىد» ناملىق ئالەم كېمىسىنى قويۇپ بەرمەسلىك توغرىسىدا تېلېگراما بېرىۋېتىشكە بۇيرۇدۇم. ئاندىن بارلىق خادىملارنى يىغىپ جەڭگە تەييارلىق قىلدىم. بىر قېتىملىق قاتتىق جەڭدىن كېيىن ئۇ ئەبلەخ كۇكۇم - تالقان بولدى. بىزدىنمۇ يەتتە نەپەر ماشىنا ئادەم چىقىم بولدى. ئەڭ يامان بولغىنى شۇكى، ئۇچار تەخسىمىزنىڭ قاتۇرۇلغان ماي باكىغا ئۇ ئەبلەخ ئاتقان نۇر ئۇچقۇنى تېگىپ كېتىپ، بىزدە بار بولغان بارلىق ماي پارغا ئايلىنىپ تۈگىدى. بىز سىزنىڭ ئۇچار تەخسىمىزگە باب كېلىدىغان (قۇۋۋەت جەھەتتە ئوخشىشىپ كېتىدىغان) ماينى تەتقىق قىلىۋاتقانلىقىڭىزنى بىلگەچكە، ئۇدۇللا مۇشۇ يەرگە چۈشتۇق، بىزنى سىزلا قۇتقۇزالايسىز. شۇڭا بىزگە ياردەم قولىڭىزنى سۇنۇپ، بىزنىڭ ئۆز پلانېتىمىزغا قايتىپ بېرىۋېلىشىمىزغا ياردەم بەرسىڭىز. بىز مۇشۇ ئاينىڭ 31 - كۈنى يەر شارىدىن ئايرىلمىساق يۇرتىمىزغا مەڭگۈ قايتالمايمىز. سىلەرمۇ مۇشۇ ئۇچار تەخسە بىلەن بىللە تۈگىشىسىلەر. يەنە سىز باشقىچە ئويلىنىپ قالماڭ، ئۇچار تەخسىگە ئاتوم قۇۋۋىتى بىلەن قاتۇرغان ماي بىرلىكتە يېقىلغۇ قىلىنىدۇ. ئەگەر ئۇچار تەخسىدە ئىككى يېقىلغۇدىن بىرى كەم بولسا، ئەڭ ئۇزۇن بولغاندا يەتمىش كۈن ئەتراپىدا چىداشلىق بېرەلەيدۇ. ئاندىن بىراقلا پارتلايدۇ.

قادىر سافادىن سەل ئالدىغا سۆرۈلۈپ:

— ئۇچار تەخسىنىڭ ماتورىنى

توختىتىپ قويساڭلارچۇ؟ — دەپ سورىدى كاپىتاندىن.

— مەسىلە مانا مۇشۇ يەردە، بىز ئۈچار تەخسىنى ئۆز پلانىمىزغا بارغاندىلا ئاندىن توختىتالايمىز، شۇڭا بىز بۇنىڭغا ئامالسىز، — دېدى كاپىتان خورسىنىپ.

— لېكىن ئۈچ كۈن ئىچىدە بو تەتقىقاتىمنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىيالىشىمغا كۆزۈم يەتمەيدۇ، چۈنكى بۇ ناھايىتى نازۇك تەتقىقات. بۇنى سىز مەندىن ياخشىراق بىلىسىز.

— ياق، دوكتور ئەپەندى. ئۈچىمىز بىللە ئىشلەيمىز، سىزگە ئۈچ كۈن ئەمەس، ئالتە كۈن ۋاقىت بار (كېچىنى قوشقاندا). بىز بۇ ئالتە كۈن ئىچىدە تاماققا، ئۇسسۇزلۇققا، ئۇيقۇغا موھتاج ئەمەس. سىز بۇ تەتقىقاتنىڭ ئەڭ ئاخىرقى باسقۇچىغا كىردىڭىز. بىز سىزنىڭ قېشىڭىزدا تۇرۇپ، نېرۋىڭىزدىن تاماق، ئۇيقۇ دېگەنلەرنى چىقىرىۋېتىمىز. سىز خاتىرجەم ئىشلەۋېرىسىز. سىزگە مەن يەنە شۇنىمۇ ئېيتىپ قوياي، تەجرىبىخانىنىڭ ئەتراپىنى ساقچىلار بىلەن ئەسكەرلەر قاتمۇ قات قورشىۋالدى، سىز سىرتقا چىقالمايسىز، سىرتقا چىققۇدەك ۋاقتىڭىزمۇ يوق. ئۇلار بۇ يەرگە باستۇرۇپ كىرەلمەيدۇ، بىزمۇ ئۇلارغا چېقىلمايمىز، چۈنكى بىز ئۇرۇشقا خۇشتار ئەمەس، سىلەرمۇ شۇنداق. ئەگەر سىز قوشۇلسىڭىز ئىشنى ھازىرلا باشلايمىز.

— بولىدۇ ئەمىسە، ھازىرلا باشلايلى، — دېدى قادىر ئورنىدىن تۇرۇپ.

ئۇلار ئۈچار تەخسىدىن چۈشكەندە ئۈچار تەخسە توختىغان چىملىق مەيداندىكى چىملار ياپيېشىل كۆكلەپ، گۈللۈكتىكى گۈللەرمۇ ئېچىلىپ كەتكەنىدى.

قادىر تەجرىبىخانىغا قايتىپ كېلىپ، ئۈن-تىنسىز ئىشقا كىرىشىپ كەتتى. ئىككى كاپىتان بولسا تەجرىبىخانىنىڭ دېرىزىسىدىن سىرتقا قارىغىنىچە قولىدىكى سەرەڭگە چوڭلۇقىدىكى بىر ئاپپاراتنى بىر نېمىلەرنى قىلىپ تۇرۇشتى.

قادىر كۈمۈش رەڭ ھەل بېرىلگەن تەجرىبە ئۈسكۈنىلىرىنى قويۇش ئۈستىلىنىڭ بىر بۇرجىكىدىكى بىر ئۇچى بۇلدۇقلاپ قايناۋاتقان ئەينەك بوتۇلكىغا چىلاقلىق ياسىمەن ئەينەك نەيچە ئارقىلىق ئالدىنقى قېتىم سىناق قىلغان بىرىكمە سۇيۇقلۇقنى قايتىدىن ئاجرىتىپ، يەنە بىرىكتۈرۈپ، قايتا-قايتا سىناقتىن ئۆتكۈزدى.

ئارىدىن ئىككى كېچە، بىر كۈندۈز ئۆتۈپ كەتتى. ئەمدى ئۇنىڭغا ئىككى كۈندۈز، بىر كېچە ۋاقىت قالدى. تەجرىبە تېخى سىناقتىن ئۆتكىنى يوق. ئىككى كاپىتان بولسا قادىرنى سەۋرىچانلىق بىلەن ساقلىماقتا.

قادىر بۇ بىرىكمە سۇيۇقلۇققا كۆيۈش قۇۋۋىتى خېلىلا يۇقىرى بولغان ماددىلارنى قوشقان بولسىمۇ، يەنىلا كۆزلىگەن مەقسەتكە يەتكىلى بولمايۋاتاتتى.

ۋاقىت سائەتلەپ ئۆتمەكتە. قادىر دېرىزىدىن سىرتقا ھەربىر قارىغاندا چىملىق مەيداندىكى ئۈچار تەخسە بەلگىلىك مۇددەتتە پارتلايدىغان غايەت زور بومبىغا ئوخشاش كۆرۈنۈپ كېتەتتى-دە، يۈرىكى جىغىلداپ، پۈتۈن بەدىنى سوغۇق تەرگە چۆمۈپ كېتەتتى.

ئۈچىنچى كۈنى ئەتىگەن سائەت ئونلاردا كۈن نۇرى دېرىزىدىن بۇلدۇقلاپ قايناۋاتقان ئەينەك نەيچىگە چۈشتى. ئەينەك نەيچە ئىچىدىكى سۇس يېشىل سۇيۇقلۇق

كۆن نۇرى تېگىشى بىلەن ئاپئاق رەڭگە كىردى - دە، كۆپ قىلىپ ئۇت ئالدى.

قادىر ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، خۇشاللىقىدىن سەكرەپ كەتتى.

— مۇۋەپپەقىيەت! مۇۋەپپەقىيەت. ئاخىرى مۇۋەپپەقىيەت قازاندىم. نېمىشقا بالدۇرراق ئېسىمگە كەلمىگەندۇ. راست بىر ئايدىن بۇيان كۆن چىقمىغانىدى. سىلەرمۇ قايتالايدىغان بولدۇڭلار، بىزمۇ ئامان قالىدىغان بولدۇق، — قادىر تەجرىبىخانىنىڭ ئىچىدە ئۇيياقتىن - بۇياققا ماڭغاچ ئۆز - ئۆزىگە سۆزلەيتتى، سەكرەيتتى.

ئۇچار تەخسىنىڭ ئىككى كاپىتانىمۇ خۇشاللىقىدىن قادىرنىڭ قولىنى بىر - بىرلەپ چىڭ سىقىشتى.

— ئەمدى گەپ قۇياش نۇرىنى يېتەرلىك يىغىشتا قالدى. تەجرىبىخانىمىز يېقىنىدا تەڭرىتاغ قۇياش نۇرى ئېلېكتىر سايمانلىرى زاۋۇتىدىن نۇر يىغىش ماشىنىسىدىن بىرنى سېتىۋالغان. بىز ئەمدى قۇياش نۇرىنى يىغىپ سۇيۇقلاندۇرساقلا ئىش پۈتىدۇ، — دېدى قادىر ئۇلارنىڭ قوللىرىنى تۇتقىنىچە.

ئۇچار تەخسە كاپىتانى كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى نۇر يىغىش ماشىنىسىغا قارىتىپ سېھىرگەرلەردەك ھەرىكەت قىلىپ، ماشىنىنى تەجرىبىخانىنىڭ دېرىزىسى ئالدىغا — كۈنگە قارىتىپ توغرىلىدى.

كۆن نۇرى يېتەرلىك يىغىۋېلىنىپ سۇيۇقلاندۇرۇلدى. ئاندىن ھېلىقى بىرنەچچە ئارىلاشتۇرۇلدى. ئەمدى سۇيۇقلۇق خۇددى سۈتكە ئوخشاپ قالدى. لېكىن بۇ سۇيۇقلۇقنى قانداق رەڭلىك بوتۇلكىغا قاچىلىسا شۇنداق رەڭگە كىرەتتى ھەم پۇراقسىز ئىدى.

— مېنىڭ بۇ بىرنەچچە سۇيۇقلۇققا يېڭىچە ئىسىم قويغۇم كېلىۋاتىدۇ، — دېدى قادىر ئىككى كاپىتانغا قاراپ.

— سىز بۇنىڭغا ھوقۇقلۇق، خالىسىڭىز نېمە دەپ قويسىڭىز بولىۋېرىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى كاپىتان.

— بۇ سۇيۇقلۇققا «ئالەم كېمىسى 1 - نومۇرلۇق ماي» دەپ نام بەرسەك قانداق؟

— بولىدۇ، بولىدۇ، ناھايىتى ياخشى ئىسىم بولدى، — دېيىشتى ئىككى كاپىتان تەڭلا.

— دوكتۇر ئەپەندى، مەن سىزگە ئىككى ماشىنا ئادەم بىلەن گوتارنى قوشۇپ قويىمەن. سىز زاۋۇتىڭىزغا بېرىپ ئىككى مىڭ كىلوگرام قاتۇرۇلغان «ئالەم كېمىسى 1 - نومۇرلۇق ماي» نى پىششىقلاپ ئەكىلىپ بېرىڭىز. بىراق ۋاقىتنى ئۇزۇنغا سوزماڭ، پەقەت ئالتە سائەت ئىچىدىلا يەتكۈزۈپ بېرىڭىز.

قادىر ئۈن - تىنسىزلا بەش كىلوگراملىق باكقا قاچىلانغان «ئالەم كېمىسى 1 - نومۇرلۇق ماي» نىڭ ئەۋرىشكىسىنى ئېلىپ سىرتقا چىقتى. تەجرىبىخانىنىڭ ئالدىدا غەلىتە بىر پىكاپ تۇراتتى. پىكاپنىڭ قېشىدا بىر كۆزلۈك مەخلۇق گۇگار بىلەن خۇددى ئادەمگىلا ئوخشايدىغان ئىككى ماشىنا ئادەم تۇراتتى. گۇگار قادىرنىڭ قولىدىن باكنى ئالدى. يەنە بىر ماشىنا ئادەم پىكاپنىڭ قېشىغا كېلىپ تەزىم قىلىپ تۇردى. پىكاپنىڭ ئىشىكى ئۆزلۈكىدىن ئېچىلدى. قادىر پىكاپقا كىرىپ ھەيران قالدى. چۈنكى بۇ پىكاپنىڭ يا رولى، يا خوتى، يا شوپۇرى يوق ئىدى.

قادىر دەرۋازا ئالدىدىكى قاتمۇ قات ساقچى ۋە ئەسكەرلەر توپىدىن توسقۇنسىزلا

تۆتۇپ زاۋۇتقا باردى. ئاندىن زاۋۇت
باشلىقى ئىشخانىسىغا كىرىپ، بولغان
ۋەقەنى بىر - بىرلەپ ئاددىي ھەم قىسقىچە
سۆزلەپ بەردى.
زاۋۇت باشلىقى پېشانىسىدىكى تەر-
لەرنى ئېرتقاچ قولىغا تېلېفون تۇرۇپكىسىنى
ئېلىپ، ھەرقايسى سېخلارغا دەرھال
يىغى تۇر بويىچە ئىش باشلاشقا بۇيرۇق
بەردى.
كاپىتان بەلگىلەپ بەرگەن ۋاقىتتىن
قىرىق مىنۇت بۇرۇن ھەممە ئىش پۈتتى.
ئۈستىگە «ئالەم كېمىسى 1 - نومۇرلۇق
ماي» دەپ خەت يېزىلغان تۆت بۇرجەك
تۆت تۇڭ ئاپتوموبىلغا بېسىلىپ، ئۇچار
تەخسىنىڭ قېشىغا ئېلىپ كېلىندى. ئۇچار
تەخسىنىڭ قېشىدا ئىككى كاپىتان قادىرنى
ساقلاپ تۇراتتى. قادىر زاۋۇت باشلىقى
بىلەن غەلىتە پىكاپتىن چۈشۈپ كاپىتاننىڭ
قېشىغا كېلىپ، كاپىتانغا زاۋۇت باشلىقىنى
تونۇشتۇردى. ئۇلار قاتۇرۇلغان ماي
قاچىلانغان تۇڭنى كۆرۈپ، ئىككى قولىنى
ئېگىز كۆتۈرگىنىچە يەرگە تىزلاندى. بۇنى
كۆرۈپ ئۇچار تەخسىنىڭ بارلىق خادىملى-
رىمۇ تىزلاندى، ھەتتا ھېلىقى غەلىتە
پىكاپمۇ ئىنتايىن تېز سۈرئەتتە ئادەم
شەكلىگە كىرىپ ئۇمۇ تىزلاندى. كا-
پىتان تىزلانغىنىچە:
— قادىر ئەپەندى، بىز سىزدىن
ئىنتايىن مىننەتدار. سىز بىزنى قۇتقۇزۇپ
قالدىڭىز. بىز ئاخىرى ئۆز پلانېتىمىزغا
قايتالايدىغان بولدۇق، مەن قايتىش ئال-
دىدا پادىشاھىمىزنىڭ «ئەگەر بىزگە ئوخ-
شاش جانلىقلارنى تاپالىساڭلار ئۇلار بىلەن
ئالاقىلىشىپ، مەندىن سالام ئېيتىڭلار ھەمدە
پۈتۈن ‹ئۈمىد شارى› خەلقى نامىدىن
يېزىلغان مۇنۇ خەتنى ئۇلارغا تاپشۇرۇڭ-
لار» دەپ بەرگەن مۇنۇ خېتىنى پادىشا-
ھىمىز نامىدىن سىزگە ۋە يەر شارى
خەلقىگە تاپشۇرىمەن. بىز سىلەر بىلەن
مەڭگۈ دوست بولدۇق، بىز يەنە كېلىمىز،
سىلەرمۇ بېرىڭلار، — دېدى - دە، قولىدىكى
ياپيېشىل كونۋېرت بىلەن بىر پارچە
خەرىتىنى قادىرغا ئۇزاتتى.
قادىر كاپىتاننىڭ قولىدىن خەت
بىلەن كونۋېرتنى ئىككى قوللاپ ئالدى.
ئاندىن ئىككىسى قاتتىق قۇچاقلاشتى.
ئۇچار تەخسىنىڭ ئىككى كاپىتانى قادىر
بىلەن خوشلىشىپ بولغاندىن كېيىن ئەت-
راپنى قورشىۋالغان ساقچىلار بىلەن ئەس-
كەرلەرگە ئۈچ قېتىم تەزىم قىلدى.
كاپىتان ئادەملەرگە قاراپ قىسقىغىنە
بىر نەرسىلەرنى دېدى، ئۇچار تەخسە خادىم-
لىرى ناھايىتى تېزلىك بىلەن ئۇچار تەخ-
سىگە چىقىشتى. كاپىتان ئۇچار تەخسىگە
چىقىش ئالدىدا:
— قادىر ئەپەندى، ئەگەر قوشۇلسى-
ڭىز ئىككىمىز ئۆزۈكىمىزنى ئالماشتۇرساق
بولامدۇ؟ — دېدى.
قادىر قولىدىكى ئۆزۈكنى چىقىرىۋې-
تىپ بېشىنى لىڭشىتتى.
كاپىتان قادىرنىڭ ئۆزۈكىنى قولىغا
سېلىۋېتىپ، يەر شارى ئادەملىرىگە يەنە
بىر قېتىم تەزىم قىلدى.
ئۇچار تەخسە كۆكۈش نۇر چىقىرىپ،
ئاستا - ئاستا كۆتۈرۈلۈپ، مايتاغ نېفىت
ئايرىش زاۋۇتىنىڭ ئاسمىنىدا ئۈچ قېتىم
ئايلاندى. ئاندىن ناھايىتى تېز سۈرئەتتە
ئاسمانغا ئۆرلەپ كۆزدىن غايىب بولدى.
قادىر ئاسمانغا قاراپ قولىنى پۇلاڭ-
لاتقىنىچە ئۇچار تەخسىدىن كۆزىنى ئۈز-
مەي تۇرۇپ قالدى.
مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

تۇرنىسا ماڭسۇر

# ئىككى ھېكايە

## مەن كىمدىن يامانلايمەن

ئېسىمنى بىلسەم دادام مەلۇم بىر كارخانىدا خېلى چوڭ باشلىق ئىكەن. باشلىق بولغاندىمۇ ھوقۇقىنى تازا جايىدا ئىشلىتىدىغان باشلىق ئىكەن. شۇ ۋەجىدىن بولسا كېرەك، ئائىلىمىزگە تۈرلۈك يوللار بىلەن ھەر خىل سوۋغا-سالاملار ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇراتتى. ئۇنىڭسىز دادامنىڭ مائاشىمۇ يۇقىرى ئىدى. شۇڭا ئائىلىمىزدە توخۇ سۈتىدىن باشقا ھەممە نەرسە تېپىلاتتى، كىيىم-كېچەك، يېمەك-ئىچمەك دېگەنلەردىن ھەرگىزمۇ غەم قىلمايتتۇق. مەن ئەنە شۇنداق باياشات ئائىلىدە غەمسىز ئويناپ-كۈلۈپ چوڭ بولدۇم.

مەن يەتتە ياشقا كىرگەن يىلى ئاپام-دادىلار مېنى مەكتەپكە بېرىشتى. شۇ كۈندىن باشلاپ مېنىڭ بېشىمغىمۇ غەم چۈشكىلى تۇردى: ھەر كۈنى مەكتەپتىن كېلىپ، تاپشۇرۇق ئىشلىمىسەم، دەرس تەكرارلىمىسام بولمايتتى. يەنە تېخى مۇئەللىم بىزگە: ئائىلىدە ئۆزۈڭلار قىلالىغۇدەك ئىشلارنى چوڭلارغا يۆلىنىۋالماي، ئۆزۈڭلار قىلىڭلار، — دەيتتى. بىراق ئاپام مېنى مۇنداق «غەم» لەردىن ئاسانلا قۇتۇلدۇرۇپ ئالاتتى: مەكتەپتىن قايتىپ ئەمدىلا تاپشۇرۇق ئىشلەي دەپ كىتاب-دەپتەرلىرىمنى شىرەگە قويۇپ تۇرۇشۇمغا ئاپام خۇددى ئاسماندىن چۈشكەندەكلا يېنىمدا پەيدا بولاتتى-دە:

— جېنىم قىزىم، بولدى قوي، جېنىڭنى قىينىما، مەن سېنى ئەتىۋارلاپ بېقىپ، مىڭبىر جاپادا چوڭ قىلدىم، مەكتەپتە ئوقۇغىنىڭنى ئاز دەپ، ئۆيگە كېلىپمۇ ئوقۇغىلى تۇرساڭ چارچاپ كېتىسەن، — دېگىنىچە كىتاب-دەپتەرلىرىمنى يىغىشتۇرۇپ سومكامغا سېلىۋېتىپلا، شىرەنىڭ ئۈستىگە كەمپۈت، پىرەنىك، ئالمىلارنى ئېلىپ قوياتتى. مەن ئۇنى بىر چىشلەپ ئاچچىق ئىكەن دەپ، بۇنى بىر چىشلەپ لاۋزا ئىكەن دەپ چۆرۈۋېتەتتىم-دە، كەمپۈت قەغەزلىرىنى سويۇۋېتىپ تەمىنى تېتىشقا باشلايتتىم... بىردەمنىڭ ئىچىدىلا شىرە ئۈستىگە چىشلەپ تاشلانغان ئالما، نەشپۈت، كەمپۈت قەغەزلىرىدىن ئەخلەت دۆۋىلىنىشىپ كېتەتتى. ئەتىسى مەكتەپكە بارغاندا، ئىشلىمىگەن تاپشۇرۇقلىرىم ئۈچۈن ئوقۇتقۇچىمدىن تەنقىد ئاڭلايتتىم. بىر كۈنى مەكتەپتىن كېلىپ قول ياغلىقىم بىلەن پايپىقىمنى يۇيۇۋاتقان

ئىدىم. سىرتتىن ئەنسىزلىك بىلەن سۆزلەپ كىرىۋاتقان ئاپامنىڭ ئاۋازى مېنى چۆچۈتۈۋەتتى:

— ۋاي خۇدايىمەي، كىچىككىنە قىز بالا كىر يۇدى دېگەن قانداق گەپ بۇ؟ سەن ياكى يېتىم بالا بولمىساڭ، تۇر ئورنىڭدىن، مېنىڭ جېنىم ئامانلا بولىدىكەن، سېنى كىر يۇيغۇزمايمەن!

ئاپام مېنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ، قوللىرىمنى لۆڭگە بىلەن ئاۋايلاپ سۈرتۈشكە باشلىدى ۋە ئادىتى بويىچە يەرگە سېلىنغان ئوتقاشتەك گىلەمنىڭ ئۈستىگە ھەر خىل ئويۇنچۇقلىرىمنى تاشلاپ بېرىپ، «مانا بۇلارنى ئوينا قىزىم، ھازىر ئوينايدىغان ۋاقتىڭ، ئارتۇقچە ئىشلار ئۈچۈن جېنىڭنى قىينىما» دېدى. مەن بۇ ئويۇنچۇقلارنى تەڭلا ئويناپ، ئالدىراپچان زېرىككەنلىكىم ئۈچۈن، گىلەم ئۈستىگە ئۆزۈمنى تاشلاپ تىپىچەكلەپ يىغلاپ ئۆينى بېشىمغا كىيدىم. ئاپام ھولۇقۇقنىدىن قىلىدىغان قىلىق تاپالماي قالدى:

— يىغلىما، ئاپىئاق قوزام، كۆپ يىغلىساڭ ئاغرىپ قالىسەن، يېقىندا داداڭ خىزمەت بىلەن ئۇرۇمچىگە بارىدۇ، شۇ چاغدا مەن ساڭا ھېچكىمنىڭ بالىسى ئويناپ باقمىغان يېپيېڭى ئويۇنچۇقلارنى ئەكەلدۈرۈپ بېرىمەن.

— راستما؟

— راست قىزىم، مەن ساڭا ھەرگىزمۇ يالغان سۆزلىمەيمەن. مەن ئاپامنىڭ شۇ گېپى بىلەن يىغلاشتىن توختىدىم.

كۈنلىرىم ئاشۇنداق ئۆتۈۋەردى، مۇئەللىم تولا تەربىيە بېرىپ، تەنقىد قىلىپ ھازىرمۇ ياكى دادام، ئاپاملارنىڭ يۈز خاتىرىسىنى قىلىدىمۇ، ئىشقىلىپ ماڭا ئارتۇقچە تەلەپ قويمايدىغان، يىل ئاخىرىدا ئوخشاشلا سىنىپتىن كۆچۈرۈۋېرىدىغان بولدى.

ئارىدىن بەش يىل ئۆتتى، مەن ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بولۇپ قالدىم. ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىلىرىم مېنى باشلانغۇچ مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىلىرىمغا ئوخشاش بوش قويۇۋەتمىدى. بەزىدە ئۇلارنىڭ مېنىڭ تېخى ساۋاتىمنىڭمۇ تولۇق چىقمىغانلىقىغا خورسىنىپ، باشلانغۇچ مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىلىرىمدىن ئاغرىنىشىۋاتقانلىقىنىمۇ ئاڭلاپ قالاتتىم. ھەرقايسى پەنلەردىن ئۈستى - ئۈستىلەپ تاپشۇرۇق بېرىلگىلى تۇردى. مېنىڭ ئاساسىم بەك ئاجىز بولغاچقا، تاپشۇرۇقلارنىڭ قايسىبىرىنى قانداق ئىشلەشنىمۇ بىلەلمەي قالاتتىم. بېشىم تازىمۇ قاتقىلى تۇردى. مەن ئەمدى ئاپامنىڭ «تاپشۇرۇق ئىشلىمە» دېگەن سۆزىگە ئانچە قۇلاق سالمايدىغان بولدۇم. مېنىڭ تاپشۇرۇق ئىشلىشىم ئانچە ئاسانغا توختىمايتتى، خېلى كۆچەپ، تىرىشىپ - تىرمىشىپ ئىشلەپ باقساممۇ يەنىلا ئالىدىغان نومۇرۇم تۆۋەن ئىدى. ھەي، مېنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپتىكى بوشاڭلىقىم...

بىر كۈنى مەكتەپتىن كېلىپ ئويۇن بىلەن بولۇپ كېتىپ، تاپشۇرۇق ئىشلەشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن، كەچتە تېلېۋىزور كۆرۈۋېتىپ، تۇيۇقسىز بۇ ئىش ئېسىمگە كېلىپ قالدى - دە، مېھمانخانا ئۆيگە چىقىپ تاپشۇرۇق ئىشلەشكە باشلىدىم. ۋاقىت خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغاچقىمىكىن، دەپتەرگە ئازراق بىر نەرسە يازا - يازمايلا ئۇيقۇم كېلىپ ئەسنىگىلى تۇردۇم. مەندىن خاتىرجەم بولالماي ئارقامدىن كىرگەن

ئاپام مېنىڭ بۇ ھالىمنى كۆرۈپ، قايناپلا كەتتى:

— گەپ قىلمىسا نېمانداق ئۆزىنى بىلمەيدىغان مۇئەللىملەر بۇ، ھەر كۈنى تاپشۇرۇق، تاپشۇرۇق، دەپ كىچىك بالىنى شۇنداقمۇ قىيىنغان بارمۇ، خەپ، ئەتە ئەتىگەن مەكتەپكە ئۆزۈم بېرىپ سۆزلەشمەيدىغان بولسام، — ئاپام يەنە دادامغىمۇ كايىغىلى تۇردى: — ھەي دادىسى، ھوقۇق دېگەننى قانداق يەرگە ئىشلىتىدۇ؟ چىشىڭنىڭ بارىدا گۆش يەپتىكەن، قوللىرىدا ھوقۇق بولغاندىكىن ئۇ بىر نېمىلەرگە ئاز - تولا ئىشلىتىپ قويسىلا بولمامدۇ؟ — ئاپام كىتاب - دەپتەرلىرىمنى يىغىشتۇرۇپ بوغچامغا سالدى - دە، قولۇمدىن يېتىلەپ، ئورۇن سېلىنغان خانىمغا ئەكىرىپ قويدى.

مەن ئاپامغا چۈشەندۈرۈشكە باشلىدىم:

— ئاپا، ساۋاقداشلىرىمنىڭ ھەممىسى ئۇنداق چوڭ مەكتەپكە بارىمىز، مۇنداق چوڭ مەكتەپكە بارىمىز دېيىشىپ كېچە - كۈندۈز تىرىشىپ ئۆگىنىۋاتسا، سەن ھە دېسىلا مېنىڭ ئۆگىنىشىمگە ئارىلىشىۋالساڭ، ئاقىۋىتىم قانداق بولار؟

— ئاقىۋىتىم؟ ھا ... ھا ... ھا ... — ئاپامنىڭ كۈلكىسى ئۆينى بىر ئالدى، — سېنىڭ كېچىسى ئۇخلىماي جېنىڭنى قىيناپ يۈرگىنىڭ مۇشۇنىڭ ئۈچۈنمىدى؟ داداڭ سېنىڭ ئاقىۋىتىڭنى ئويلىماي نېمە ئىش قىلىدىغان ئادەم؟ سېنىڭ ئىككى ئاكاڭمۇ مەكتەپتە تۈزۈك ئوقۇغىنى يوق، شۇلارنىمۇ داداڭ ئەپچىللىك بىلەن ئوبدان خىزمەتلەرگە ئورۇنلاشتۇردىغۇ، سەن تېخى كىچىك، بۇلارنى چۈشەنمەيسەن. مېنىڭ ئاقىۋىتىمنى ئويلايدىغان تاغدەك دادام بار، دەپ خاتىرجەم يۈرۈۋەرگىن. داداڭ ھاياتلا بولىدىكەن، خەقنىڭ بالىلىرىدىن كېيىن قالمايسەن.

ئاپامنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ، خېلىلا يەڭگىللىشىپ قالغاندەك بولدۇم. راست، مېنىڭ قولىدا ھوقۇقى بار دادام بار ئەمەسمۇ؟ نېمانچە جېنىمنى قىينايمەن...

ئەتىسى ئەتىگەندە ئاپام مەن بىلەن بىللە مەكتەپكە بېرىپ، ئوقۇتقۇچىلىرىمنىڭ «تاناۋىنى تارتىپ» قويدى، دادامسۇ ئاپامنىڭ ھەيدەكچىلىكى بىلەن مەكتەپ رەھبەرلىرىگە تېلېفون بېرىپ، مېنىڭ كىمنىڭ بالىسى ئىكەنلىكىمنى تونۇتۇپ قويۇپتىمىش. شۇ قېتىمقى ۋەقەدىن كېيىن مېنىڭ يۈرىكىم خېلى ئوبدانلا ئىزىغا چۈشۈپ قالغانىدى. ئوقۇتقۇچىلىرىمنىڭ سەممىي تەربىيىسى ۋە تەنقىدلىرى مەن ئۈچۈن ئەھمىيەتسىز ئىدى. مەن ياخشى يەپ، ياخشى كىيىپ، مەكتەپتىن قالماي، بوغچامنى ئوغرىغا ئالدۇرماي، گەۋدەمنى كېرىپ يۈرۈۋەردىم.

ھەش - پەش دېگۈچە مەكتەپ پۈتتۈرىدىغان ۋاقتىم يېقىنلىشىپ قالدى. دەل مۇشۇ كۈنلەردە ئائىلىمىز چوڭ بىر پېشكەللىككە ئۇچرىدى. گېزىت - ژۇرنال، رادىئو - تېلېۋىزورلاردا دۆلەت كادىرلىرىنىڭ پاك - دىيانەتلىك بولۇشى ھەققىدە كەڭ تەشۋىقات ئېلىپ بېرىلىپ، خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق قىلغان كادىرلارنىڭ مەسىلىسى تەكشۈرۈلۈپ، پارتىيە ئىنتىزامى بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىشقا باشلىدى. مېنىڭ «ھوقۇقنى تازا جايىدا» ئىشلىتىدىغان داداممۇ بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاشنىڭ ئوبيېكتى قىلىندى. ئۇ ئىلگىرىكى چوڭ ئىشلارنى كىچىكلىتىپ، كىچىك ئىشلارنى

لى يوق قىلىۋېتىپ ئۆتكەلدىن ئۆتتۈۋالدى-
غان ھۈنىرىنى بۇ قېتىممۇ ئىشقا سالىمەن
دەپ خام خىيال قىلىپ، مەسىلىسىنى
ۋاقتىدا ئىقرار قىلماسقانلىقى ئۈچۈن،
ئۇنىڭغا پارتىيە ئىنتىزامى بويىچە چارە
كۆرۈلدى. بۇنىڭ بىلەن ئائىلىمىزدە ناھا-
يىتى چوڭ ئۆزگىرىش بولدى.

ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى باشلاندى.
ئىمتىھان باشلىنىش ئالدىدا مەكتەپ
پۈتتۈرىدىغان ئوقۇغۇچىلار تولدۇرىدىغان
جەدۋەلنىڭ «ئارزۇيىڭىز» دېگەن كاتەكچى-
لىرىگە مەنمۇ باشقا ساۋاقداشلىرىمغا
ئوخشاش نۇقتىلىق، چوڭ - چوڭ مەكتەپلەر-
نىڭ نامىنى يېزىپ تولدۇردۇم. لېكىن
كۆڭلۈم بىئارام ئىدى. بىر قانچە كۈن-
لۈك «جىددىي جەڭ» دىن كېيىن ئىمتى-
ھان ئاخىرلىشىپ، يازلىق تەتىلگە چىقتۇق.
ئاپام مېنىڭ ئالىي مەكتەپكە مېڭىش
تەييارلىقىمنى قىلماقتا ئىدى. مەنمۇ بىر
خىل غەشلىك ئىچىدە يەنىلا ئۈمىد بىلەن
«چاقىرىق قەغىزى» نى كۈتمەكتە ئىدىم.
ئىمتىھان نومۇرىمىز ئېلان قىلىنغاندا
بىلدىمكى، مېنىڭ ئېرىشكەن نومۇرىمدىن
قارىغاندا ساۋاقداشلىرىم ئىچىدە ئارقىدىن
سانىغاندا ئۈچىنچى ئورۇندا تۇرىدىكەنمەن.
ساۋاقداشلىرىم ئارقا - ئارقىدىن چاقىرىق
قەغەزلىرىنى تاپشۇرۇۋېلىپ ھەر قايسى
مەكتەپلەرگە مېڭىشقا باشلىدى. مەن جىد-
دىيلەشكىنى تۇردۇم. مېنىڭ «تاغدەك

دادام» نىڭ كۆڭلى پەرىشان بولسىمۇ
يەنىلا مېنىڭ كۆڭلۈم ئۈچۈن ئۇنىڭغا،
بۇنىڭغا تېلېفون ئۇرۇپ ئەھۋال ئېيتىپ
باقتى. لېكىن ھېچبىر نەتىجە چىقمىدى.
مەن يىغلاپ ئۆيىنى بېشىمغا كىيدىم، ھەتتا
ئۆلۈۋالماقچىمۇ بولدۇم. مېنىڭ ئەلپازىمدىن
ھولۇققان ئاپام ئالاقزادىلىك ئىچىدە
قولۇپلانغان چوڭ ساندۇقلار ئىچىدىن
ئالىنىپمىلەرنى ئېلىپ سومكىلىرىنى تولدۇ-
رۇپ، ھېلى ئورۇمچىدىكى قايسىبىر
تۇغقىنىمىز ياكى تونۇشىمىزنىڭ ئۆيىگە
چاپسا، ھېلى مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلى-
قىنىڭ ئۆيىگە ياكى قايسىبىر چوڭ
باشلىقنىڭ ئۆيىگە چاپاتتى. ئۇلار ھەممىسى
مەسلىھەتلىشىۋالغاندەكلا ئالدى بىلەن
مېنىڭ ئالغان نومۇرىمنى سورايدىكەن - دە،
باش چايقاپ، ئامال قىلالمايدىغانلىقىنى
ئېيتىشىدىكەن. بەزىلىرى تېخى «يۈزسىز-
لىك» بىلەن ئاپامنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن
بولسىمۇ ھېلىقى سومكىغا قاچىلاپ بارغان
«ئادەمگەرچىلىك»نى قوبۇل قىلماي قاي-
تۇرۇۋېتىدىكەن. ئۆز ۋاقتىدا پىلىموتنىڭ
ئوقىدەك «تاتاتلاپ» سۆزلەيدىغان ئاپام-
مۇ ئۈنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى،
«تاغدەك دادام» مۇ تاماكىنى بولۇشىغا
چېكىپ خىيال دېڭىزىغا غەرق بولىدىغان
بولۇپ قالدى. مەن ئىككى يىل ئۇدا
ئىمتىھان بېرىپمۇ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش
ئارزۇيۇمغا يېتەلمىدىم. مەن ئەمدى كىم-

دىن يامانلايمەن؟ ئۆزۈمدىنمۇ، دادامدىنـ
مۇ ياكى ئاپامدىنمۇ؟ بولدىلا، پۇشايـمان
قىلىپ ئولتۇرۇۋەرگەن بىلەن ھېچ ئىـش
ئورنىغا كەلمەيدۇ. مەن ئەمدى يېڭىچە
ھايات يولىنى تېپىشىم، دەۋرنىڭ يارامـ
لىق ئادىمى بولۇشۇم لازىم.

# ئۇنىڭ ئۆلۈمى

ئۇنىڭ ئۆلۈمى بەكمۇ تاسادىپىي بولدى. ئۇ تېخى ياش ئىدى. 24 يىللىق ھايات مۇساپىسىدە تۇرمۇشنىڭ ھېچقانچە خۇشاللۇقىنى كۆرمىگەن، قىسقىسى، ئېچىلىپـقىنە كۈلمىگەنىدى. مانا ئۇ بۈگۈن ئۆز كەڭپۇڭلۇقىنى يوقاتقان ھالدا سەنتۈرۈلۈپ كېلىپ، مېھرىبان ئانىسىنىڭ يىللىق باغرىغا ئۆزىنى ئاتتى-دە، زەئىپ بىر ئاھاڭدا:

— ئاھ، ئا...نا، مەن بولالمايۋاتـمەن، سۇ...سۇ...— دەپ ئىڭرىغىنىچە ئانا قۇچىقىدىن سىيرىلىپ يەرگە چۈشتى. ئۇ خۇددى بۇ ۋاپاسىز دۇنياغا نەپرەتلەنگەنـدەك تورۇسقا قاراپ چەكچىيىپ ياتاتتى. ئانا دەماللىققا نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئاڭقىرالماي ھاڭۋېقىپ قاراپلا قالدى. قانداقتۇر بىر شۇم گۇمان ئۇنىڭ ۋۇجۇ-دىنى قاپلىدى. ئۇ تىترەپ تۇرغان ئالقىـنىنى ئوغلىنىڭ ئاغزى-بۇرنىغا تۇتۇپ بېقىپ كۆڭلى بىر دەھشەتلىك ۋەھىمىنى سەزدى بولغاي، يۈرىكى لەرزىگە كېلىپ، ئوغلىنىڭ ئۇستىگە ئۆزىنى تاشلاپ داد-پەرياد كۆتۈرۈشكە باشلىدى:

— ئاھ، بالام، جېنىم بالام، ساڭا نېمە بولدى بالام، نۆۋەت مېنىڭ ئىدىغۇ بالام...

شاپتۇل قېقىدەك قورۇلۇپ قالغان ھاۋاخان ئانا ئوغلىنىڭ باش-كۆزلىرىنى سىيلاپ تۇرۇپ، كىشىنىڭ يۈرەك-باغرىنى ئەزگۈدەك پەرياد كۆتۈرۈپ يىغلايتتى، ھېلىدىن-ھېلىغا ھوشىدىن كېتەتتى...

ھاۋاخانىنىڭ يېنىدا ئويناپ يۈرگەن ئۇدۇل قوشنىسىنىڭ ئالتە ياشلىق قىزى گۈلنار كۆتۈرۈپ كەلگەن بىر چىنە مۇز-دەك سۇ نىجاتنىڭ تەشنالىقىنى قاندۇرۇ-ۋېلىشقا ئۈلگۈرمەي قالدى. ئۆي ئىچىدە يۈز بېرىۋاتقان ئەنسىزچىلىكتىن قورقۇپ كەتكەن گۈلنارنىڭ قولىدىكى چىنە جاراڭڭىدە يەرگە چۈشۈپ كۇكۇم-تالقان بولۇپ كەتتى.

ئۆي ئىچى قولۇم-قوشنا، تونۇش-بىلىشلەر بىلەن لىق تولدى. جۇڭيى دورى-سىنىڭ ئاچچىق پۇرىقى گۈپۈلدەپ ئۇرۇلۇپ، دىماغنى ئېچىشتۇراتتى. ئانىنى يۆلەشتۈرۈپ سەۋرى-تاقەتكە ئۈندەۋاتقان ئاياللارمۇ تېلىقىپ-تېلىقىپ يىغلىشاتتى. قوشنىلار-دىن بىر قانچەيلەن نىجاتنى كۆتۈرۈپ يان تەرەپتىكى ھۇجرىغا ئېلىپ كىرىپ سالقىن جايدا

ياتقۇزدى. ئانا پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ:
— بالامنى نەگە ئېلىپ كەتتىڭلار، ۋاي بالام، جېنىم بالام، سەن قېنى؟! — دەپ نالە قىلغىنىچە يەنە ھوشىدىن كەتتى. بىچارە ئانا ھەرقانچە قىلغان بىلەنمۇ ئالتە يىللىق ھەمراھى — غېچىلداپ تۇرىدىغان كونا ياغاچ كارىۋاتتىن چۈشۈپ ئوغلى ياتقۇزۇلغان ئۆينىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ يۈرۈپ يۈرەك - باغرىدىكى پىغانلىرىنى تۆكۈۋېلىشقا ئامالسىز ئىدى. تەقدىر ئۇنىڭ تارتقان كۆلپەتلىرىنى ئاز دېگەندەك ئۇنىڭغا يېڭىدىن ساقايماس كېسەل ئاتا قىلغانىدى. ئارقا - ئارقىدىن يېتىپ كەلگەن كىشىلەر بىنانىڭ ئالدىدا توپ - توپ بولۇشۇپ پاراڭغا چۈشتى.

— ئېسىت، ساپساق ئىشلەپ يۈرگەن بالا ئىدىغۇ، ئۇ تېخى بۈگۈن چۈشتىن ئىلگىرىمۇ ئىشقا بارغان، تېخى بىرەر سائەتنىڭ ئالدىدا ئۆيدىكىلەر بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ تاماق يەپتىكەن.

— ھەي...

ئارىدىن كىمدۇر بىرى ياقۇپ ئاخۇننى سوراپ قالدى.

— ياقۇپ ئاخۇنمۇ؟ ئۇنى سوراپ نېمە قىلىسىلەر، ئۇ ھېچ ئىشتىن بىخەۋەر خورۇلداپ ئۇخلاۋاتقانىكەن، ئويغاتساق چۈش كۆرۈپ جۆيلۈگەندەك چۈشىنىكسىز بىر نېمىلەرنى دەپ قوپتى. ئەنە، ئاۋۇ يەردە بېشىنى چاڭگاللاپ ئولتۇرمامدۇ؟!

— بالا بولغانىدىكىن يۈرىكى ئېچىشىۋاتقاندۇ بەلكىم.

— ئۇغۇ شۇنداقتۇ، بۇ ئادەمنىڭ يېشىمۇ خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالدى. لېكىن يەنىلا شۇ كەيپ - ساپادىن ئۆزىنى تارتالمايۋاتىدۇ...

كىشىلەرنىڭ نىجاتنىڭ ھايات تارىخى ۋە ئۇنىڭ ئۆلۈمى ھەققىدىكى غۇلغۇلىسى قاراڭغۇ چۈشكىچە بېسىقمىدى، ئەتىسى بامدات نامىزىدىن كېيىن مېيىت يەرلىكىدە قويۇلدى.

1965 - يىلى 11 - ئاينىڭ 4 - كۈنى تاڭ سەھەردە ھاشىم مۇئەللىمنىڭ ئايالى ھاۋاخان ئىشچىلار دوختۇرخانىسىنىڭ ئىككىنچى قەۋىتىدىكى تۇغۇت ئۆيىدە بۇدۇرۇققىنە بىر ئوغۇل تۇغدى. ھاۋاخان ئۆزىنىڭ ھالسىزلىقىغا باقماي بېشىنى تەسلىكتە كۆتۈرۈپ، جىك ئۈستىدە پىلتىڭشىپ يىغلاۋاتقان بوۋىقىنى كۆرۈۋېلىشقىمۇ ئۈلگۈردى. ھاياتلىقىدا ئاللانىڭ قىز ياكى ئوغۇل بولسۇن، ئىشقىلىپ، پەرزەنت يۈزى كۆرۈشكە نېسىپ قىلغانلىقىدىن چەكسىز مەمنۇن بولغان ھاشىم مۇئەللىم ھەر تەرەپكە چېپىپ يۈرۈپ، ھاۋاخان ئۈچۈن قۇۋۋەت تولۇقلايدىغان يېمەكلىكلەرنى تەييارلىدى. بوۋاق تۇغۇلۇپ 4 - كۈنى ھاۋاخان دوختۇرخانىدىن قايتىپ چىققاندا ئۇلارنىڭ ئۆيى ئىچى شاد - خۇراملىققا تولدى.

بۇ يىل ھاشىم مۇئەللىم بىلەن ھاۋاخاننىڭ توي قىلغىنىغا 10 يىلدىن ئاشقان بولۇپ، ھاشىم مۇئەللىم 40 ياشتا، ھاۋاخان 35 ياشتا ئىدى. ئىلگىرى ھاۋاخان نەچچە نۆۋەت قورساق كۆتۈرگەن بولسىمۇ، بويىدىن ئاجراپ كېتىش، ھامىلە قورساقتا تۇنجۇقۇپ قېلىشتەك سەۋەبلەر بىلەن پەرزەنت يۈزى كۆرەلمىگەنىدى. ھاشىم مۇئەللىم ھاۋاخان بىلەن مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن بالىنىڭ ئىسمىنى نىجات قويدى. نىجات كۈن ۋە ئايلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ۋىلىقلاپ كۈلىدىغان، ھەر خىل تاتلىق

قىلمىقلارنى چىقىرىدىغان بولدى. ئەر - ئايال ئىككىيلەن ئۇنىڭ بېشىدا پەرۋانە ئىدى.

بەزى چاغلاردا ئامەت بىلەن ئاپەت قوشماق كېلىدۇ. ئاپەت ئامەتنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنغان بولىدۇ، ھاشىم مۇئەللىمنىڭ ئائىلىسىدىكى خۇشاللىق كۈنلەر ئۇزۇنغا بارمىدى. نىجات ئىككى ياشقا كىرگەن يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ رەھىمسىز بورانلىرىدىن ھاشىم مۇئەللىممۇ چەتتە قالمىدى. ئۇمۇ «جىن - شەيتانلار»، «قارا يېپىلار» قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. «سېسىق زىيالى»، «توردىن چۈشكەن پومېشچىكنىڭ بالىسى» دېگەندەك نامىلار بىلەن خىزمەتتىن توختىتىلىپ، ئىسيانچىلار تەرىپىدىن سەھنىگە چىقىرىلىپ ھېساب بېرىشكە قىستالدى. ئېگىز قالپاق كىيدۈرۈلۈپ كوچىلاردا سازايى قىلىندى. پىپەن قىلىنىش، سازايى قىلىنىش، كۈرەش قىلىنىش، ھېساب بېرىش بىلەن ئۈچ يىل ئۆتۈپ كەتتى. ھاشىم مۇئەللىم روھىي جەھەتتىن ئازابلىنىپ، جىسمانىي جەھەتتىن ئاجىزلاپ كەتتى. كېيىن يۈرەك كېسىلى ئۇشتۇمتۇت قوزغىلىپ، ئۇنى بۇ دۇنيا بىلەن ۋاقىتسىز ۋىدالىشىشقا مەجبۇر قىلدى. ھاشىم مۇئەللىمنىڭ ئۆلۈمى ھاۋاخاننى ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز قايغۇ - ھەسرەتكە چۆمدۈردى. ئۇ تالاي كېچىلەرنى كىرپىك قاقماي، ئوماق ئوغلى نىجاتنى باغرىغا باسقىنىچە ئۇيقۇسىز ياش تۆكۈپ ئۆتكۈزدى.

ھاشىم مۇئەللىمنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن بۇ ئائىلىنىڭ تۇرمۇش خىراجىتى ئۈچۈن بېرىلىدىغان نەچچە ئون يۈەن پۇلمۇ توختىتىلدى. نېمە قىلىش كېرەك؟ ئائىلىدىكى تىرىكچىلىكنى قانداق ئۆتكۈزۈش كېرەك؟

ھاۋاخان خىزمەت ئىزدەپ كىرمىگەن ئىشخانا، ئىزدىمىگەن باشلىق قالمىدى. ئۇ تۇپتوغرا بىر ئاي يول مېڭىپ يۈرۈپ، ماشىنىغا يۈك قاچىلايدىغان خىزمەت تاپتى. ئۇ نىجاتنى ئۆيگە سولاپ قويۇپ ئىشقا كېتەتتى. نىجات ئۆيدە يالغۇزلۇقتىن زېرىكىپ يىغلاپ يېتىپ ئۇخلاپ قالاتتى. ئېغىر جىسمانىي ئەمگەكتىن كېيىن قاتتىق چارچاپ كەتكەن ھاۋاخان ئۆيگە كىرىپ تېپتىنىچ ئۇخلاۋاتقان نىجاتنى كۆرگەندىن كېيىنلا ئۇھ، دەپ چوڭقۇر تىنىۋالاتتى-دە، بىردىنلا ھاردۇق چىققاندەك يەڭگىللەپ قالاتتى.

ھەش - پەش دېگۈچە نىجاتمۇ چوڭ بولۇپ ئوقۇش يېشىغا يەتتى. ئۇ مەكتەپكە كىرگەن تۇنجى كۈنى ئانىسى پېشانىسىگە سۆيۈپ تۇرۇپ:

— ئوغلۇم، بۈگۈندىن باشلاپ ئوقۇغۇچى بولدۇڭ، ياخشى ئوقۇغىن، شۇنداق قىلساڭلا داداڭنىڭ سېنى ئالىي مەكتەپكىچە ئوقۇتۇش ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرالايسەن، ئاناڭمۇ سەندىن خاتىرجەم بولىدۇ، — دېدى.

ھاۋاخان ئۆيگە كىرسە ئايال، تالاغا چىقسا ئەر بولۇپ، نىجاتنى ساغلام ئۆستۈرۈپ چوڭ قىلىۋاتقىنىدىن خۇش ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ يۈزلىرىنى قورۇق، چاچلىرىنى ئاق قاپلىماقتا، چىرايى كۈندىن - كۈنگە سارغىيىپ، كۆزلىرى ئولتۇرۇشماقتا ئىدى. بىر قانچە قېتىم قاتتىق ئاغرىپ كېسەلخانىدىمۇ يېتىپ قالغانىدى. ئاخىرى ئۇ تونۇش-بىلىش ۋە يېقىنلىرىنىڭ ھېسداشلىق قىلىپ، قايتا - قايتا نەسىھەت قىلىشى بىلەن ئۇزۇن يىل بويتاق ئۆتكەن ياقۇپ ئاخۇن دېگەن كىشىگە ياتلىق بولدى.

ياقۇپ ئاخۇن ھاياتىدا ئۈچ قېتىم ئۆيلەنگەن بولسىمۇ پەرزەنت يۈزى كۆرمىگەن بولغاچقا، ھاۋاخان ئۇنى بالىغا تەشنا ئادەم دەپ قاراپ، ئۆلۈپ كېتىپ قالسىمۇ نىجاتنى تىكەندەك يالغۇز تاشلىماي، باشپاناھ بولغىدەك كىشىنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ كېتەي دەپ ئويلىغانىدى. دەسلەپتە ئۇلار خېلى يامان ئەمەس ئۆتتۈشتى. كېيىنچە ياقۇپ ئاخۇننىڭ ئائىلىدىكى ئۇششاق - چۈششەك ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە ئارىلىشىۋالىدىغان، ئۆتۈپ كەتكەن پىخسىق ئادەم ئىكەنلىكى، بولۇپمۇ بالىغا ئىنتايىن ئۆچ ئىكەنلىكى بىلىنىشكە باشلىدى. ھاۋاخان شۇندىلا ئۆزىنىڭ خاتالاشقانلىقىنى ھېس قىلدى.

نىجات ئاخشاملىرى تاپشۇرۇق ئىشلەيمەن دەپ بالدۇر ياتماي توكنى ئىسراپ قىلغانلىقى، كىيىملىرىنى تولا يۇيۇپ سوپۇننى كۆپ ئىشلىتىپ قويۇشتەك ئىشلىرى ئۈچۈن دادىسىدىن دائىم دەشنام يېيىشكە مەجبۇر بولاتتى. ھاۋاخان نىجات يوق چاغلاردا ياقۇپ ئاخۇنغا نەسىھەت قىلاتتى. ياقۇپ ئاخۇن بولسا ھامان ئۆزىنىڭ قىلغىنىنى توغرا ھېسابلايتتى. ئۇ نىجاتنى ئانىسى يوق چاغدا تىللاپ ھاقارەتلەيدىغان، ھەتتا ئۇرىدىغان بولۇۋالدى. نىجات بولسا ئانىسىنىڭ يۈز خاتىرىسى ئۈچۈن دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ يۈرۈشكە مەجبۇر بولاتتى.

ياقۇپ ئاخۇن ھاراقنى ھەددىدىن زىيادە كۆپ ئىچەتتى. ئۇنى ئاز دېگەندەك نەشە چېكىپ، قىمار ئوينايدىغان قىلىقنى چىقىرىۋالدى. كۆپ ھاللاردا كېچە-كېچىلەپ ئۆيگە كىرمەيتتى. خىزمەتكە تولۇق چىقماي، ئاي ئاخىرىدا ئالغان ئازغىنە مائاشىنى ئۆيگە ئەكىرمەيتتى. بەزى كۈنلىرى يېرىم كېچىدە كېلىپ جېدەل چىقىرىپ، ئانا - بالا ئىككىيلەننى بولۇشىغا دۇمبالايتتى. باشقىلارنىڭ نەسىھىتىگە قۇلاق سېلىپمۇ قويمايتتى. خورلۇققا چىدىمىغان ھاۋاخان نىجاتنى ئېلىپ بۇ ئۆيدىن چىقىپ كەتمەكچىمۇ بولدى-يۇ، يەنە ئويلىنىپ قالدى. بىر مەزگىل كۈتۈپ باقاي، ئادەم بولۇپ قالار، يېشى چوڭايغاندا ئەرگە تېگىپ ئەردىن چىقىپ يۈرسەم نىجاتنىڭ يۈزىگە سەت بولمىسۇن، دەپ ئويلىدى.

زىمىستان قىشىنىڭ شۇۋىرغانلىق بىر كۈنى يېرىم كېچىدە چالا مەست ھالدا ئىشىكتىن دەلدەڭشىپ كىرگەن ياقۇپ ئەمدىلا كۆزى ئۇيقۇغا ئىلىنغان ھاۋاخاننى يوتقاندىن سۆرەپ چىقىپ ئەسەبىيلەشكەن ھالدا:

— قەرزگە بوغۇلۇپ كېتىۋاتسام ھېچنېمە كۆرمىگەندەك يۈرۈۋېرەمسەن، قېنى، ھېلىقى ئەپەندى ئېرىڭدىن قالغان مال - دۇنيا؟! چىقارمامسەن؟— دەپ ۋارقىرىدى.

ياقۇپ ھاۋاخاننىڭ يېلىنىپ - يالۋۇرۇشلىرىغا قارىماي، ئۇنى ئۆي ئىچىدە دومىلىتىپ قاتتىق ئۇرۇپ ھالىدىن كەتكۈزدى. ئارىغا كىرگەن نىجاتنىڭ باش - كۆزى يېرىلىپ، قانغا بويالدى. ھاۋاخان كېچىچە ۋايجانلاپ ئۇخلىيالمىدى. ئەتىسى سەھەردە نىجات ئانىسىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە مۇشۇ يۇرتتا داڭق چىقارغان ئۇستا تېڭىقچى تاھىر ئاخۇننى چاقىرىپ كەلدى. ھاۋاخاننىڭ يوتا سۆڭىكى سۇنغانىدى. شۇ كۈندىن باشلاپ ئائىلىنىڭ ئېغىر - يېنىك ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى نىجاتنىڭ زىممىسىگە يۈكلەندى.

هاۋاخاننىڭ يوتا سۆڭىكى تېڭىلغىنىغا
يېرىم يىل بولۇپ قالدى. بىراق ئاغرىق
ئازابى تېخىچە بېسىقمايۋاتاتتى. دوختۇر-
خانىغا كۆرۈنۈۋىدى، سۇنۇق ئىزىغا چۈش-
مىگەنلىكىنى، ئوپېراتسىيە قىلمىغىچە ساقايت-
قىلى بولمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. ھاۋاخاندا
دوختۇرخانىدا يېتىپ داۋالانغۇدەك نەدە
ئۇنچىلىك ئىقتىساد ۋە شارائىت بولسۇن؟!
ئۇ ئاستا - ئاستا ياخشى بولۇپ قالارمەن
دېگەن ئۈمىدتە دوختۇرخانىغىمۇ بارمىدى،
لېكىن مەڭگۈلۈك پالەچ بولۇپ قېلىشىنى
خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى...
مانا شۇنىڭدىن باشلاپ نىجاتنىڭ
يۇمران قەلبىگە دادىغا بولغان ئۆچمەنلىك
ئۇرۇقى چېچىلدى. ئۇ لېۋىنى چىشلەپ
تۇرۇپ تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈپلا ئالىي
مەكتەپتە ئوقۇش ئارزۇسىدىن ۋاز كېچىپ،
ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتىگە خىزمەتكە ئو-
رۇنلاشتى. بۇنى ئاڭلىغان ھاۋاخاننىڭ يۈرىكى
ئېچىشىپ، كۆزى تورلاشقاندەك بولدى.
ئانىنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشەنگەن نىجات
ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن:
— خاتىرجەم بولغىن ئانا، مەن
دادامنىڭ ئارزۇسىنى چوقۇم ئىشقا ئاشۇ-
رىمەن، ئۆزلۈكىمدىن ئۆگىنىپ بىلىمىمنى
ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەيمەن، — دېدى.
بىچارە ئانا ئوغلىغا يەنە نېمىمۇ دېيەلىسۇن؟
نىجات ھالال ئىشلەپ تاپقان پۇلنى ئانى-
سىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ، ئۇدۇللۇق ئۆينىڭ
تۇرمۇش خىراجىتى ئۈچۈن سەرپ قىلاتتى.
ياقۇپ ھە دېسىلا «ئوغلۇڭ تاپقان پۇل
قېنى» دەپ ھاۋاخاندىن ھېساب ئالاتتى.
ھاراق - تاماكا ئۈچۈن پۇل بېرىشكە قىس-
تايتتى. يوق يەردىن جېدەل چىقىرىدىغان
ئادىتى تېخىچە قالمايۋاتاتتى. تاقىتى چې-
كىگە يەتكەن نىجات ئاچچىقىغا پايلىماي
ئانچە - مۇنچە ئىچىپ قويىدىغان، بەزىدە
دادا بىلەن تەڭ زۇكۇنلىشىدىغان بولۇۋالدى.
بىچارە ئانىسىنىڭ ئۆز ئورنىغا بەند بو-
لۇپ، ئەتىدىن - كەچكىچە قايغۇ - ھەسرەت
ئىچىدە مۆڭگىلىنىپ ئولتۇرۇشى ئۇنىڭ
يۈرەك - باغرىنى ئېزەتتى. ئانىسىنىڭ تەق-
دىرىنى چىرايلىق ياسىنىپ، توي - تۆكۈن،
نەزىر - چىراغلاردا يۈرگەن بەختلىك ئانى-
لارنىڭ تەقدىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ، ئازاب
ئىچىدە تولغىناتتى. ئاغىنىلىرىنىڭ ئائىلى-
سىدىكى ئىناقلىق، دادىلىرىنىڭ ۋاپادارلى-
قىنى كۆرگەندە، ئىختىيارسىز ئۆز دادى-
سىنى ئەسكە ئېلىپ كۆڭلى يېرىم بولاتتى.
ئۇزۇن مۇددەتلىك روھىي بېسىم
ياش نىجاتنىمۇ كېسەلگە مۇپتىلا قىلدى.
ئۇنىڭ كۆندە ئۈچ قاچا جۇگىيى دورىسى



قايىنتىپ ئىچىشى تۈگىمەس جىددىلىنىڭ باشلىنىشىغا سەۋەب بولاتتى. كۆڭلى بارغانسېرى قارىيىپ كېتىۋاتقان ياقۇپ غەزىپىنى باسالمىغاندا، پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ تۈۋلاپ كېتەتتى.

— ھۇ، شور پېشانە يېتىم ئوغلاق، نەچچە قېتىم گەپ قىلسام تىڭشاپمۇ قويمايسەن، نېمە ئانچە سېسىتىسەن بۇ ئۆيىنى؟! ئاناڭنىڭ ھەققى بارمىدى بۇ ئۆيدە، بۈگۈندىن باشلاپ بۇ ئۆيدە يا سەن تۇرسەن، يا مەن تۇرسەن...

نىجاتنىڭ يەتتە نەزىرىسى بېردىلدى. يىراق - يېقىندىن كەلگەنلەر بىر - بىرلەپ ئۆيلىرىگە كېتىشتى. ئانا يالغۇز قالدى. پەقەت ئۇدۇل قوشنىسىنىڭ قىزى گۈلنارلا ئۇنىڭ ئەتراپىدا كېپىنەكتەك پىلدىرلاپ يۈرەتتى. ھاۋاخان بىلەن نىجاتقا ئۆز ئانىسى، ئۆز ئاكىسىدەك ئىچىكىپ كەتكەن گۈلنارنىڭ كۆڭلى ئاجايىپ پەرىشان، كۆزلىرى نەملەشكەن، قىپقىزىل مەڭزى تېگى - تەكتىدىن سارغايغانىدى.

چۆشكە يېقىن گۈلنارنىڭ ئانىسى مەريەم بىر لىگەن ئوخشىتىپ ئېتىلگەن پولۇ ۋە بىر چۆگۈن ئەتكەن چاي كۆتۈرۈپ ھاۋاخان ئانىنىڭ ئۆيىگە كىردى، كەينىدىن يەنە بىر قانچە قوشنىلارمۇ كىرىپ كېلىشتى. ھەممەيلەن داستىخاندا ئولتۇرۇپ پاراڭغا چۈشتى. ئاردىن كىمدۇر بىرى گۈلناردىن:

— نىجات ئاكىڭىز نەگە كەتتى بالام؟— دەپ سوراپ قالدى.

— نىجات ئاكاممۇ؟ نىجات ئاكام ئۆلۈپ كەتتى، ياقۇپ داداش نىجات ئاكامنىڭ دورا قايناتىپ ئىچىدىغان قاچىسىغا شىشىدىكى سۇنى قۇيۇۋەتكەنىدى، نىجات ئاكام كىرىپ، ئۇنى ئىچىپلا ئۆلۈپ كەتتى،— دېدى. ھەممەيلەن ھاڭ - تاڭ بولۇشۇپ بىر - بىرىگە قاراشتى. بۇنى ئاڭلىغان ھاۋاخاننىڭ بېشىغا چېقىن چۈشكەندەك، كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى - دە، كارىۋاتتىن گۈپپىدە قىلىپ يىقىلىپ چۈشتى. بىردەمدىلا ئۆي ئىچىدىن دەھشەتلىك يىغا ئاۋازى كۆتۈرۈلدى.

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم

ئېزىز ھەسەن

# ئەينەك

(ھېكايە)

سىنىپىمىزدا بىر ـ ئىككى كەپسىز بالا بار ئىدى. ئۇلار ھەر قېتىمقى تەنەپپۇستا بىر ـ بىرىنى قوغلىشاتتى، توپ تېپىپ ئوينىشاتتى. شۇڭا پات ـ پات سىنىپىمىزنىڭ دېرىزە ئەينەكلىرىمۇ چېقىلىپ تۇراتتى. مۇئەللىم بۇ ئىشنى ۋاقتى ـ ۋاقتىدا سۈرۈشتۈرۈپ تەنقىد قىلغاندىن سىرت، تۈزۈم بويىچە ئەينەك تۆلىتىپ جايىغا سالدۇرۇپ قوياتتى.

بۈگۈن بۇ ئىش مېنىڭ بېشىمغا كەلدى. كېچىدىن بېرى يېغىۋاتقان قار ھېلىمۇ توختىمىغانىدى. سىنىپنىڭ ئالدى ـ كەينىگە قېلىن قار دۆۋىلىنىپ كەتكەنىدى. ئىككىنچى سائەتلىك تەنەپپۇسقا چىقىش قوڭغۇرىقى چېلىنىدى. بىز قار تازىلاش ئۈچۈن مۇئەللىم سىنىپتىن چىقىشى بىلەنلا چۇرقىرىشىپ، بۇلۇڭدىكى سۈپۈرگە ـ گۈرجەكلەرنى تالىشىپ كەتتۇق.

مەن مۇرات بىلەن بىر گۈرجەكنى تالىشىپ قالدىم:

— مەن بالدۇر كېلىپ ئالدىم، قويىۋەت! — دەيتتى ئۇ گۈرجەكنى سىلكىپ.

— نەدىكىنى، مەن بالدۇر كېلىپ ئالمىدىممۇ؟ سەن ھازىر كەلدىڭغۇ؟ — دېدىم مەن گۈرجەكنىڭ سېپىنى دېرىزە تەرەپكە تارتىپ. شۇ تەرىقىدە ئىككىمىز خېلى ھەپىلەشتۇق. سىنىپتا ئىككىمىزدىن باشقا ئادەم قالمىغانىدى. سىرتتا باللارنىڭ قىيا ـ چىيالىرى، سۈپۈرگىلەرنىڭ شار ـ شۇر قىلىشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئاخىرى بار كۈچۈمنى يىغىپ گۈرجەكنى ئارقامغا بىرلا تارتىشىم بىلەن مۇراتنىڭ قولىدىن گۈرجەكنىڭ بېشى چىقىپ كېتىپ، مېنىڭ قولۇمدىكى گۈرجەكنىڭ سېپى دېرىزىنىڭ ئاستىنقى كۆزىگە تەگدى. ئەينەكنىڭ جاراڭ ـ جۇرۇڭ قىلغان ئاۋازى بىلەن بېشىمدىن تۈتۈن چىقىپ كەتتى. يۈرىكىم ئاغزىمغا قاپلىشىپ، تاسلا قاپتىمەن ئەس ـ ھوشۇمنى يوقىتىپ قويغىلى. ھەتتا گۈرجەكنىڭ قولۇمدىن قانداق چۈشۈپ كەتكىنىنىمۇ بىلمەي قاپتىمەن. مۇرات بولسا ئاللىقاچان تىكىۋەتكەنىدى. ئەينەكنىڭ

سۇنغان ئاۋازىنى ئاڭلىغان باللار گۇر-
جەك، سۇپۇرگىلىرىنى سۆرىگىنىچە دېرىزى-
گە ئۇلاشتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى تۇمشۇق-
لىرىنى ئۇچلاپ ماڭا ھومىيىشاتتى. بەزى-
لىرى كۇلۇشۇپ مېنى زاڭلىق قىلىۋاتاتتى.
ئۇنىڭ ئۇستىگە، كىمدۇ بىرى:
— ھە، قاسىمجان، ئەينەكنى چاق-
تىڭىزمۇ؟ ئەينەكنى تۆلەڭ، قاسىمجان! —
دەپ چىشىمغا تەگدى. لېۋىمنى چىشلەپ،
بېشىمنى ئىچىمگە تىقىپ ئاستا سىرتقا
چىقىپ، باللار توپىغا قوشۇلدۇم. ئەمدى
ئۇلارنىڭ مەن توغرۇلۇق نېمىلەرنى دېگەن-
لىكى قۇلىقىمغا كىرمەيتتى.

* *

قوڭغۇراق چېلىنىش بىلەنلا يۈرىكىم
جىغىلداپ كەتتى. چۈنكى بۇ، سىنىپ
مۇدرىمىزنىڭ ھېساب دەرسى ئىدى.
يۈرىكىم توختىماي دۇپۇلدەپ رىتىمسىز
سوقاتتى. مۇئەللىم كىرىپ كەلدى. چې-
قىلغان ئەينەكنىڭ تۆشۈكىدىن كىرىۋات-
قان ئاچچىق سوغۇق مۇئەللىمنىڭ قولىنى
توڭدۇرغان چېغى ئۇنىڭ كۆزى بىردىنلا
چېقىلغان ئەينەككە چۈشتى - دە، ھەممى-
مىزگە بىردىن سوئال نەزەرىدە قاراپ
قويدى - يۇ، دەرسنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى.
مەن ۋاقىت توشقىچە بېشىمنى ئىچىمگە
تىقىپ لېكسىيە يازغان بولۇپ
ئولتۇرۇۋالدىم.
دەرستىن كېيىن مۇئەللىم تۇرمۇش
ھەيئىتىنى ئەگەشتۇرۇپ چىقىپ كەتتى.
خۇداغا شۈكرى دېدىم ئىچىمدە.
كەچلىك سىنىپ يىغىنىدىن كېيىن
مۇئەللىم مېنى ئايرىپ قېلىپ:

— ھە، قاسىمجان، بۈگۈن نېمىش
قىلدىڭلار؟ — دەپ سورىدى. مۇئەللىمنىڭ
بۇ سىپايە سۆزى باياتىن كاللامنى چىر-
مىۋالغان ئەندىشىلەرنى قاچۇردى. شۇڭا
ئۆزۈمنى توختىتىۋېلىپ، قولۇمدىكى كىتاب-
نى بارمىقىم بىلەن ۋاراقلاپ تۇرۇپ
ئەسلىكتە:
— مەن... دېرىزە ئەينىكىنى...—
گېلىمنى بىرسى بوغۇۋالغاندەك گېپىمنىڭ
ئاخىرىنى ئېيتالمىدىم.
— ھە، ئاۋۇ ئەينەكنى مەن چاقتىم،
دەڭلا، شۇنداقمۇ؟
—شۇنداق، —دېدىم مەن بوش ئاۋازدا.
— ئۇنداقتا ئوقۇغۇچىلار قائىدىسى-
نىڭ و - ماددىسىدا نېمىدەپ
كۆرسىتىلگەن؟
— ھە، ئومۇمنىڭ مال - مۈلكىنى
ئاسراش...
— ھە، ياخشى، ئۇنى بىلىدىكەن-
سىلە، — دېدى مۇئەللىم سۆزىنى داۋاملاش-
تۇرۇپ، — ئەمدى قانداق قىلىمىز؟
— تۆلەپ بېرەي مۇئەللىم، — دېدىم
مەن ئويلانمايلا.
— پۇل بارمۇ؟
— يوق، دادامدىن...
— ھە، ئۆيدە ئەينەك بارمۇ يا؟
شۇئان مۇئەللىمنىڭ تەنقىدىدىن بال-
دۇرراق قۇتۇلۇش ئۈچۈن:
— بار، — دېدىم.
— ھە ئەينەك بولسىمۇ بولىدۇ،
ئەمىسە ئەتە ئەتىگەن ئېلىپ كېلىپ، ماڭا
تاپشۇرۇۋېتىڭلا، بولمىسا باللار توڭلاپ
كېتىدۇ، — دېدى.
— ماقۇل، — دېدىم - دە، سىنىپىم-
دىن چىقىپ كەتتىم.

بىراق يولدا كېتىۋېتىپ مېنى غەم باستى. ئۆيدە ئەينەك يوق تۇرسا... قانداقمۇ قىلارمەن؟ ئويلىنا ـ ئويلىنا ئاخىرى بىر ئەقىل تاپتىم ـ دە، ئۆتكەندە سىنىپنىڭ ئەينىكىنى چېقىۋېتىپ تۆلىگەن نۇردۇن دېگەن بىر ساۋاقداشىم ئېسىمگە كەلدى. چۈنكى ئۇنىڭ بۇنداق ئىشلاردا خېلى تەجرىبىسى بار ئىدى. مەن يولۇمنى ئۇنىڭ ئۆيىگە توغرىلىدىم. ئۇنىڭ مەھەللىسىگە بارغىنىمدا ئۇ بىر توپ بالىلار بىلەن قىيا ـ چىيا قىلىشىپ، هارۋىدا قار توشۇۋاتقانىكەن. مەن بىر چەتتە تۇرۇپ ئۇنى ئىشارەت قىلىپ چاقىردىم. ئۇ ئاستا بالىلار توپىدىن سۇغۇرۇلۇپ قېشىمغا كەلدى. مەن ئەھۋالنى قىسقىچىلا ئېيتىپ، ئۇنىڭدىن مەسلىھەت سورىدىم. ئۇ قاپقارا كۆزلىرىنى بىر نەچچە قېتىم ئايلاندۇرۇۋېتىپ ئاندىن بىر نۇقتىغا تىكىلىپ سەل ئويلاندى ـ دە، ماڭا:

— كەچلىك تامىقىڭنى يەپلا بىزنىڭكىگە كەلگىنە ـ هە! — دېدى ـ دە، مەن بىلەن خوشلىشىپ يەنە بالىلار توپىغا كىرىپ كەتتى. مەن ئىچىمدە هە ئۆيىدە ئەينەك بار ئوخشايدۇ، دادىسىدىن سوراپ ماڭا بېرىدىغان بولدى، دەپ ئويلاپ، خاتىرجەم ئۆيگە قاراپ يول ئالدىم.

* *

قاش قارايغان چاغ، كەچلىك تامىقىمنى يەپلا دېگەن قاراردا نۇردۇننىڭ ئۆيىگە كەلدىم. ئۇ دېگەندەك مېنى ساقلاپ تۇرغانىكەن.

— ئاپا، — دېدى ئۇ ئاپىسىغا قاراپ، — مەن ماۋۇ ئادىشىمنىڭكىگە بېرىپ ئۆگىنىش قىلىپ كېلەي، هە! — ئاپىسى دەرهال جاراقلىتىپ تېپىۋاتقان كىيىم تىكىش ماشىنىسىنى توختىتىپ، باش ـ ئايىغىمغا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىققاندىن كېيىن كۆزى قىيمىغان هالدا:

— پاتراق قايتىپ كەل بالام، بەك كەچ قالما ـ هە! — دېدى. ئىككىمىز تەڭلا ماقۇل دېدۇق ـ تە بىنادىن پەسكە چۈشۈپ كەتتۇق.

نۇردۇن مېنى ئەگەشتۈرۈپ، چوڭ يول ياقىسىدىكى يېڭىدىن سېلىنغان، ئەمما تېخى ئادەم كۆچۈپ كەلمىگەن بىر بىنانىڭ كەينىگە باشلاپ كەلدى ۋە ماڭا جىكىپ، قۇلىقىمغا پىچىرلىدى:

— سەن مۇشۇ يەردە ئەتراپقا قاراپ تۇر، بىر كىم كېلىپ قالسا ئىسقىرت چۈمۇ! — دېدى ـ دە، بىر دېرىزىنى پەم بىلەن ئېچىپ ئۆي ئىچىگە شۇڭغۇپ كىرىپ كەتتى.

قاراڭغۇدا نۇردۇننىڭ گەۋدىسى يوقالغاندىن كېيىن يۈرىكىم يەنە ئەنسىز دۈكۈلدەپ سوقۇشقا باشلىدى. ئەتراپ جىمجىت. پەقەت بىنا ئىچىدىن تىرىق، تىرىق قىلغان بىر ئاۋاز قۇلىقىمغا بىلىنەر ـ بىلىنمەس ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئەنسىزچىلىكتە قانچىلىك ۋاقىتنىڭ ئۆتكىنىنى بىلمەيمەن. كۆزۈم نۇردۇن كىرىپ كەتكەن دېرىزىگە بىردىنلا چۈشۈۋېدى، ئۇ يەردىن نۇردۇننىڭ قارا گەۋدىسى يەنە كۆرۈندى. ئۇ پەم بىلەن دېرىزىدىن يەرگە توككىدا سەكرىدى ـ دە، ئاستا يېنىمغا كېلىپ:

— يۈرە كېتەيلى، — دېدى.

ئۇنىڭ قولتۇقىدا يوغان بىر پارچە



ئەينەك قىستۇرۇقلۇق تۇراتتى. شۇئان يۈرىكىم جايىغا چۈشتى. كۆڭلۈمدە، ئەتىكى تەنقىدتىن بىر قۇتۇلىدىغان بولدۇم، دەپ ئويلاپ، خاتىرجەم ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ماڭدىم. نۇردۇننىڭ مېنى دەپ كېچىدە جاپا تارتقانلىقىنى ئويلاپ، ئىچىمدە ئۇنىڭغا بولغان دوستلۇق مېھرىمنىڭ باشقىچە كۈچىيىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلاتتىم. ...

بىراق ئەينەكنى ئۇنىڭ ئۆيى ياكى بىزنىڭكىگە ئەكىرىشكە بولمايتتى. شۇڭا ئىككىمىز يول ئۈستىدىلا پىچىرلىشىپ مەسلىھەتلەشتۇق - دە، يول ياقىسىدىكى بىر چېقىلغان كونا ئۆيگە ئەكىرىپ تىقىپ قويدۇق. ئەتىسى ئىككىمىز پۈتۈشۈۋالغان ۋاقىت بويىچە يولدا ئۇچراشتۇق. ئاندىن مەن ئاخشامقى ئەسكى تاملىققا كىرىپ، تىقىپ قويغان ئەينەكنى پەم بىلەن ئالدىم - دە، قولتۇقۇمغا قىسىپ، خۇشال مەكتەپكە قاراپ ماڭدۇق.

سىنىپ مۇدىرىمىز پەقەت مېنىڭ يولۇمغىلا قاراپ تۇرغاندەك سىنىپ ئالدىدا تۇراتتى. ئۇنىڭ كۆزى قولتۇقۇمدىكى ئەينەككە چۈشكەندە چىرايى سەل ئېچىلدى - دە، ئەينەكنى قولۇمدىن ئېلىپ، ئۇيان - بۇيان ئۆرۈپ كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن مېنى ماختاپ:

— ياخشى، ئاممىنىڭ مۈلكىنى بۇزغانىكەنمىز، مانا مۇشۇنداق سەممىيلىك بىلەن تۆلىشىمىز كېرەك، — دېدى.

نۇردۇن بىلەن ئىككىمىز مەنىلىك قىلىپ كۆز قىسىشتۇق - دە، سىنىپقا كىرىپ كەتتۇق.

شۇندىن كېيىنلا نېمە ئۈچۈنلۈكىنى بىلمەيمەن، يۈرىكىم قىسىلىپ، ئۆزۈمنى بىئارام ھېس قىلىدىغان بولۇپ قالدىم. چۈنكى مەن سىنىپنىڭ ئەينىكىنى تۆلىگەن بىلەن يېڭى سېلىنغان بىنانىڭ دېرىزىسىنى ئوغرىلىغانلىقىم ئۈچۈن ئاشۇ بىنا ئىگىسى ئەتە - ئۆگۈن كېلىپ مېنى سوتلايدىغاندەك تۇراتتى.

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

ئوسمان قاۋۇل

# ئەسەرلەر

## پەزىلەت ناخشىسى

مەن پەزىلەت ئىدىم. ئاجايىپ قۇدرىتىم بىلەن جاھاننى مەھلىيا قىلىپ، ئىنسانلارنى ساداقەت، مېھرىي - مۇھەببەت، پاكلىق، دىيانەت يولىغا باشلايدىغان، بۈيۈك تاڭ شەبنىمىدەك، تاغلاردىن ئۇلۇغ خىسلەتكە ئىگە ئىدىم... ئاڭلاۋاتامسەن جېنىم؟ مەن ئانىلارنىڭ ئوغۇز سۈتىدەك بىغۇبارلىقىم، باغدىكى ئاشۇ ئەتىۋارلىق رەيھان گۈلىدەك خۇش پۇرىقىم، ئويناق بۇلاقلارنىڭ ۋىلىقلىشىغا ئوخشايدىغان يېقىملىق تەبەسسۇمىم بىلەن سېنى — مېنىڭ قاشتېشىدەك سۈزۈك، قۇياشتەك مېھرىبان يارىمنى قوينۇمغا ئالغانىدىم. سەن مېنىڭ ئىختىيارىمدا تۇرۇپ ئالەمدە ھۇزۇر - ھالاۋەت پەيزىنى سۈرگىنىڭدە جان كۆيەر جىگەرىڭ، يۈرىكىڭنىڭ سوقۇشىغا ھەمدەم بولغۇچى — مېنى مەجنۇنانە ئىشتىياق بىلەن ئالەمگە جاكارلاپ، ئۆزۈڭنىڭ كارامەت تەڭداشسىز بەختىڭنى ھەتتا ئاپئاق بۇلۇتلارغىچە، شاۋقۇنلۇق دېڭىزلارنىڭ سانسىزلىغان كۆمۈش بۇژغۇنلىرىغىچە سىڭدۈرمەكچى بولاتتىڭ... ئاھ، سەن مېنى ئەنە شۇنداق ئوتلۇق ھېسسىياتىڭ بىلەن كۆككە كۆتۈرۈپ، جاھان ئەھلىگە قاراپ:

— كۆرۈڭلار، مېنىڭ پەزىلىتىمنى قانغۇچە تاماشا قىلىڭلار، ئۇنىڭدىن ئۆزۈڭلارنىڭ قەلب ئەينىكىنى كۆرۈپ ئالالايسىلەر، — دەيتتىڭ. ئەپسۇسكى مېنى خېلى كۆپ ئىنسانلار كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولالمايتتى. شۇ چاغدا سەن يەنە:

— مېنىڭ پەزىلىتىم شۇنداق پەرىشتە سۈپەتكى، ئۇ شائىرلارنىڭ قوشۇمىسىدا، ھەيكەلتىراشنىڭ كۆز قارىچۇقىدا، ھەممە يەردە بار، سىلەر ئۇنى كۆرۈشكە ئىنتىلىڭلار، — دەيتتىڭ. شۇنىڭ بىلەن ئىنسانلار مېنى كۆرۈش ئىشتىياقىدا ئوتتەك يېنىپ، ھەر تەرەپكە چېپىشاتتى. ھەئە، مەن ئاجايىپ قۇدرەتلىك ئىدىم... خۇددى چوپانلارنىڭ مۇڭلۇق ناخشىسىدەك سادda، ئادالەت قىلىچىدەك ئۆتكۈر...

## ھاماقەت

ئۆگىنەي دەپ قاغا ماڭماقتا كەكلىك ئىشىنى،
ھەم بىلەلمەي ئۇنى، ئۇنتۇلدى ئۆز مېڭىشىنى.
(«كەلىلە - دەمنە» دىن)

ئۇ ھەممىنى مۇكەممەل بىلەتتى. ياق، بىلمەكچى بولاتتى. جاھاندىكى ھەر قالـ
ھاكى يېڭىلىق ئۇنىڭ ئاشۇ قارچىغا كۆزلىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايتتى. سەزگۈرلۈكتە
تەڭداشسىز ئىدى، ئۇ، ھەتتە ئۇ، قالتىس بىلەرمەن ئىدى... سېنىڭ مەسخىرىلىك كۈلـ
كەڭ، نەپرەتلىك كۆزلىرىڭ ئۇنىڭ ئۇچۇن ھەقىقەتەنمۇ ئۇچىغا چىققان چاكىنىلىق
ئىدى...

ئۆز لۆۋىتىدە ئۇ ئەدىب ئىدى. دوستۇم، سەن ئەدەبىي ھادىسىلەر ھەقىقىدە
سۆز ئېچىپ قالدىڭمۇ، بولدى، ئۇ ئاجايىپ سۆزمەنلىكى بىلەن ئۆز تالانتىنى نامايان
قىلاتتى...

ئۇ سىياسىئون ئىدى، دوستۇم ئۇنىڭ نۇتقى پۇتكۈل بىنانى لەرزىگە سالاتتى.
ئورنىدىن ئاستا تۇرۇپ مەسىلىنىڭ ماھىيىتىنى ئالاھىدە تەلەپپۇز بىلەن يېشىپ بېرىشـ
لىرى بىر سەنئەت ئىدى. ئاڭلاۋاتامسەن دوستۇم، ئۇ ناتىق ئىدى... چۈشىنىۋاتامـ
سەن؟! ئۇ ئۆزىنىڭ ئەنە شۇنداق كارامىتى بىلەن ئۆزىدىن مېنىڭ ۋە سېنىڭ پەخىرـ
لىنىشىڭنى يوشۇرۇن خۇشامەتلەر بىلەن تەلەپ قىلاتتى... تەلىپىنىڭ تېزرەك ئىجابەت
بولۇشىنى شەپقەت ئىلاھىدىن ئۆتۈنەتتى. قارا دوستۇم، ئىلاھىنىڭ رەھىم - شەپقىتى
راستىنلا چەكسىز ئىكەن، نىھايەت ئۇنىڭ تەلىپى ئىجابەت بولدى. ئۇ پۈتكۈل ئېتىقاـ
دى بىلەن ئىلاھقا سېغىندى، ھەمدۇ-سانا ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ قەلبىدە ئاجاـ
يىپ قۇدرەتلىك، تەڭداشسىز مېھىر - شەپقەتلىك بىر «ئىلاھ» تىكلەندى. ئەمدى ئۇ
ئەنە شۇ غايىبانە ئىلاھىنىڭ ئايىغىغا باش قويۇپ كېچە - كۈندۈز ئىبادەت قىلىپ، ھەقىقىي
بىر خۇداگۇي بەندىگە ئايلاندى... ئەمدى ئۇ ھېلىقى ئاجايىپ بىلەرمەنلىكىنى، كىشىـ
نى تاڭ قالدۇرىدىغان تالانتىنى ئىشقا سېلىشنى ئۇنۇتقان ھالدا «ئىلاھ» نىڭ خىزمىـ
تىگە كىرىپ، ئۆزىنىڭ نەپسىنى تويغۇزۇپ، قارا پاتقاققا مىلەنگەن بەھەيۋەت مەخلۇقـ
تەك ياشاشنى ئۆز ھاياتىدىكى ئەڭ ئەھمىيەتلىك ئىش دەپ تاللىۋالغانىدى... ھەئە،
جاھاننىڭ ئىشلىرى ھەقىقەتەنمۇ قىزىق!

## چۈش

مەن چۈش كۆردۈم.

قويۇق تۇمان تولغىنىپ، كائىناتنى قاپلايتتى. ئاسمان پەلەك كۆتۈرۈلگەن تۇمانـ
لىق ئاپئاق كۆكسىنى يېرىپ بىر پەرى پەيدا بولدى - دە، جۇلالىنىپ تۇرغان تۇز
سۇرەتلىك يېپىنچىنى ئۇستىگە ئارتتى. كۆزلىرىدىن مېھرىي - شەپقەتنىڭ نۇرلىرى
يېغىپ تۇرغان بۇ تولۇن سۈپەت پەرىنىڭ ئاستىدا ئاجايىپ كۆركەم نېلۇپەر پىرىلـ
دايتتى. ئۇ ماڭا تەشنالىق بىلەن تەلپۈنۈپ، ماموق قوللىرىنى سوزدى. كۆزلىرىدىن
مەرۋايىت ياشلىرىنى ئاققۇزدى. چىرايلىق لەۋلىرىنى مىدىرلىتىپ ئاللىقانداق تىلدا
ناله قىلىپ، مۇھەببەت ئىلاھىغا — ماڭا چوقۇندى. پەريادىغا چىداپ بولمايتتى ئۇنىڭ.

مەن ئاڭا پەرۋا قىلمىدىم.

تۇماننىڭ بىر چېتى سۈرۈلۈپ كۆز يەتمەس قاراڭغۇلۇققا شۇڭغۇغاندا يەنە بىر تەرەپتىن ئاجايىپ ھەيۋەت بىلەن شاۋقۇن سېلىپ دېڭىز كۆرۈندى. ئاھ، ئۇنىڭ ھەيۋىسى پەلەكنى لەرزىگە سالاتتى. دېڭىزدا تاشپاقا سۈپەت قورقۇنچلۇق بىر مەخلۇق كۆزىدىن ئوت چاچرىتىپ تۇراتتى. شۇ چاغدا قىيامەتتەك دەھشەتلىك بىر ئىش يۈز بەردى. پەرىنىڭ ئايىغىدىكى نېلۇپەر پىرىلدىغانچە تاشپاقىنىڭ ئالدىغا كەلدى - دە، ئۈستىدە تۇرۇپ ماڭا تەلپۈنگەن پەرىنى — كۆز ياپرىقىدەك سارغايغان، كۆز نۇرى ئاجىزلىغان ساداقەت شاھىنى تاشپاقىنىڭ قانلىق ئاغزىغا تاشلىماقچى بولدى...

مەن يەنە پەرۋا قىلمىدىم.

پەرىنىڭ يالقۇنلۇق ئاھى دېڭىزنى پۈتۈنلەي قۇرۇتۇپ تاشلىدى. ئۇ ماتەملىك ئىڭرىدى - دە، خۇنۇك كۆزلىرىنى مەڭگۈگە يۇمدى... مەن قىياپىتىمنى ئۆزگەرتمەيتتىم... تۇمان مېنى قوينىغا ئالدى. ئاھ، مەن ئويغىنىپ كەتتىم.

## سەۋدايى ناخشىلار

1

ئۇ سەۋدايى ئىدى. ئېچىنىشلىق كۆزلىرىنى كۆككە تىكىپ، بەخت يۇلتۇزىنى ئىزدەيتتى. ئەپسۇسكى، سۇبھىدىن بۇرۇن ئۇنىڭ يۇلتۇزى ساقىپ كەتتى... تاغلارنىڭ ئىترىشى ھاۋانىڭ گۈلدۈرلىشىدىن ئەمەس، ئۇنىڭ پەريادىدىن ئىدى...

2

گۈل بەرگىدىكى يالتىراق شەبنەمدە بىر پەرى يۇيۇناتتى. ئۇ، ئۆزىنىڭ سۈتتەك ئاق، سەبىيىنىڭ تىنىقىدەك پاك تېنىنى يەنىمۇ پاكلىماقچى بولاتتى... ئاھ، رەزىل قۇيۇن زەربىدىن شەبنەم پارە - پارە بولۇپ يەرگە چۈشۈپ كەتتى...

3

چەكسىز قۇملۇقتىن مەن سېنىڭ كۆز قارىچۇقىڭنى تېپىۋالدىم، ئۇنىڭدا يەر شارى ئۆز ئوقى بويىچە ئايلىناتتى، سېنىڭ جەسۇرلۇقىڭ قارىچۇقىڭدىكى قۇياشقا ئالتۇن ھەل بىلەن يېزىلغان ئىدى. مەن دەرھال كۆككە قارىدىم، قۇياش ساڭا قارىغىنىچە قېتىپ قالغانىدى...

4

سەن ئاجايىپ نۇرلۇق ۋە ھارارەتلىك قۇياش ئىدىڭ. يىللىق مېھرىڭ يۈزلىرىمنى سۆيەتتى. ھەئە، سەن سەھەر پەيتى مېنىڭ قوينۇمدىن كۆككە بالقىيتتىڭ، چۈش بولاتتى. ۋەھالەنكى سېنى كۆكتىن يۇلۇپ ئېلىشقا قۇدرىتىم يەتمەيتتى. شۇنداق، مەن ئۇنداق قىلىشقا قادىر ئەمەستىم. كەچ بولاتتى. مەن زارىقىپ كۈتكەن كەچتە سەن يەنە شەپەقتەك قىزىرىپ مېنىڭ قوينۇمغا كىرەتتىڭ...

# گىرداپ

«ھەر كىم ئۆز تەقدىرىنىڭ تۆمۈرچىسى»
(رۇس خەلق ماقالىسى)

1

مەن بىر سەبىي ئىدىم. ۋۇجۇدۇم ھەيرانلىق، ئۆكۈنۈش ۋە دۇنيانىڭ ئاجايىپ كارامەتلىرى بىلەن مەست - مۇستەغرەق ئىدى. ئەتراپىمدىكى قالتىس قۇدرەت بىلەن دەۋر سۈرگەن، جاھاننىڭ ئەڭ يالتىراق ھەشەمىتىدىن بەھرىمەن بولۇۋاتقان ياتلارغا قاراپ ھەيران بولاتتىم. نېمىشقا ئەشۇنداق بولىدۇ - ھە؟ بېقىنلىرىدا سازاڭدەك سوزۇلۇپ، قىرى مۇشۇكتەك تۈگۈلۈپ غەپلەت ئۇيقۇسىدا ياتقان، مەرۋايىت يېتىلدۈرۈۋاتقان، قۇلۇللەردەك ئۆزلىرىچە قىمىلداشقان مەخلۇقلار قۇلاق پەردەمنى غەلىتە ئاھاڭلار بىلەن غۇڭۇلدىتاتتى. بىئارامىلىق... مەن بۇ ئاجايىباتلىقلار سىرىنىڭ تېگىگە يېتەلمەيتتىم، يېتىشكىمۇ قادىر ئەمەستىم. ئاھ، كۆز قارىچۇقىمدا ھەشەمەتلىك مېھمانلار، شاخ - شۇمبىدا چۆمكەلگەن غېرىبانە كەپىلەر، چەكسىز دېڭىز ساھىلىدىكى يېرىم يالىڭاچ گەۋدىلەر، توپىلىق يولغا يېيىلغان دۇغاپتەك لاي سۇ، ئېسىل پىكاپلار ۋە ئېچىنىشلىق نالە قىلىپ غىچىرلاپ كېتىۋاتقان يارىيار ھارۋىلار، قۇرتلاپ كەتكەن كۆللەر ۋە مەن تەسەۋۋۇرۇمغا سىغدۇرالمايدىغان ئاللىقانداق غۇۋا كۆلەڭگىلەر لەيلەپ يۈرۈشەتتى. مەن ئازابلىناتتىم. مېنىڭ كۆرۈمسىز بەستىم، ۋىجىككىنە گەۋدەم بۇنداق زور ئازابنى كۆتۈرەلمەيتتى. گەۋدەمگە ماسلاشمىغان يوغان ۋە كېپەك باسقان سېرىق تۈكلۈك بېشىم بۇ ئىشلارنى ئويلاپ ئۈلگۈرەلمەيتتى. مەن ھېچنېمىنى بىلمەيتتىم، بىلىشنىمۇ خالىمايتتىم. پەقەت ئازاب ۋە تەگسىز خىيالغا بەند ئىدىم. ئازاب دېگەن نېمە؟ مېنى تاشلاپ ئۆز ھەلەكچىلىكى بىلەن بولۇپ كەتكەن غەم يېمەس ئاتام، ئابرويپەرەسلىكنىڭ شارابىدا ئەقلىنى بۇلغىۋالغان ئانام مېنى ئويلاپ قويمايتتى. مەن تولغىناتتىم. ئاشۇ ئازابلارنىڭ تەپتىدە ئاپتاپقا تاشلانغان نېمجان بېلىقتەك...

2

ئاتام ئىچەرمەنلىكتە داڭلىق ئىدى. ئۇ پۈتكۈل ئەقلى - ھوشىنى، كۈچ - قۇۋۋىتىنى ئىچمىلىككە، چېكىملىككە خۇشاللىق ۋە رازىمەنلىك بىلەن تىگىشىۋەتكەنىدى. ئۇنىڭ سولاشقان قاپاقتەك قورۇلۇپ سالپايغان بەستى بەزىدە تاۋكادىنىمۇ ئورۇن ئېلىپ قالاتتى. ئۇ بۇ ئىشقا شۇنچىلىك ئەسەبىيلىك بىلەن بېرىلگەنىدىكى، مەندەك بىر بالاغەتكە يېتىپ قالغان ئوغلىنىڭ جاھاندا مەۋجۇت ئىكەنلىكىنىمۇ خىيالىغا كەلتۈرمەيتتى. قاچانلا بولمىسۇن، ئۇچرىغان ھەرقانداق سورۇندا — باغچىدىمۇ، يول بويلىرىدىمۇ يەنەشۇ ئىچىشمەك، ئاھ خۇدا، بۇنداق ئاھانەتكە مېنىڭ ئەركىمگە بويسۇنماس كۆزلىرىمنى چىلىقتۇرمىساڭ بولمامدۇ، دەپ پەرياد كۆتۈرەتتىم. بىراق ئاتامنىڭ مەن بىلەن پەرۋايى پەلەك. ئىچ -

ئىچىمدىن ئۆرتىنەتتىم. ئۇنىڭغا قىلغان مۇراجىئەتلىرىم بوشقا كېتەتتى ـ دە، يەنىلا ئاۋۋالقىھالىتىمدە ئۆزۈمنىڭ ئايىغى چىقماس خىياللىرىم بىلەن ئاۋارە بولاتتىم، نېمىلا بولسا بولمامدۇ؟ دەيتتىم ئىچىمدە. ئاتامنىڭ ئىچىش، چېكىش، ئېتىشلىرى ھەسسىلەپ ئاشتى ـ دە، تېخىمۇ زەئىپلىشىپ، روھىي جەھەتتىن گويا ئىچىدىن سېسىپ كەتكەن پور كۆتەككە ئوخشاپ قالدى. مەنمۇ بولۇمسىزلىقنى يەنىمۇ روناق تاپقۇزۇش يولىدا قورساق تويغاننى بىلمەي يېدىم ـ ئىچتىم ۋە ھېلىقى ئەبجىقى چىقىپ كەتكەن كونا خىياللىرىمنى داۋاملاشتۇردۇم... ئويلىدىم، ئويۇمدا جۇشقۇن تەبىئەتلىك يېڭى بىر ئادەم بولۇپ، ئەتراپىمدا مېنى غۇلغۇلىغا سېلىۋاتقان ياتلارنى ھەيران قالدۇرغىدەك بىر كەشپىيات ياراتماقچى بولدۇم. ئوھوي، بۇ خىيالنىڭ ئىپلاسلىقىنى... ئاخىرى ئۆزۈمنى بىلىپ قالدىم. ئەسلى مەن يارىماس بىر تىرىكتاپ ئىكەنمەن. ئەسەبىيلەرچە ئىچىشمەك، خۇنسىز كۆزلەرنىڭ تىكىلىشى، ئالدامچىلىق، خۇشامەت، تەكەببۇرلۇق ئەكس ئەتكەن چىرايلار ۋە نېرۋىنى زىڭىلداتقۇچى جاز مۇزىكىسى، ياۋايىلارچە كۈلكە، كۆڭۈلنى ئايلاندۇرغۇچى غىڭىلداش، ئىپتىدائىي ۋەھشىيلىك تۈسىنى ئالغان ئەبجەش مەنزىرە ئىچىدە تويۇم بولدى.

3

قېرى ئانام شۆھرەتپەرەسلىكنىڭ خۇش پۇراقلىق مېيىنى ئوتلاشتىن تېخىچىلا توختىلىغانىدى. ئۇ، ئابروي، مەنمەنچىلىك كوچىسىدا تۇپتوغرا 50 يىل سوكۇلدىغانىدى. توي، چىللاق ۋەھاكازالاردىن تېگىدىغان تۆر، تۆت ئېغىز دەبدەبىلىك گەپ ۋە ۋالاقتەككۈر شۇم قاغىدەك قاقىلداشلار ئۇنىڭ ئۇچۇن ھاتەمنىڭ تەختىنى ئىگىلىگەن بىلەن ئوخشاش بەخت ئىدى. ئۇ ئەنە شۇ تەرىزدە كۆرمىگىلىغان قۇرۇق ھەشقاللا ۋە غەزەپلىك قارغاشلارنى ئىنئام ئالغانىدى. كىملەرنىڭدۇر ھەشەمەتلىك توي ئۆتكۈزگىنى، كىملەرنىڭدۇر قۇدا تەرەپنى ئۆيىگە چىللىۋالمىغىنىنى، كىملەرنىڭدۇر كېلىنىدىن تەلىيى چىقمىغىنىنى ۋە يەنە كىملەرنىڭدۇر بالىسىنىڭ ياش تويى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئون يىل بەختلىك ئائىلە قۇرغانلىقىنى خاتىرىلەش چېيىنى ئايرىم ـ ئايرىم ئۆتكۈزمىگىنى ھەققىدىكى يوشۇرۇن ئاغرىنىش ئارىلاشقان تۈگىمەس قارغاشلىرى ئۇنىڭ ئابرويلۇق كەسپى، بەختى، چۇشى ئىدى. مەن بۇنىڭدىن غەزەپلىنەتتىم، پۇچۇلىناتتىم. ئامالسىزلارچە تەن بېرەتتىم ۋە ئۇنىڭغا قۇللارچە باش ئېگىپ، پەرزەنتلىك بۇرچۇمنى ئادا قىلاتتىم. ئاھ، ئۇ مېنىڭ ئانام ئىدى. ئەپسۇسكى، ئۇ ئۆز نەۋرىسىنى ـ مېنىڭ يۈرەك پارەمنى بىرەر قېتىممۇ قولىغا ئېلىپ قويمايتتى. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ ئالدىراش ئىدى. تۆمۈر مۇشتلۇق غالىبلارنىڭ تۇمشۇقىغا تەڭلەنگەن قولىنى، بەدىنىگە سانچىلغان قان ئالغۇچى نەشتەرنى كۆرمەيتتى. ئەكسىچە بېشىغا دەسسەلگەن نەپس ئۆكچىلىك ئاياغلاردىن بىر خىل ھۇزۇر ھېس قىلاتتى. بۇنىڭدىن ئازابلىناتتىم. ھاماقەت ئانامنىڭ بۇنداق ئېچىنىشلىق ھالىدىن كۆزلىرىم بۇلاق بولۇپ ئاقاتتى. يەنىلا مەندىن ئانامنىڭ پەرۋايى پەلەك. مەندەك گۆمۈش ئوغلىنىڭ ئوغلىدىنمۇ ھەم شۇنداق. ئاھ، ئۇنىڭ شورپېشانە نەۋرىسى...

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

**نەيىم يوسۇپ**

# ياتار قۇياش نۇرىغا چۆمۈپ

## ئۈچ ئەۋلاد

جۇڭغار ئاسمىنى ياقۇتتەك سۈزۈك،
كۆرۈنمەس ئۇندا ئىرناقچە بۇلۇت.
كىلەر نىفىتلىك چىغىر يولىدا،
ئۈچ ئەۋلاد بىللە شادلىققا تولۇپ.

بىرى مويسىپىت-يەتمىش بەش ياشلىق،
بىرى قامەتلىك، ساغلام، شاپ بۇرۇت.
بىرى نەۋقىران بۆدرە چاچ يىگىت،
سىياقى ئۇنىڭ بەئەينى بۈركۈت.

بوۋاي قىرىق بەش يىلىنىڭ ئالدىدا
كەلگەن «يېتىمچى» بولۇپ بۇ ياققا.
قان ۋە تەرىنى تۆككەن ئايىماي
باغلاپ ئەقىدە كانغا — مايتاغقا.

بوۋاينىڭ ئوغلى—شاپ بۇرۇت ئەسلى،
نېفىتلىك ئوغلى كاندا تۇغۇلغان.
قىزىپ چۆللەردە سانسىز مايبۇلاق،
تۆھپىكار بولۇپ ئەلگە تونۇلغان.

بوۋايغا نەۋرە بۆدرە چاچ يىگىت
ئوقۇش تۈگىتىپ قايتتى بېيجىڭدىن.
ئەجدادلىرىنىڭ ئىزىنى بېسىپ،
چۈشتى چىلىشقا ئۇمۇ يېڭىدىن.

كىلەر نىفىتلىك چىغىر يولىدا،
ئۈچ ئەۋلاد بىللە شادلىققا تولۇپ.
شۇ قەدەر چەكسىز گۈزەل نىفىتلىك
ياتىدۇ قۇياش نۇرىغا چۆمۈپ.

ئىگىلىك تىكلەش بابىدىن بوۋاي
ھاياجان بىلەن سۆزلەيدۇ قىسسە.
بوۋاينىڭ ئوغلى رەقەملەر تىزىپ،
دەيدۇ: نەتىجە ئاشتى ئون ھەسسە...

يىگىت بوۋاينىڭ كەنجى نەۋرىسى
سۆزلەيدۇ پەننىڭ غالىب كۈچىنى.
ئىسلاھات بىلەن ئېچىۋېتىشنىڭ
ئۇلۇغ، شەرەپلىك ئېغىر يۈكىنى.

سۆزلەيدۇ يىگىت چىن زوقى بىلەن
غەنىيمەت پۇرسەت، گۈزەل ئەتىنى.
خۇرسىنىپ بوۋاي دەيدۇ بىر ئۆمۈر
كۈتتۇق زاماننىڭ مۇشۇ پەيتىنى...

جۇڭغار ئاسمىنى ياقۇتتەك سۈزۈك،
تۇرىدۇ قۇياش ئالتۇن نۇر تۆكۈپ.
يۈرەر ئۈچ ئەۋلاد نېفىتلىك ئىچرە،
قەلبىگە يۈكسەك ئارزۇنى يۈكۈپ.

## كاچالكا بىلەن ئىشچى

كۆرەڭلىگەن هالدا دېدى كاچالكا
ئۆتەر ئۆمرۈم نېفىت ئۇچۇن باش ئۇرۇپ:
ئاقالمايدۇ بىلسەڭ هەرگىز مېنىڭسىز،
زاۋۇتلارغا نېفىت ئەسلا جۇش ئۇرۇپ...

بېسۇۋدى كونۇپكىنى نېفىتچى،
قالدى توختاپ كاچالكا باش ئۇرۇشتىن.
دېدى ئىشچى: ئەمدى سەندە ئېيتقىنا،
باشقا چارە بارمۇ قېتىپ تۇرۇشتىن ...

ئۆزلۈكمىڭدىن باش ئۇرمايتتىڭ سەن هەرگىز
مەن تۇرمىسام سېنى ئاسراپ-باشقۇرۇپ.
بىز نېفىتكە باش ئۇرىمىز تائەبەت
مەيلى كۆكتىن ياغسۇن يامغۇر تاش بولۇپ...

مۇهەممەت مەمتېلى

## جان دوستلار

مەرتىۋەڭلەر تەڭ چېغىدا قوشماق كەبى
ئىجىل-ئىناق شۇنچە هەمسال دوست ئىدىڭلار.
كۆكۈللەردىن كۆكۈللەر سۇ ئىچكەن ئىدى،
ئۆتكەن هەر بىر مىنۇت ئۈچۈن خوش ئىدىڭلار.

ئۆستۈرۈشكە كېلىۋىدى ئەمدى بىر سان،
بىر-بىرىڭىنى ئايىماستىن غاجىدىڭلار.
ئېيتىڭلارچۇ بىر جان-بىر تەن بولغان دوستلار،
بىر كۈندىلا قانداق قىلىپ ئالجىدىڭلار؟!

## باركاللا سېنىڭ ئاچقان يولۇڭغا

بىز ياشىغان دىيارغا سەن تۇنجى بولۇپ،
ياققانىدىڭ ئىز قالدۇرۇپ گۈلخانىنى.
چۆل كېمىسى جاراڭلاتقان قوڭغۇراق،
تاڭ قالدۇرۇپ ئويغاتقانتى چۆلپانىنى.

تەۋرەتكەندە زېمىننى سەن ئەللەيلەپ،
مىليون-مىليون بۇلاق كۆزى چايقالغان.
خاسىيەتلىك ئالقىنىڭدا ۋالىلداپ،
باياۋاندا قارا ئالتۇن بايقالغان.

ئوتقاش رەڭلىك چېچەكلىگەن يۇلغۇنلار
چاچار سېنىڭ هازىر غىچە ھىدىڭنى.
سېغىنىدۇ هەر تال گىياھ، هەر تال قۇم
ئۇچاق ئېچىپ باغاش ئەتكەن تېنىڭنى.

جۇڭغار، تارىم، ئالتاي، پامىر، خوتەندىن
نەزەر سالسام ئىلى، تۇرپان، قۇمۇلغا.
هېچ قالماپتۇ سەن كەزمىگەن تاغ-ئېدىر
باركاللا سېنىڭ ئاچقان يولۇڭغا.

ئىزدەنگەننى ئاداشتۇرماي يېتەكلەر،
مەنزىل تامان گۈلخېنىڭنىڭ نۇرلىرى.
ئەل قوينىدا يالتىرايدۇ-چاقنايدۇ،
تارىخىڭنىڭ ئۆچمەس ئالتۇن قۇرلىرى.

سەن كېڭگانىت ئۆچمەس ئوبراز مەڭگۈلۈك،
ئىزلىرىڭنى بوران-چاپقۇن ياپالماس.
بىر يارامىلىق چەۋەندازمۇ تۇلپارسىز،
داۋانلارنى ئىشەنچلىك ئاشالماس.

ئوتلۇق سالام يوللاي بۈگۈن يارەنلەر،
تۆھپىمىزدە مۇجەسسەمدۇر دىدارىڭ.
يۈرىكىمدىن ۋولقان ئاتتى يالقۇنلۇق
كېيىنلوگلار ياشا! دېگەن خىتابىم.

هەسەنجان بوساق

# تەرىپىڭنى سۆيەتلەشكە ئاجىز تىلىم

## ۋەتىنىم

چاك-تۇزان تۇزۇتۇپ ئۇچقان قۇيۇنلار
مۆكچەيدى تۇسالماي قۇياش يۈزىنى.
تەلۋىلەر كۆتۈرگەن غەۋغا - ئۇيۇنلار،
دوزاخقا يول ئالدى ياشلاپ كۆزىنى.

قۇترىغان قۇزغۇنلار كۆتۈرگەندە باش،
پەرزەنتىڭ غەزىپى تاشتى بولدۇقلاپ.
تۆھمەتخور كۆزىدىن تۆكۈلگەندە ياش
ئىقبالىڭ رەناسى كۈلدى ۋىلىقلاپ.

قىرىق بىر قىش، باھار ھەمدە گۈزەل ياز،
بىر-بىرىن قوغلىشىپ ئۆتتى شۇنچە تېز.
قىرانلىق تويۇڭغا ياڭراتتۇق كۈي-ساز،
يىللارنىڭ قوينىدا ۋالىلدايدۇ ئىز.

باھارىڭ تەپتىدىن يىللىق ۋەتىنىم،
ئەزىزدۇر قۇلچىقىڭ پەرزەنتلىرىڭگە.
تەشەككۇر ئېيتىشار، شۇڭا بىتىنىم،
كۆڭۈللەر شۇ سېخىي ھىممەتلىرىڭگە.

كەڭ-داغدام ئېچىلغاچ دەرۋازاڭ بۈگۈن،
تاڭدىكى گۈللەردەك ياشنىدى دىللار.
ئىسلاھات قولىدا يېشىلگەچ تۈگۈن،
ئۇتۇقتىن سۆيۈنۈپ سايرىدى تىللار.

خانتەڭرى، كۇئېنلۇن، ئىلى ۋە تارىم،
ناخشاڭغا جور بولۇپ ئۈن قاتتى مانا.
دەريالار ئاقىدۇ نامىڭنى يادلاپ،
ۋەتىنىم جانىجان مەي ئۇلۇغ ئانا.

بىلىسەن ۋەتىنىم ئەۋلادلىرىڭنىڭ،
دىلىغا چىڭ پۈككەن ئارمانلىرىنى:
ئىشەنگىن قۇربى زور پەرھاتلىرىڭنىڭ،
تۈزەيدۇ مۈشكۈلنىڭ داۋانلىرىنى.

## گۈللۈكتىن سادا

قاندىڭ پۇراپ، سولاشتى غۇنچە،
تاشلىدىڭ - دە، دەسسەپ يانجىدىڭ.
ھۇزۇر بەرگەن گۇناھمۇ شۇنچە،
ئېيتە، نېچۈن گۈلدىن رەنجىدىڭ؟

## مەن ساڭا شۇنداق بىر ئەسەبىي ئاشىق

چۈشۈمدە نەچچە رەت سېنى كۆرگەنتىم،
كۆرگەنتىم شادلىنىپ، راسا كۈلگەنتىم.
نۇرانە ھۆسنۈڭنىڭ سۈرەتلىرىنى
سۆيگەنتىم، سۆيگەنتىم قانماي سۆيگەنتىم.

ھە، كەلدىم سالامغا سېنى پەتىلەپ،
سۆيۈشتى ئارمانلار سەكرەپ، ئەركىلەپ،
تىنىقىڭ پەرىشتە تىنىقلىرىدەك،
جېنىمغا جان قوشتى سۆيۈپ پەپىلەپ.

قوينۇڭ نۇر، ئەتراپىڭ ئىكەن چىمەنزار
سەن ئىلھام پەرىسى، سېنى تۇتتۇم يار.
بىر يۈرەك ئۈمىد بار دىلدا ھۆكۈمران،
ئارمانلار قايتىدىن كۆرۈشكەي دىدار...

ھۆسنۈڭنى كۆرمەستە بىر ئاتەش ئىدىم،
كۆردۈم-دە، ئۆزۈمنى مىڭ ئاتەش دېدىم.
ئايرىلىش ئۇتىغا قانداق چىدارمەن،
بىر چوغتىم، مەن ئەمدى مىڭ چوغنى يېدىم.

جۇدالىق دەستىدىن بولدى دىلىم لال، مەن ساڭا شۇنداق بىر ئەسەبىي ئاشىق،
سارغايغان ياپراقتەك تىترەيمەن غال-غال. بىلمىدىم بارمىكىن سەندىمۇ بۇ ھال؟...

## تەرىپىڭگە ئاز مايتاغ مىڭ قەسىدە، مىڭ داستان

ئاچچىق تولغاق، ۋايىساشتىن كۆز ئاچقاندا بىر بوۋاق،
كۆلگەندى قاقاقلاپ ئانا مايتاغ ئاشۇ ۋاق.
شۇ بوۋاقكى قاراماي ئانىسىغا قوش قوللاپ،
ئۇسسۇزلۇقنى ئىچكۈزۈپ، ئۇقچۇپ كۆلگەي ماي بۇلاق.

شۇندىن بېرى باغلىنىپ ئانا-بالا رىشتىسى
قەد كۆتۈردى جۇڭغاردا تۇنجى نېفىت ۋىشكىسى.
نېفىتچىلار ئارمىنى ئاچقىنىدا گۈل - چېچەك،
پەخىرلىنىپ ئۆلكەمنىڭ تاشتى شادلىق كۆلكىسى...

بەزى يىغلاپ، بەزى شاد قايتىلاندى تەبىئەت،
(يېشىل ۋادا تون، لىباس يەڭگۈشلىدى نەچچە رەت.)
نۇر كانىغا ئايلاندىڭ بوۋغون مايتاغ، نۇر ھۆسنۈڭ،
ھەر يۈرەكتە سەن ئۇچۇن يۇلتۇز گويا مۇھەببەت.

غەلۋىردىگە دېھقانىنىڭ ئوخشاپ قالار خىزمىتىڭ،
(«چار» دىن «چەش» نى ئايرىيسەن) سۆيۈندۈرەر مېھنىتىڭ.
سانائەتنىڭ يۈرىكى سەنسىز جانلىق سوقمايدۇ
غۇرۇرىسەن خەلقىڭنىڭ، تۈگىمەيدۇ ھىممىتىڭ.

نېمىتىڭگە تەشەككۈر ئېيتار كۆكتە شۇڭقارمۇ،
چاپالمايدۇ سېنىڭسىز يەردە پولات تۇلپارمۇ.
پەرزەنتلىرىم پەرۋازدا دەيدۇ خۇشال ھەممىشە،
ئەسىرلەرگە تومۇرداش ئاپئاق چاچلىق جۇڭغارمۇ.

چېچەكلىدىڭ، گۈللىدىڭ، كۆي تۆكمەكتە بۇلبۇللار،
ئۇلۇغلىدى شەنىڭنى دىلدىن تۆكۈپ كۆپ دۇرلار.
تەرىپىڭگە ئاز مايتاغ مىڭ قەسىدە، مىڭ داستان،
سۈرىتىڭنى سىزالماس، بەلكىم، رەڭسىز بۇ قۇرلار...

## هايات ماڭا شۇنداق ئۆگەتكەن

قەسىدىگىلا خۇشتارمۇ كۆڭلۈك،
هەزىللەرگە تاۋىلىك يوق نېچۈن؟!
يۇمۇر دېگەن تۇرمۇشقا چىۋىق،
ياشامدۇ شائىر مەدھىيە ئۈچۈن؟!

بىلسەڭ تۇرمۇش مۇرەككەپ، رەڭدار،
ئۇندا رەزىللىك، گۈزەللىكمۇ بار.
بويۇن تولغىما بەزىدە كۈلۈپ،
بەزى تەنىلەر قىلسام مەن ئىزهار.

چۈنكى رېئاللىق ئويغاتقان ئىلهام،
مېنىڭ قولۇمغا تۇتقۇزدى قەلەم.
شۇڭا گاھ كۈلۈپ يازسام قەسىدە،
گاهى ياش تۆكۈپ چېكىمەن ئەلەم.

بەزىدە ھەسەل تامغۇزسا شېئىرىم،
بەزىدە چىقار چىۋىق كۆتۈرۈپ.
هايات ماڭا شۇنداق ئۆگەتكەن،
هەيران قالمىغىن بۇ هالنى كۆرۈپ.

## سۆيەي چىۋەر قوللىرىڭغا

(قۇدۇق رېمونت ئىشچىسىغا بېغىشلايمەن)

ئاقۇلاردەك تۇرار رەت-رەت ئاپئاق ئۆيلەر،
جەزىرىگە ئاجايىپ ئۇز زىننەت بېرىپ.
ئەس - هوشۇڭنى ئېپقاچتىمۇ ماي بۇلاقلار؟
سىردىشىسەن ئار ماتورغا مەگزىلىك يېقىپ.

بارخانلارنى قۇچاقلىغان يۇلغۇنلاردا
ئايان سېنىڭ مۇھەببىتىڭ بۇ دىيارغا.
مەيلى قۇيۇن، جۇت بورانلار قىلسۇن ھەسەت،
سەن ماڭىسەن قەلبىڭ تولۇپ ئىپتىخارغا.

نېفىتلىكتە قۇدۇقلارنىڭ «دوختۇرى» سەن،
«كېسەل» قۇدۇق يوللىرىڭغا تەلمۈرىدۇ.
رەنجى شىپا تاپقىنىدا، فونتانلىرى،
مەگزىلىك سۆيۈپ، تەشەككۈرلەرياغدۇرىدۇ.

ئىسكىۋارغا چىققىنىڭدا، تۆگمەن سىياق
پىرقىرايدۇ روتۇر چىۋەر قوللىرىڭدا.
ماڭلاي تەرىڭ بەركەتىدىن نېفىت گۈلى،
ئاچار چېچەك باسقان ھەربىر يوللىرىڭدا.

خاسىيەتلىك قوللىرىڭدا پولات سىۋىچ،
ئوينار ئۇسسۇل چىققىنىڭدا ۋېرخوۋويغا.
تۇنجى بولۇپ سۆيسە سېنى تاڭ قۇياشى،
كېچىلىرى ھەمراھدۇرسەن تولۇن ئايغا.

كۈن، تۈنلىرىڭ ئۆتەر شۇنداق، لەززەت بىلەن،
يۇرسەڭمۇ گەرچۆللەر تامان ئىز قالدۇرۇپ
هەر ئىزىڭنىڭ چاقنىشىدىن چولپان خىجىل،
ئاھ، كېلىسەن يار قەلبىدە ئوت ياندۇرۇپ.

بولدى سۇيۇق قارا ئالتۇن پاياندازىڭ،
غەلىبە قۇچۇپ يانغىنىڭدا يوللىرىڭغا.
تەرىپىڭنى سۆپەتلەشكە ئاجىز تىلىم،
بەرگىن سۆيەي ئىشچان، چىۋەر قوللىرىڭغا.

ئابدۇۋايىت ئوسمان

# پەرۋانىدەك بولغىن پىداكار

## قەلەمكەش دوستلارغا

بەزىلەر دەيدۇكى يازغىنىڭ نېمە؟
ئالدىراپ شائىرلىق غېمىنى يېمە!
مەن دەيمەن شۆھرەتتىن تەمەيىم يوقتۇر،
ۋىجدانىنىڭ كېمىسى مەن چۈشكەن كېمە.
بەزىلەر كۆلىدۇ قىلغان ئىشىمدىن،
ئاراشلار ئىزدەيدۇ تۇتاش چىشىمدىن.
بەرىبىر قەلبىمنىڭ خوجايىنىمەن،
قەلىمىم چۈشمىسە بولدى ئېلىكىمدىن.
يازغىنىم ئەمەستۇر پاسىق جەندىسى،
ئەمەسمەن ئۆزۈممۇ ئەرنىڭ كەنجىسى.
ئەجرىمنىڭ مېۋىسى ئۇزۇقتۇر ماڭا
پەنجەمدىن دەردلىكتۇر تاغنىڭ پەنجىسى.
سۆيگۈم تەن خەلقىمگە يوق ئۇندا پايان
قەلبىمنىڭ ساداسى قەلەمدە ئايان،
يۈرىكىم بىر دۆۋەت، تومۇرۇم قەلەم —
قان ۋە جان خۇرۇجىدۇر سەترىمگە ھامان.

## ئەڭ گۈزەل

گۈزەللىكنىڭ تا ئەلمىساقتىن
ئۆتتۈپتىكەن تالاي پىرلىرى.
گۈزەللىكنىڭ قىممىتى بۆلەك،
ھەر دىل ئۈچۈن مولدۇر سىرلىرى.
گەر سورىساڭ نېمە گۈزەل دەپ،
ھەقىقەت، دەپ بېرىمەن جاۋاب.
بەزىلەر دەر دانالىق بىلەن
كۆلۈپ قويۇپ بۇ ئاددىي ساۋات.
شۇ ساۋاتنى بىلگەن ھەممىنىڭ
ھەقىقەتنى سۆيۈشى چاغلىق.
گۈزەللىككە ئىنتىلگەن بىلەن
پىراقىدا كۆيۈشى چاغلىق.
ھەقىقەتنىڭ بايرىقى چوغدەك،
لەپىلدەيدۇ قەلبىڭدە ھەر ۋاق.
پەرۋانىدەك بولغىن پىداكار،
ساقلا سىردا قەلبىڭنى ئاپئاق.

تۇرسۇن مۇسا

# قېچىپ كەتتى بوۋامنى كۆرۈپ

## يىتىكەن بالىلىق

قايسى كۆلگە كەتكەندۇ شۇڭغۇپ،
يىتتۇالدى قايسى چۆنەكتە.
قايسى باغدا ئورا ئوغرىلاپ،
يېپىشمەكتە مىنىپ كۆتەككە.

بەللىرىممۇ ئېگىلدى يادەك،
كۆزلىرىمدىن كەتتى نۇر قېچىپ.
لېكىن روھىم، ئۆز ئىملىدىشى
بالىلىقنى ئىزدەيدۇ چېپىپ.

## چۆچەكلىرىم

بۇرۇن، بۇرۇن خېلى بۇرۇنلا
تۇتۇۋالغان ئىدىم بىر چۆچەك.
قېچىپ كەتتى بوۋامنى كۆرۈپ،
ھېچ يەردە يوق ئۇنىڭدىن دېرەك.

سېتىۋالدىم بەكمۇ كۆپ چۆچەك،
ئىشىكىمدىن ئۆتكەن يىللاردىن.
لېكىن ئاشۇ يىتكەن چۆچىكىم،
ئورۇن ئاپتۇ نۇرغۇن دىللاردىن.

ئابدۇللا جامال

# جۇڭغار سۈرەتلىرى

## قاراماي

كۆلۈپ چىقسا شەرقتىن قۇياش،
گۈل سۈنىدۇ ھەر تاڭ قاراماي.
قاقاسلىقنى قىلىپ ئۇ باغاش،
ۋەتەن ئۈچۈن بەردى كۆپلەپ ماي.

دىيارىمىنىڭ گۈزەل شەھىرى ئۇ،
نېفىت كانى دېگەن داڭقى بار.
جەننەت خىجىل ئۇنىڭدىن ھەتتا،
جۇڭغار ئاتلىق سۆيگەن يارى بار.

## ئۆچكىلىك

ئەتراپىدا تەگرى تاغلىرى،
ئوتتۇرىسىدا تۇرار ماي بۇلاق.
ئاڭا ئۈمىد باغلاپ ئىشچىلار
ئەل بەختىگە چاچتى خۇش پۇراق.

ئەنە ئۇندا تۇرىدۇ چاقناپ،
مېھنەت بىلەن چېچىلغان ئىزلار.
ئېسىمدە شۇ مەن قازغان قۇدۇق،
ئۇنتۇلمايدۇ شۇ ئۇلۇغ ئىشلار.

## جەرەنبۇلاق

جەرەنبۇلاق تۇرار بۇلدۇقلاپ،
ياساپ مايدىن بىر ئەزىم دەريا.
ئەتراپىنى تۇرىدۇ قورشاپ،
ۋىشكىلارنىڭ ئورمىنى گويا.

كېچە - كۈندۈز سايراپ بۇرغىلار
چۆل قوينىدا ئۈمىدلەر چېچىپ.
سىمېنىدا ئىشلەر ئىشچىلار
شان - شەرەپكە قۇچاقلار ئېچىپ.

## كۆكيار

نېفىت چارلاپ بارغاندا خۇشال،
ئاچتى كۆكيار بىزگە كەڭ قۇچاق.
ئەجرىمىزدىن باغ ياساپ ئۇندا،
يۇرتىمىزغا چاچتۇق خۇش پۇراق.

ئارمىنىغا يەتتى ئىشچىلار
ئېتىلغاندا تەڭداشسىز فونتان.
نېفىت بىلەن ياسىدۇق دەريا،
ئىزىمىزدا ياشنىدى بوستان.

## كۆيباغ

كۆئىنلۈنىنىڭ باغرىدا، سايدا
گۈل ئېچىلدى چېچىپ خۇش پۇراق.
قەد كۆتۈردى ئېگىز تۇرخۇنلار،
ئانا يۇرتقا باغلاپ ئىشتىياق.

كۆيباغدا جەڭ قىزىدى راسا،
نېفىتچىلار چۇشۇپ بەيگىگە.
كېچىلەردە چاقناپ يۇلتۇزلار،
كۆچۈپ كۆكتىن ئۇنىڭ ئۈستىگە.

كۆرگىن ئۇنى دوستلار ھەۋەستە،
ئىشچى ئۇندا قۇچتى شەرەپ - شان.
بىنا بولغاچ گۈزەل بىر شەھەر،
خۇشاللىقتا چۆمدى زەرەپشان.

## كۆيۈكتاغ

بەل ئېگىلىپ، چاچ ئاقارغاندا
قەدەم باستىم كۆيۈكتاغقا مەن.
گۈل ئېچىلغاچ ئۇندا رەڭمۇ رەڭ،
خۇشاللىقتىن ياىراپ كەتتى تەن.

ئابلىممەت مۇھەممەدى

## ئانىلار ئەجرىسىز كۈلمەس بۇ ھايات

ئانىلار ئەجرىسىز كۈلمەس بۇ ھايات،
ئانىسىز ھەم روناق تاپماس بۇ ھايات.
سېنىمۇ بۇ كۈنگە يەتكۈزگەن ئانا،
ئۇنىڭسىز بۇ ئالەم نە بولسۇن ئاۋات.

مانا بۇ ھەقىقەت، بىلىپ يەت دوستۇم،
تەۋەللۇت ئۇنىڭدىن ئادەم دېگەن زات.

ئۇنىڭدىن چەكسىز بىر مېھىر چېچىلار،
يارىلار ئۇنىڭدىن ئۇلۇغ مۆجىزات.

كۆتۈرگىن بېشىڭدا ئەزىزلەپ ئۇنى،
مانا بۇ ئانىغا ئالەمچە سوۋغات.

ئابدۇكېرىم قاسىم

## قىز قىزاردى

بۇرغىچى يىگىت بوگۈن
ئىشتىن قايتىپ دەم ئالدى.
ئوقۇتقۇچى قىز ئۇنى
باغچىدا كۈتۈپ ئالدى.

قىز قىزاردى ھۆپپىدە،
يىگىت قارىدى يەرگە.

قىز ئۈيىنىسا چېچىنى،
چۆمدى ئۇ يىگىت تەرگە.

ئاي ماردى زوقلىنىپ،
پىچىرلىدى شوخ شامال.
تېپچەكلىسە قوش يۈرەك،
تەۋرىنىدۇ مەجنۇنتال.

تۇرسۇنجان ھاشمى


# چاقنىغان تىلەكلەر قىلىدۇ پەرۋاز

## تازىلىق ئىشچىسى

1

سۈبھى
سۆزلىمەكتە قىزنىڭ چېھرىدە،
لەۋلىرىدە يارقىن تەبەسسۇم.
كۆزلىرىدە
چاقناپ تۇرار پاكلىق جىلۋىسى.

2

سۈپۈرگىنىڭ ئاياغلىرىدا
ئۇچۇپ يۈرەر
چاڭ - توزان.
چاۋا - چاتقال،
ئەڭ ئاخىرقى مەنزىلى تامان.

3

كىرىپ كەتتى ئەخلەت ساندۇقىغا،
ئەخلەت بىلەن قوشۇلۇپ
بىر تال قىزىلگۈل.
ئۇ كىملەرنىڭ سۇلغان گۈلىكىن؟
ئۇ كىملەرنىڭ تولغان گۈلىكىن؟

4

كېتىپ بارار تازىلىق ئىشچىسى
خىياللارغا چىرمىلىپ،
قاراماينىڭ كەڭرى يولىدا...

## قىرغاق

ئاي قۇدۇقتا يۈيۈنغان كېچە،
قىرغاقلارنى بويلىدىم تەنھا.
ھەسرىتىمنى نامايان قىلار،
كۆزۈمدىكى ئۇيقۇسىز دەريا.
قىيا تاشنىڭ كاۋاكلىرىدىن
ئىزدىمىدىم بارماقلىرىڭنى.
تېرىۋالدىم قەدىم يوللاردىن،
سۇنۇق - سۇنۇق قارماقلىرىڭنى.
سەن مۆكۈنگەن خىلۋەت ئورماندا،
چۇقان سالار تىترەڭگۈ ئاھاڭ.
ھىدىڭ سىڭگەن شاماللىرىڭدا
ئۇچۇپ يۈرەر سەرگەردان خازان.
سەن كېلەرسەن بىر كۈنى دىلبەر،
شۇ قىرغاقتا كەچكۈز پەسلىدە.
چۆچىكىڭنى تېپىپ ئالارسەن،
كۆز يېشىمدىن ئۈنگەن قەبرىدە.

## كارۋان

ئۇپۇقتىن- ئۇپۇققا تۇتاشقان قۇم چۆل،
باغرىدا ئىسدۇ ئاتەش پۈركەپ يەل.
قامغاقلار قايمۇقۇپ ئۇچار ھەر تامان،
(پۇتمىگەن يىلتىزچۈن تۆلەپ زور بەدەل)

ئاڭلىنار يىراقتا كارۋان ناخشىسى
ۋە ئاڭا تەڭكەشتۇر كولدۇرما كۈيى.
بارخانلار كۆكسىدە قالدى سانسىز ئىز،
ھەر ئىزدا جىمىرلار تەشنالىق سۈيى.
يۇلغۇنلار تەۋرىنەر يېنىك ۋە يېنىك،

قىپقىزىل گۈللىرى گۈللەرگە ئەندازە.
مەنزىللەر ئارمانى قىنىايدۇ ھەر دەم،
چاقنىغان تىلەكلەر قىلىدۇ پەرۋاز.
كېلىدۇ كارۋانلار، كېلىدۇ جۇشقۇن
كىرپىكلەر بەرگىدە ھالقا - ھالقا ياش.
يۈرىدۇ مەنزىلگە، يۈرىدۇ تەمكىن،
ئۈمىدۋار كۆزلەردە چايقىلار قۇياش.

## تۆكۈلەر بەرگىم

1

كېچە نېمە؟ خىياللارنىڭ بۆشۈكى
ئۈۋا سالار كۆزلىرىڭگە يەر شارى.
سۈبھى تامشىپ مەست بولسەن، كۈلسەن،
يۈرىكىڭگە تامسا ئىقبال شارابى.

بەلكىم، بەلكىم چۈشلەر بىلەن چىرمىشىپ،
بوشلۇقلاردا شاھ تەختىنى قۇرۇسەن.
تاكى ئازاب چۆللىرىدە ئېچىرقاپ،
كۆكرىكىڭنى دولقۇنلارغا ئۇرۇسەن.

2

تۆكۈلىدۇ يۇمران بەرگىم تىنىمسىز،
خىلۋەتتىكى جىمجىت، تىنىق كۆللەرگە.
مەن يۈرىمەن دولقۇنلارنى يېتىلەپ،
سۈكۈت بىلەن سۈبھى سۆيگەن چۆللەرگە.

سادىر قادىر

# ئاي مۆكۈنگەن تىمتاس كېچىدە

### ئويلامدىغانسەن

بىز تونۇشقان بۇلاق بويىدا،
شۇ بۇلاقنى بويلامدىغانسەن.
مەن سېغىنسام ئەگىيمەن كېلىپ،
سەنمۇ مەندەك ئويلامدىغانسەن.

ئۆتتى يىللار ئۇچراشماي جانان،
دىدارىڭغا بولدۇم ئىنتىزار.
مەن كۈتىمەن، لېكىن سەنمۇ ھەم
ئەقىدەمگە بەرمىگىن ئازار.

كۈنلەر ماڭا بىلىنمىدى يىلدەك،
كۆز ئالدىمدا تۇرار جامالىڭ.
قىينار ئاتەش دىلىمنى ئەجەب،
كېلىپ كەتكىن بولسا ئامالىڭ.

ھىجرانىڭدا قەلبىم چېكەر دەردە
كۆرەلمىگەچ ھۆسنىڭنى جانان.
قىينىمىغىن چاڭقاق دىلىمنى،
چىن ۋىسالنى قۇچىمىز قاچان؟!

### ئايغا باقتىم

ئاي مۆكۈنگەن تىمتاس كېچىدە
خەيرلەشتۇق سېنىڭ بىلەن يار.
شۇندىن بېرى يۈرەكتە ئاتەش،
كۆرۈشەلمەي ئۆتتۇق بىز دىدار.

ھەر سېغىنسام سېنى مەن دىلبەر،
يۇلتۇزلارنى قىلىمەن ھەمراھ.
بېرەلمىدىم سۆيگۈگە تاقەت،
ئاھ، ھىجرىڭدە يۈرىكىم دەريا.

مىنۇت ماڭا بىلىنەر يىلدەك،
سەن يادىمغا يەتكەن كېچىدە.
ئۇيقۇمدىمۇ يوقتۇر ئارامىلىق
سېنى چۈشەپ ھىجران ئىچىدە.

كۆز ئالدىمدا يىراق چۆل سەھرا،
كۆكنى سۆيگەن ھەيۋەت ۋىشكىلار.
قۇدۇقلارنى تۇرىدۇ ئارىلاپ،
ئىشلەۋاتقان سانسىز ئىشچىلار.

ئايغا قاراپ ئېيتىمەن ناخشا،
ئىشق دېگەن يامانكەن شۇنداق.
قاندۇرمىساڭ سۆيگۈگە مېنى
پىغان چەكمەي قىلىمەن قانداق؟!

چىقماس مېنىڭ ئېسىمدىن زىنھار،
خوشلىشاردا ئېيتقان سۆزلىرىڭ.
نېفىت ئېلىش مېنىڭ بۇرچۇم دەپ،
خۇشاللىققا تولغان كۆزلىرىڭ.

ئۆتتى ئۇزاپ تالاي كېچىلەر،
پىنھانلاردا سېنى ياد ئېتىپ.
ئايغا باقتىم كەلمىدى جاۋاب،
بەزەن توۋلاپ مۇڭلارغا پېتىپ.

خەت يېزىپسەن ئامرىقىم يەنە،
ئىزھار قىلىپ ئوتلۇق يۈرەكنى.
ئەلمۇ رازى سەنمۇ ھەم رازى،
قىلسام ئادا كۆتكەن تىلەكنى.

ئامىنە دۆلەت

## كىتاب

كىتابىم سەن مېنىڭ كۆكۆل ئاسمىنىم،
كۈندۈزى قۇياشىم، كەچتە چولپىنىم.
سەن مېنىڭ ئېڭىمدا بىر چەكسىز دۇنيا،
سەن بىلەن پەر قاقار ئارزۇ - ئارمىنىم.

ئىمىن تۇرسۇن

## ئىناقلىق

1

ئىناقلىق ھەمىشە پەرۋازغا قانات،
پەرۋازدا ياشنايدۇ ئالەمدە ھايات.
رىشتىسى چىگىلسە دىلنىڭ دىللارغا،
بىردەممۇ تەڭ بولار تالاي يىللارغا.

يوقالسا يىرىكلىك، يوقالسا ئىللەت،
ياشنايدۇ شاخارىپ خەلق ۋە مىللەت.
كۆكۆللەر كۆكۆلدىن سۇ ئىچسە ھەردەم،
بولىدۇ ۋۇجۇدلار مەزمۇت ۋە بەردەم.
ئىناقلىق ئىشقىدا ياشاپ كېلىمىز،
بىز ئۇنى ھەممىدىن ئەلا بىلىمىز.

2

بولمىسا ئەقلۇ-پاراسەت كۆز دېگەن ئىككى كامار،
بولمىسا ۋىجدان ئوقۇڭ ياندا ئوقدانىڭ بىكار.

بولسا گەر قەلبىڭدە نۇر يۇلتۇز بولار تۇتقان تېشىڭ،
ئاپتاپ بولار ئالەم ئۈچۈن سەندىكى ھەر ئىقتىدار.
ئەل ئۈچۈن كۆيدۈڭ دېمەك پەرۋانىسەن ئەلگە ھامان،
كۆرستەر ھەتتا ساڭا بولۇتتىمۇ يۇلتۇز دىدار.
تور ئۆمرور ھايات دېگەن ئەي، ئىمىن ھوشۇڭنى يىغ،
بايقىماي باسقان يېرىڭ تاپان تورزاق ۋە ياكى دار.

3

جۇت - زىمىستان قەھرىدىن دەل - دەرەخلەر ئاھ، دېدى،
ئارچا، قارىغاي ئاقفا يېشىل يارىشىپتۇ پاھ، دېدى.
«تۇرنىلار ئۇچتى جەنۇبقا» ئۇۋۇسىنى تاشلىشىپ،
كېپىنەكلەر تىترىشىپ سولدى ئىشرەتگاھ، دېدى.
ئارچا - قارىغاي بەرگىدىن ئاقتى زۇمرەت كۆلكىلەر،
يايرىغان قارلار كۈمۈش پەيلىڭگە مەن گۇۋاھ، دېدى.
تىلغا كىردى يەر ئانا ئۆتكەن پەرزەنت ئۈچۈن،
مەڭگۈ كۆكلەم ھەر پەسىلگە كارۋان بېشى بىر شاھ، دېدى.

ئابدۇشۈكۈر ئابدۇراخمان

# ئىككى غەزەل

## جان دوستلار

تۈندە چىقساڭ تالاغا پانار ئىكەن جان دوستلار،
ئاتەش بولۇپ ئىشقىڭدا يانار ئىكەن جان دوستلار.
چۈشسە قىسمەت بېشىڭغا، بالا كەلسە قېشىڭغا،
قۇياش كەبى قوينىغا ئالار ئىكەن جان دوستلار.
يالغۇزلۇقتا تىكەندەك قالساڭ ئەگەر مۇڭلىنىپ،
ھەمدەم بولۇپ دېپىڭنى چالار ئىكەن جان دوستلار.
مەسلەكداش ئۇ ھەرقاچان، تىلەپ ياخشى تىلەكلەر،
جۇت - زىمىستان قىشتىمۇ باھار ئىكەن جان دوستلار.
سەپەردە ھاياتىڭ قىينىغاندا تەشنالىق،
ھەر دانىسى بىر بۇلاق، ئانار ئىكەن جان دوستلار،
مۇشكۇللەرگە دۇچ كەلسەڭ، ھازىر بولۇپ يېنىڭدا،
خىزىر كەبى بېشىڭنى سىيلار ئىكەن جان دوستلار.
كۆزلىرىڭدىن تامچە ياش سىرغىپ چۈشسە مەڭزىڭگە،

غەمناك بولۇپ غېمىڭنى قىلار ئىكەن جان دوستلار.
يۆلەنچۈكۈڭ، تېغىڭ ئۇ، مەڭگۇ سولماس بېغىڭ ئۇ،
تۇمۇزلاردا سايىۋەن چىنار ئىكەن جان دوستلار.
دىدارىغا قېنىۋال، باقىي ئەمەس بۇ دۇنيا،
قوينى گۈلباغ ھەم قايناق بازار ئىكەن جان دوستلار.

## شەرمەندە

قارا سۇرتۇپ يۈزىگە يۈرەر ئىكەن شەرمەندە،
رەشكىلەردە تولغىنىپ كۆيەر ئىكەن شەرمەندە.
ئۇسسۇل ئوينىاپ يىغاڭغا، كۆز يېشىڭنى مەي قىلىپ،
ئۇيالماستىن كەيپىنى سۈرەر ئىكەن شەرمەندە.
پىتنە ـ پاسات توقۇشۇپ دوستلىرىنىڭ ئۈستىدىن،
غەيۋەتلەردە غۇلاچلاپ ئۈزەر ئىكەن شەرمەندە.
گاھى قىلنى پىل قىلىپ، تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرۈپ،
چېقىمچىلار قوينىدا تۈنەر ئىكەن شەرمەندە.
بىلەپ يۈرۈپ پېيىڭغا پىچىقىنى تۇيدۇرماي،
نەيرەڭ بىرلە ئالدىڭدا كۈلەر ئىكەن شەرمەندە.
قېچىپ مېھنەت ئالدىدىن ـ داردىن قاچقان ئات كەبى،
بىراق نەدە نەپ بولسا ئۈنەر ئىكەن شەرمەندە.
تەمە قىلىپ پەلەكتىن تەييار نازۇ ـ نېمەتنى،
قۇرۇق شاختىن گۈل، ئانار كۈتەر ئىكەن شەرمەندە،
خىتاپ قىلىپ ئۈستەڭگە، ئوقۇپ دۇرۇت ـ ئەپسۇننى،
خىيالىدا مەرۋايىت سۈزەر ئىكەن شەرمەندە.
قولدىن كەتسە گەر ئامەت زەھەر ـ زوقۇم ئاش بولۇپ،
تىرىك پېتى دوزاختا كۆيەر ئىكەن شەرمەندە.
گەز ـ گەز قىلىپ باغرىنى، يالغۇزلۇقى ـ تىكەندەك،
ئاقىۋەتتە قان يۇتۇپ ئۆلەر ئىكەن شەرمەندە!!!

قادىر سىدىق

## كاناۋا

ھۆلاقلارنى چاتىسەن بىر ـ بىر،
مايلار ئاقار نولاردا شىر ـ شىر.

كارامىتىڭ ۋىشكىدا ئايان،
يەر ـ زېمىننى تىتىرىتەر دىر ـ دىر.

ئۇخچۇپ ئاققان قانلىرىڭ سېنىڭ
چۆللۈكلەرگە بېرىدۇ ھايات.
ئانا تۇپراق كۆكسىدە غەمسىز
بوۋاق كەبى كۈلسەن ھەيھات!

ئەسىرلەردۇر يۇلغۇن، شىۋاقلار،
ناخشا توۋلاپ ئۆتەر تەقدىرداش.
نېفىتچىنىڭ ئەس - ھوشى، يادى،
يوللىرىڭنى پىلانلاش، ئاسراش.

مېتىن ئېلىپ بارسام يېنىڭغا،
جۇشقۇنلايدۇ چىدام - غەيرىتىم.
خاسىيىتىڭ دوستلۇققا ئەنداز،
يۈرىكىمدە قاينار ھۆرمىتىم.

ياسىن ئىمنايەت

## ئاي دېسەم

مايتاغ قىزى جامالىڭنى ئاي دېسەم
خىجالەتتە قالار ئايمۇ ئۆزۈڭدىن.
زىننىقىڭنى چەشمە بۇلاق دېسەم گەر،
بۇلاقلارمۇ قورۇنىدۇ كۆزۈڭدىن.

تەرىپلىسەم سېنى گۈلتاغ گۈلى دەپ،
گۈلدىن ئېسىل خىسلىتىڭ بار، چېھرىڭ بار.
پاك يۈرىكىڭ ئۇخچۇپ تۇرغان بۇلاقتۇر،
ئانا يۇرتقا يېنىپ تۇرغان مېھرىڭ بار.

ئايدىن گۈزەل دەيمەن سېنى تەرىپلەپ،
نېفىتلىكنىڭ تۆھپىكارى، گۈلى سەن.
مۇنارلارنى ئارىلايسەن كۈن - تۈنلەپ،
نېفىت ئۈچۈن جان دىلىڭدىن كۆيسەن.

شۇ خىسلىتىڭ ئورناپ قالدى دىلىمغا،
پاك سۆيگۈنىڭ قەلبىمدىكى ئۈيى بوپ.
سېنىڭ ئۈچۈن كۈنلىرىم بار تۈگىمەس
قالغان مەڭگۈ غەزەلخانلار كۈيى بوپ.

ئۆمەرجان كېرىم

## جۇڭغاردا مەشرەپ باشلىدۇق

ياش ئىدۇق ئۇ چاغدا بىز،
چۆللەرگە كەلدۇق، ئىشلىدۇق.
دالدا يوق بوران - قويۇندا،
ئاش - ناندا قۇم - تاش چىشلىدۇق.

ئۆتتى يىل، قۇردۇق نېفىتلىك،
ماڭدۇق، جاپادىن قاچمىدۇق.
كېلىدۇ بايرام كۈنى دەپ،
دىللاردا شادلىق ساقلىدۇق.

ھەممىمىز چىلكەش بولۇپ،
ئېگىز داۋانلار ئاتلىدۇق.
نەۋ باھار ئىلكىدە جۇڭغار،
ھەر ياندا بوستان ياسىدۇق.

كەل قېنى، دوستۇم غېنى،
جۇڭغاردا مېھمان بول قېنى،
باغنى كۆر، گۈلشەندە ئويناپ،
جۇڭغاردا مەشرەپ باشلىدۇق.

تۇنىياز قادىر

# شېئىرلار

## ئېغىزنىڭ «پاك» لىقى

(مەسەل)

ــ يۇقتۇرماي دەپ قارىنى ھەرگىز،
كۆيۈك ناننى يېمەيدۇ ئېغىز.
ئېيتقىنىدا شۇنداق سۆزنى كۆز
قىزاردى ـ دە، دېدى مۇنداق يۈز:
ــ پاكىز ئىمىش ئېغىز بۇ گەپچە،

كۈندە چايقاپ تۇرۇلغاچ نەچچە.
ئۆلەي دېدىم نومۇستىن ھېلى،
پاكىزلارنىڭ ئەمەسكەن خىلى.
تۆھمەت قىلىپ بىراۋغا بايا،
ئۆزىنىمۇ ئايىمىدى يا...

## كۆرەلمەسكە

پىتنە ـ پاسات تېرىيدۇ يۈزلىرى داپ كۆرەلمەس،
بىر ـ بىرىگە ئوخشىماس گەپلىرى لاپ، كۆرەلمەس.
قىل تۇرۇپمۇ ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ پىل قىلىپ،
ھەتتا چۇلاق كەتمەنگە بولالماس ساپ، كۆرەلمەس.
رىشتىسىگە ئۆملۈكنىڭ ئۇرۇپ پىتنە تىغىنى
خۇش قىلىدۇ كۆڭلىنى، ئۇ نائىنساپ كۆرەلمەس.
ھۈنەر سۆيگەن ئەرلەرگە قاراپ ھەسەت كۆزىدە
تاپىنىنى مارىلاپ يۈرەر ئاقساپ كۆرەلمەس.
يامانلايدۇ ئۇنىڭدىن، ھېلى بىر دەم بۇنىڭدىن،
قىلدى بىزار ئۆزگىنى تولا ۋايساپ كۆرەلمەس.
تېشىڭ شۇنچە كەڭ تۇرۇپ ئىچىڭ شۇنداق تار ئىكەن،
بولما غەيردي نىيەتلىك، يولۇڭنى تاپ كۆرەلمەس.

## تورغاي

چۆل رەڭگىدە كىيىمنى كىيىپ،
تونىدە چىغىنىڭ توۋىدە يېتىپ.
ئويغىتىدۇ ھەر سەھەر چۆلنى،
ئۇسسۇل ئويناپ، نېپىنى چېلىپ.

باھار كېلىپ ياشىرىپ جاڭگال،
كىيگىنىدە يېشىل تونىنى.
قۇشلار ئۇچۇن كېلەر ھەر ياقتىن،
قىزىپ كېتەر سەيلە، ئويۇنى.

راھەت يەرنى ئۆتۈنۈپ بېرىپ،
تورغاي يەنە كېتىدۇ چۆلگە.
ئۆزگىلەردىن تالاشماي تۆرنى،
خۇشال سايراپ ئۆتىدۇ چۆلدە.

## ئاھ، قۇياش ئاشۇنداق سېخىي ۋە كەمتەر

سەھەردە كۆرۈنەر قۇياش گاھىدا
دېڭىزنىڭ ئاستىدىن كۆتۈرۈلگەندەك:
ئۇپۇققا تىكسە كۆز كۆرۈنەر گاھى
تۈزلەڭلىك چېتىدىن ئۆرلەۋاتقاندەك.

گاھ بىردە قارىسا، كۈلۈپ كۆز تاشلاپ
چىققاندەك بىلىنەر تاغلار ئىچىدىن.
گاھىدا ئالتۇن رەڭشايى ئوينىتىپ،
كېلىدۇ ئورمانلار، باغلار ئىچىدىن.

ئاھ! قۇياش ئاشۇنداق سېخىي ۋە كەمتەر،
ئولتۇرسا جاي ئالار پەستە پەگادىن.
يۇقىرى ئۆرلىسە، ھەممىگە ئوخشاش،
مېھرىنى تۆكىدۇ، خالىي تەمەدىن.

بۇ سانەدىكى شېئىرلارنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى. مەتىمەن بارى

ئادىل غوجالىم

# ئىككى ھېكايە

## سۇۋادان تۇۋىدە

ئادەمگە خاپىلىق، دەرد كەلسە، ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەممە نەرسە، ھەتتا يول يۇرۇشمۇ، باشنى كۆتۈرۈپ ئەتراپقا قاراشمۇ مەنىسىزدەك ھەم ئېغىردەك تۇيۇلىدۇ.

پاتقاق مايلارنىڭ چاپلىششى بىلەن تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كەتكەن كالتە قونچلۇق ئۆرۈمە ئۆتۈكنى تەستە يۆتكەپ قاتتىق سوغۇققا قارىماي قارلارنى دەسسەپ «غاچ - غاچ» ئاۋاز چىقىرىپ كېتىپ بارىمەن. ئۈستىبېشىمدا مايلىشىپ پارقىراپ تۈگمىلىرى ئۈزۈلۈپ كەتكەچكە چىلىڭ باغلانغان شىرىق پاختىلىق چاپان، قېلىن شىرىق پاختىلىق ئىشتان ھەمدە يۇڭلىرى يوقاشقا باشلىغان قۇلاقچا، ئەمما تېنىمدە قىلچىلىك ئىسسىقلىق ئالامىتى بارلىقىنى ھېس قىلمايمەن، ئىچىمدە بىر خىل سوغۇق شامال گۇركىرەپ چىقىۋاتقاندەك قىلىدۇ.

ئارقامدىن ئايالىم بالامنى كۆتۈرگەنچە كېلىۋاتىدۇ. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئۆزىلا ئەمەس، ھەتتا قار دەسسىگەنىدە «غاچ-غاچ» ئاۋاز چىقىرىشمۇ مەن ئۈچۈن يىرىگىنىشلىك بىلىنىۋاتىدۇ. بىز كىشىلەر ئۆز ئۆمرىدە بىرلا قېتىم بارىدىغان يەرگە — توي خېتى ئالىدىغان يەرگە ئىككىنچى قېتىم كېتىپ بارىمىز. توي خېتى ئالغىلىمۇ؟ ياق.بەش يىلنىڭ ياقى تۇتقان ئۆيىمىزنىڭ تارىخىغا خاتىمە بېرىش ئۈچۈن ئاجراشقىلى كېتىپ بارىمىز.

ئوغلۇمنىڭ ئەنسىز يىغلىشى بىلەن ئارقامغا ئۆرۈلۈپ قارىدىم. ئايالىم ماڭا ياشقا تولغان كۆزلىرىدە قارىدى. مەن ئىتتىك ئۆرۈلۈپ يولۇمنى داۋاملاشتۇردۇم ۋە خوتۇن - قىزلار كۆپ ھاللاردا ھەممە نەرسىنى يىغا بىلەن ئۆتكۈزۈۋەتمەكچى، ھەتتا يوق قىلىۋەتمەكچى بولىدۇ. شۇ ئارقىلىق باشقىلارنىڭ ئۆزلىرى ئۆتكۈزگەن كەمچىلىكلىرىنى كەچۈرۈۋېتىشىنى گەپ-سۆزسىز تەلەپ قىلىدۇ، دەپ ئويلىدىم. مۇشۇنىڭ بىلەن نەچچە قېتىم بولدى، ھەممە ئىش ئاشۇ كۆز يېشى بىلەن بوپتۇ قىلىنغانىغۇ. ئەمما ئۇنىڭ ھېسابىغا قانداق جاۋابلارنى تارتتىم - ھە! بۈگۈن ھېرىپ-ئېچىپ ئىشتىن كەلسەم، بىر پىيالە قايناق سۇمۇ يوق. بۇ بىر - ئىككى قېتىملىق

ئەھۋال ئەمەسقۇ؟ سىنىڭ راست دەپ
بەرسەم بېشىمغا چىققىلى تۇردى. مەنمۇ
بارلىق ياشلارغا ئوخشاش خۇشاللىق، كەل-
گۈسى بەخت ئۈچۈن مۇھەببەت باغلىغانغۇ،
توي مۇھەببەتنىڭ ئاخىرلىشىشىمىدۇ يا؟
توي قىلىپ ھەممە ئىش ئۆزگەردى. مەن
بالا باقىمەن، كىر يۇيىمەن، ئايالىم كەل-
گىچە كۆكتات ئاقلاپ، بولمىسا گۈرۈچ
دۆملەپ تۇرىمەن، بەزەن كۈنلىرى تېخى
قۇرۇق نان غاجايمەن. ئۇ ماشىنىڭ مې-
نىڭكىدىن ئۈستۈن ئىكەنلىكى ياكى مېنىڭ
ئىشچى، ئۆزىنىڭ ئىنژېنېر ئىكەنلىكىنى
پەش قىلىپ، ھەممە ئىشنى ماڭا يۈكلەپ
قويۇۋاتامدىغاندۇ؟ خىزمەت ئۇنىڭ ئۈچۈن
ئائىلىدىن، بالىدىن قىممەتلىكمۇ؟ ئۇ بول-
مىسا زاۋۇت توختاپ قالارمىدى؟ سەۋرى-
تاقەتنىڭمۇ چېكى بولىدىغۇ. ھەر قانچە
ئېغىر يىگىتمۇ مەنچىلىك بولار. مەن ئۇ-
نىڭ ئېغىرچىلىقىنى قانچىلىك
تارتتىم - ھە!

ئىككى كۈندىن بېرى زاۋۇتنى چوڭ
رېمونت قىلىدىكەنمىز دەپ چىقىپ كېتىپ،
ئەل ياتقۇدا ياكى ئەتىسى كېلىۋاتقىنىنى
دېمەمسىلەر تېخى! ئەتىگەندە بالىنىڭ
كىيىمىنى كىيگۈزۈش، يەسلىگە ئاپىرىش،
قۇرۇق نان غاجىلاش، بالىنىڭ چىرقىراپ
يىغلىشىنى ئاڭلاش ... مەن ھەممىدىن
زېرىكتىم. مىجەز جەھەتتىن كېلىشەلمەيدى-
كەنمىز، ئەلۋەتتە ھەر قايسىمىز ئۆز يول-
مىزنى تېپىشىمىز كېرەك. ئۇ خىزمەت
ئۈچۈنلا تۇغۇلغانىكەن، ئۇنىڭغا تۇرمۇشنىڭ،
ئۆينىڭ نېمە كېرىكى؟ بۈگۈنلا مەندىن
قۇتۇلۇپ ئازاد بولۇپ، ياتىقىنى زاۋۇت
ئىچىگە ئەكىرىپ كەتسۇن...

ئاچا يولغا كەلگەندە خىيالدىن بې-



شىمنى كۆتۈرسەم، ئايالىم مىسكىن ئاقباش
مومايغا ئوخشاپ قالغان دەرەخنى قۇچاق-
لىغىنىچە ئۇن سېلىپ يىغلاپ تۇرۇپتۇ.
ئوغلۇم بولسا ئاپىسىنىڭ پېشىنى تۇتقانچە
بىر ماڭا، بىر ئاپىسىغا قاراپ ئاغزىنى ئۈم-
چەيتىپ تۇراتتى. مەن ئاستا مېڭىپ
دەرەخ تۈۋىگە يېقىنلاشتىم ۋە ئورنىمدا
قېتىپلا تۇرۇپ قالدىم. چۈنكى بۇندىن
بەش يىل بۇرۇن ئاۋغۇست ئايلىرىنىڭ
ئوتتۇرىلىرىدا مۇشۇ دەرەخ قېشىدا تونجى
مۇھەببەتلەشكەن ۋاقتىمىزدا دەرەخكە

قەلەمتىراش بىلەن «مەن سىزنى مەڭگۈ
ياخشى كۆرىمەن» دەپ يازغان خېتىمگە
كۆزۈم چۈشۈپ قالغانىدى.

بەش يىلنىڭ ياقى بۇ ئىزلار يوقاپ
كەتمەپتۇ، ئەكسىچە دەرەخ يوغىناپ ئۆس-
كەنسېرى بۇ خەتلەر تېخىمۇ ئېنىق كۆز-
گە تاشلىنىدىغان بولۇپ قاپتۇ. مەن شۇ
ۋاقىتتا ئۇنىڭغا: مەن سىزگە بىر ئۆمۈر
ھەمراھ بولىمەن. يېڭىلىق يارىتىشىڭىزغا،
نەتىجىگە ئېرىشىپ شان - شۆھرەت قازىنى-
شىڭىزغا يار - يۆلەك بولىمەن، دەپ قايتا-
قايتا ۋەدە بەرگەنىدىم...

شۇ زامات پۈتۈن ۋۇجۇدۇم ئوت ئى-
چىدە قالغاندەك بولدى. بۇ ئوت بەش
يىل بۇرۇنقى ئوتتەك يالقۇنلۇق ئىدى.
بەش يىل بۇرۇنقى مۇھەببەت ئوتى قاي-
تىدىن يانغاندەك بولدى. تۇرمۇشتىكى
ئۇششاق - چۈششەك كۆڭۈلسىزلىك تۈپەيلىدىن
مۇھەببەت چوغىنى نېپىز بىر قەۋەت
كۈل قاپلىۋالغان ھالەتتىمۇ ۋاقتى كەلگەن-
دە يالقۇنجاپ تۇرىدىكەن.

مېنىڭ شۇ تاپتا ۋىجدانىم ئازابلان-
ماقتا، ئايالىمنىڭ كۆزلىرىدىن ياش تارام-
لاپ ئېقىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كۆزىگە تى-
كىلدىم. راستتىنلا مۇھەببەت ئۆلمەيدىكەن.
ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ قات - قېتىدىن ماڭا
بولغان مۇھەببىتى يېلىنجاپ تۇرىدۇ. ئۇ
بېشىنى مۈرەمگە قويغىنىچە تېخىمۇ ئۈنلۈك
يىغلاپ كەتتى.

ئەتراپ ئاپئاق قار بىلەن قاپلانغان
بولسىمۇ، ئۆزۈمنى شۇ تاپتا باھارنىڭ
ئىللىق قوينىغا كىرىپ قالغاندەك ھېس
قىلدىم. مەن ئارقامغا بۇرۇلۇپ ئاپئاق
چاچلىق مومايغا ئوخشاپ قالغان دەرەخكە
قارىدىم ۋە ئىچىمدە ئۇنىڭغا رەھمەت
ئېيتتىم. چۈنكى مۇھەببىتىمىزنىڭ گۇۋاھ-
چىسى بولغان بۇ دەرەخ بىزنى ئازابلىق
يولدىن قۇتقۇزۇۋالغانىدى. شۇڭا بىز
خۇشال - خۇرام ھالدا ئۆيىمىزگە
قايتتۇق.

## ئاداۋەت

يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان شۆھرەت
بەكلا خۇشال. ئەتىگەنلىرى ئاپىسى ئۇنىڭ
چۆگۈنگە سۇ قۇيۇشىدىن ئويغىنىپ كېتى-
دىغان بولدى. ئۇ ئۆزۈندىن بېرى تولىمۇ
ھەۋەس قىلغان مەكتەپ ئۆسمۈرلەر پۇتبول
كوماندىسىغا ئەزا بولغانىدى. چۈشتىن كې-
يىنكى مۇزاكىرە تۈگىشى بىلەنلا مەكتەپتە
مەشىق باشلىناتتى. ئۇ مەشىققە ھەممىدىن
بۇرۇن باراتتى ھەم ھەممىدىن كېيىن
قايتاتتى. تېخى بەزىدە مۇئەللىمدىن
توپ ئارىيەت ئېلىپ، ھويلىسىنىڭ تېمىغا
تېپىپمۇ مەشىق قىلاتتى.

بۈگۈن يەكشەنبە، ئۇ مۇئەللىمدىن
ئارىيەت ئالغان توپنى يولغا تۇتاشقان
ھويلىسىنىڭ تېمىغا بور بىلەن سىزىلغان
چەمبەرنى قارىغا ئېلىپ تېپىۋاتاتتى. ئۇ-
نىڭ كەيپىياتى ياخشى ئەمەسمۇ ياكى مەشىق
ئېغىر كەلگەنمۇ ئىشقىلىپ تەپكەن
توپلىرىنىڭ كۆپىنچىسىنى نىشانغا تەگكۈ-
زەلمىدى. ئۇنىڭ ئاخىرقى قېتىم تەپكەن
توپى تۇيۇقسىز تام ياقىلاپ ئويناپ كېلى-
ۋاتقان قوشنىسىنىڭ 3 - سىنىپتا ئوقۇيدى-
غان يالغۇز ئوغلى — قۇربانىنىڭ بۇرنىغا
تەگدى. ئۇ ۋايجان دەپ ۋارقىرىغىنىچە

بۇرنىنى تۇتقان پېتى جايىدا ئولتۇرۇپ قالدى. شۆھرەت قۇرباننىڭ ئاغزى - بۇرنى قانغا بويالغانلىقىنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتتى ۋە يۈگۈرۈپ يېنىغا باردى - دە، نېمە قىلىشنى بىلەلمەي:

— خاپا بولما ئۇكام، قەستەن تەپمىدىم. يىغلىمىغىن، ئۆيگە كىرىپ ئاغزى-بۇرنىڭنى يۇيۇپ قوياي، بۇرنىڭغا پاختا تىقىپ قويسا قان توختايدۇ، — دېدى. قۇربان تېخىمۇ يىغلاپ، بۇرنىدىن ئاققان قاننى قولى بىلەن سۈرتكىلى تۇردى.

— ئۇكام، بېشىڭنى تۆۋەن تۇتمىغىن، ئاسمانغا قارا، بولمىسا قان جىق ئېقىپ كېتىدۇ، — شۆھرەت نېمە قىلاردىنى بىلەلمەي، يانچۇقلىرىنى ئاختۇرۇشقا باشلىدى. قاننى سۈرتكىدەك ھېچ نەرسە چىقمىدى. ئاخىرى ئاپىسى تېخى ئالدىنقى كۈنى ئېلىپ بەرگەن ئەترەڭ شەپكىسى بىلەن قۇرباننىڭ بۇرنىدىكى قاننى سۈرتۈشكە باشلىدى.

ھەممە باللار ئۇلارنىڭ ئەتراپىغا توپلىشىشقا باشلىدى. باللارنىڭ بەزىلىرى بۇرنىدىن قان كۆپ ئېقىپ كەتتى، ئەمدى يېرىم جان بولۇپ قالىسەن دېيىسە، بەزىلىرى ئوغۇل بالا دېگەن باتۇر بولىدۇ. مۇشۇنچىلىك ئىشقىمۇ يىغلامسەن دەيتتى. قۇربان يىغىسىدىن خېلى پەسىيىپ قالدى. ئەمما باللارنىڭ بىرسى: «قۇربان، ئاپاڭ كەلدى» دەپ قولى بىلەن ئالدى تەرەپنى كۆرسەتتى، ئاپىسىنى كۆرگەن قۇربان يىغىسىنى قايتا باشلىدى ۋە ئاپىسىغا قاراپ يۈگۈردى.

شۆھرەت قانغا بويالغان شەپكىسىنى تۇتۇپ، قۇرباننىڭ ئاپىسىغا قاراپ ئويلىنىپ قالدى. قاچايمۇ يا؟ مۇئەللىم خاتا ئىش قىلىپ قويغان ئادەم خاتالىقىنى تونۇپ ئۇنى تۈزەتسە بولىدۇ دېگەنىغۇ! مەن توپنى قەستلەپ تەپمىگەندىكىن... ھەي، قۇرباننىڭ ئاپىسىنىڭ ئاچچىقى يامان، مېنى ئۇرۇپ ياكى تىللاپ قويارمۇ؟ قاچايمۇيا؟ ئۇ ئويلىنىپ، ئاخىر بۇ ئىشنى چۈشەندۈرمەكچى بولۇپ قۇرباننىڭ ئاپىسىنىڭ ئالدىغا ماڭدى. قۇرباننىڭ ئاپىسىمۇ چىرايلىرى ئۆزگىرىپ، قاپاقلىرى تۈرۈلگەن ھالدا شۆھرەتنىڭ ئالدىغا كېلىۋاتاتتى. قۇرباننىڭ ئاپىسىنىڭ ئاچچىقى راستتىنلا يامان بولۇپ، يالغۇز ئوغلى قۇربان ئۈچۈن ھەرقانداق ئىشتا تىك تۇراتتى. باللار بىلەن بىرەر نەرسە تالىشىپ قالسىمۇ ئارىلىشاتتى. ئۇ يىراقتىنلا قولىنى شىلتىپ:



— سەن ھەر دائىم مېنىڭ بالامنىلا ئۇرامسەن؟! بۇ مەھەللىگە سېنىڭ دەستىڭدىن مېنىڭ بىر ئوغلۇم سىغمامدۇ؟! — دېگىنىچە ئۇرۇۋېتىدىغاندەكلا ئەلپازدىنى بۇزۇپ كەلدى.

— ئاچا مەن، ئۇرمىدىم، تەپكەن توپىم تۇيۇقسىز...

— ھۇ، يېتىم ئوغلاق، ئۇقۇشماسلىقتىن بولدى دەپ ئاغزى-بۇرنىنى قان قىلىۋېتەمسەن؟! ئۆتكەندىمۇ شۇنداق قىلدىڭ، سەن زادى ئاداۋەت ساقلاپ ئۆتكەنكى ئىشتىن ئىنتىقام ئالماقچى بولۇۋاتاتتىڭ. مانا بۈگۈن ئاغزى-بۇرنىنى قان قىلىۋېتىپسەن، ئەمدى مۇرادىڭغا يەتكەنسەن!— قۇرباننىڭ ئاپىسى كەلگەنچە شۆھرەتنىڭ ياقىسىدىن ئالدى. ئۇ ئېگىز ھەم سېمىز بولغاچقا، ئورۇقىنا شۆھرەتنىڭ ياقىسىدىن تۇتۇپ خېلىلا كۆچەپ دېگۈدەك ئىككى-ئۈچ سىلكىشلەپ قويۇپ بېرىۋىدى، شۆھرەت ئۆزىنى دەڭسىيەلمەي تاشقا پۇتلىشىپ يىقىلىپ چۈشتى.

ئۇلارنىڭ ئەتراپىغا ئادەملەر يىغىلىشقا باشلىدى. قۇرباننىڭ ئاپىسى بۇنى كۆرۈپ، قىلغان ئىشىدىن خىجىل بولدىمۇ، ئىشقىلىپ «ئۆزۈڭگىمۇ ئاز، دائىم شۇنىڭ قويىنىدىن چىقالمايسەن» دەپ قۇربانغا كايىغىنىچە ئۇنى ئالدىغا سېلىپ ئۆيىگە كىرىپ كەتتى.

شۆھرەت يىقىلغان يېرىدىن تۇرۇپ قۇرباننىڭ ئاپىسىنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ قالدى. ئۇنىڭ پېشانىسى خېلىلا سۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇ يەردىن قان چىقىۋاتاتتى، ئۇ ياش تولغان كۆزىنى قاتتىق بىر يۇمۇۋېتىپ، يەردىكى توپىنى ئالدى-دە، ئانىسىغا يەنە كۆڭۈل ئاغرىقى تېپىپ بەرمەسلىك ئۈچۈن، مەكتەپ توپ مەيدانىغا ماڭدى ۋە قۇرباننىڭ ئانىسىنىڭ سۆزىنى ئەسلىدى.

بۇندىن بىر ئاي ئىلگىرى كۈن تازا ئىسسىق ئىدى. ئۆيدە تاماق ئەتسە بەك ئىسسىپ كەتكەچكە، شۆھرەتنىڭ ئانىسى تاماقنى ھويلىدا ئېتەتتى. بىر كۈنى شۆھرەتنىڭ ئانىسى ھويلىسىدىكى چوڭ سۆگەت دەرىخىنىڭ سايىسىدە چۆچۈرە ئېتىۋاتاتتى. تۇيۇقسىز شاخلار ئارىسىدىن قوش مۇشتىچىلىك چالما قازانغا چۈشۈپ كەتتى. پىشقان بىر قازان چۆچۈرە چالما چۈشتى بىلەن زايا بولدى. دەرەخ سايىسىدە كىچىك ئۈستەلنى قويۇپ تاماق يېيىش ئۈچۈن قوشۇقلارنى تەييارلاۋاتقان شۆھرەت قازانغا چۈشۈپ كەتكەن چالمىنى كۆرۈپ تالاغا يۈگۈرۈپ چىقىپ، خىيالىدا يوق ئۆزىنى تامغا تىرەپ دەرەختىكى قۇشقاچقا چالما ئېتىش ئۈچۈن تەمشىلىۋاتقان قۇرباننى كۆرۈپ قالدى. ئۇ بىرىپلا قۇرباننىڭ قولىدىكى چالمىلارنى ئۇرۇپ چۈشۈرۈۋېتىپ، «سەن بىر مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى تۇرۇپ، ئەدەبسىزلىك قىلىپ خەقنىڭ ھويلىسىغا چالما ئاتامسەن، سەن ھازىر بىر قازان ئاشنىڭ بېشىغا چىقتىڭ» دەپ ئۇنىڭغا قاتتىق ۋارقىرىغانىدى.

ئەركە چوڭ بولغان قۇربان يىغلاشقا باشلىدى. ئاڭغىچە ئاپىسى چىقىپ، «كىچىككىنە ئىش ئۈچۈن ئوغلۇمنى نېمىشقا ئۇرىسەن» دەپ شۆھرەتنى بىر مۇنچە سىلكىشلىدى. قۇرباننىڭ ئاپىسىنىڭ «ئاداۋەت ساقلاپ ئۇرۇۋالدىڭ» دېگىنى شۇ ئىش ئىدى. شۆھرەت بىر قولىدا توپىنى، بىر قولىدا شەپكىسىنى تۇتۇپ كۆزىدىن چىقىۋاتقان ياشلارنى كۆزىنىڭ ئىچىگە ياندۇرۇۋەتمەكچى بولغاندەك لەۋلىرىنى چىشلەپ يۈگۈرگىنىچە مەكتەپ تەرەپكە كەتتى.

بۇ ئىش بولۇپ ھەپتە ئۆتمەستىنلا مۇنداق ئىش يۈز بەردى. قاتتىق يامغۇردىن

كېيىن ھاۋا ئانچە ئېچىلىپ كەتمە-
گەندى. شۆھرەت مەكتەپتىن توپ مەش-
قىنى تۈگىتىپ ۋاقچىراق قايىتتى. يول
بويىدىكى ئانچە كەڭ بولمىسىمۇ، خېلى
چوڭقۇر كۆلنىڭ يېنىغا كەلگەندە، بىر -
بىرىنى ئىتتىرىشىپ ئويناپ كېلىۋاتقان ئىككى
بالىنىڭ بىرى پاتقاق يەرگە تېيىلىپ كې-
تىپ، كۆلگە چۈشۈپ كەتتى. كۆل بويى-
دا قالغان بالا ئەنسىزلىك بىلەن ۋارقى-
راشقا باشلىدى. كۆلگە چۈشۈپ كەتكەن
بالا سۇدىن بېشىنى بىر چىقىرىپ، بىر
چۆكۈرۈپ، ئىككى قولىنى قالايمىقان پۇ-
لاڭلىتىپ ۋارقىراۋاتاتتى.

شۆھرەت ئۇنى يىراقتىن تونۇدى.
ئۇ ھېلىقى قۇربان — شۆھرەتنىڭ پېشا-
نىسىدىكى ھازىرغىچە ساقايمىغان، ئاپىسى
سىلاپ تۇرۇپ يىغلىغان يارىنىڭ پەيدا
بولۇشىغا سەۋەبچى بولغان قۇربانىدى.
شۇڭا ئۇ سەل - پەل ئارىسالدى بولدى،
لېكىن قاراپ تۇرۇشقا ۋىجدانى چىدىمىدى.
ئىختىيارسىز ھالدا بويىنىدىكى بوغچىسىنى
تاشلاپ يۈگۈرگىنىچە ئۆزىنى كۆلگە ئاتتى.

ئۇ سۇ ئۈزۈشنى يېزىدىكى مومىسى-
نىڭ ئۆيىدە تۇرغان چاغلاردا ئۆگىنىۋال-
غانىدى، بۇ ئىشنى ئۇقۇپ دەرھال يېتىپ
كەلگەن كىشىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن قۇر-
بانىنى قىرغاققا ئېلىپ چىقتى. ئۇ بۇ
جەرياندا ئاچچىق لاي سۇدىن بىر نەچچە
يۇتۇم ئىچىۋەتتى. شۆھرەت چىلىق - چى-
لىق سۇ بولۇپ كەتكەن چاپىنىنى سالغاچ،
باشقىلارنىڭ قۇرباننىڭ قورسىقىدىكى سۇنى
قۇستۇرۇۋاتقانلىقىغا قاراپ تۇراتتى. بالىلار
قۇرباننىڭ ئاپىسىنى باشلاپ كېلىۋاتاتتى،
قۇرباننىڭ ئاپىسى چاپىنىنىڭ ئالدىنىمۇ
ئەتمىگەن بولۇپ، چىرايىدا قان يوق
ھالدا ئالدىراپ كەلگەنچە ئوغلىنى باغرىغا
باستى. بۇ ۋاقىتتا قۇربان خېلىلا ئېسىگە
كەلگەنىدى.

قورقۇپ كەتكەن بۇ بالا ئاپىسىنى
كۆرۈپ يىغلىغىنىچە ئۇنىڭ باغرىغا تېخىمۇ
چىڭ يېپىشتى، قۇرباننىڭ ئاپىسى توپ
ئىچىگە كۆز يۈگۈرتۈپ كىيىملىرىنى سىقىپ
بولۇپ سىلكىۋاتقان مايكىچان شۆھرەتكە
قاراپ ئورنىدىن تۇردى - دە، ھاياجانلان-
غانلىقىدىن ئاغزىغا گەپمۇ كەلمىگەن بولسا
كېرەك، قوللىرىنى كەرگەنچە شۆھرەتنى
چاپىنىغا يۆگىدى. شۆھرەتنىڭ پېشانىسى-
دىكى يارىسى سويۇلۇپ كەتكەنلىكتىن،
قان ئۆرلەپ تۇراتتى. قۇرباننىڭ ئاپىسى
يېنىدىن پاكىز قول ياغلىقىنى ئېلىپ
سۈرتۈپ، ئۇنى باغرىغا چىڭ باستى.

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

ھەبىبۇل ھاجى

# سوۋغات

(ھېكايە)

ئۇ بۈگۈنمۇ كەلدى. بۇ ئۇنىڭ باشقارما باشلىقى ئەيسانىڭ ئالدىغا يەتتىنچى قېتىم كېلىشى ئىدى. ئۇ ھەر قېتىم كەلگەندە، باشقارما باشلىقىنىڭ ياخشى قارشى ئېلىشىغا ئېرىشەتتى-يۇ، لېكىن يەنىلا «ئېمىزگە» ئېمىپ قايتىپ كېتەتتى. شۇڭلاشقا ئۇ بۈگۈن باشقىچىرەك يول تۇتماق بولۇپ كەلگەندەك تۇراتتى. قولىدىكى ئېغىر سومكا ئۇنى بىر تەرەپكە قىسايتىۋەتكەنىدى. لېكىن روھلۇق، تېتىك كۆرۈنەتتى.

— باشلىق، — دېدى ئۇ قولىدىكى ئېغىر سومكىنى خىزمەت ئۈستىلىگە قويغاچ، — مانا ئالدىلىرىغا يەنە كېلىپ قالدىم. ئالمىشىش ئىشىم ئۆزلىرىگە قاراشلىق بولغاندىكىن، مانا مۇشۇنداق ئاۋارە قىلىدىغان گەپكەن... — ئۇ سۆزلەۋېتىپ سومكىنىڭ سىيرىتمىسىنى بىر ياققا سىيرىۋىدى، چېخوسلوۋاكىيىدە تىكىلگەن پەلتۇ مانا مەن دەپلا چىقىپ قالدى... — سىلى ئاتىدارچىلىق قىلمىسىلا بىزنىڭ بېشىمىزنى كىم سىيلايدۇ. بىزمۇ ئادەم بالىسى بولغاندىكىن، سىلىنىڭ ياخشىلىقلىرىنى ئۇنتۇپ قالماسمىز، — ئۇ پەلتۇنىڭ بىر پېشىنى سەل كۆتۈرۈپ قويۇپ، كونۋېرتقا سېلىنغان ئىلتىماسنى باشقارما باشلىقىنىڭ ئالدىغا قويدى.

— ئالمىشىش ئىشى راستىنلا تەس بولۇپ كەتتى، — دېدى باشقارما باشلىقى سومكىدىن بىر پېشى چىقىپ قالغان پەلتۇغا ئاچكۆزلۈك بىلەن قاراپ، — ھەرھالدا سىز كۆپ يول مېڭىپ كەتتىڭىز، ئەمدى ھەل قىلىپ بەرمىسەكمۇ بولماس. ئۇنىڭ ئۈستىگە سىزنىڭ ئالمىشىش ئىشىڭىز پرىنسىپقا ئۇيغۇن كېلىدۇ. لېكىن-زە، ئالىدىغان ئورۇن يوق، بىر مەھەل تۇرۇپ قالغانىدىڭىز، ئەمدى ھەل قىلىۋېتەيلى.

باشقارما باشلىقى سومكىغا قاراپ ھەممە ئىشنى چۈشەنگەنىدى. بۇ قىممەت باھالىق پەلتۇ ئەتىلا ئۇنىڭ ئۇچىسىغا چىقىدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ پەقەت ئىككى جۈملە سۆزىلا كېرەك. ئەمما، مۇنۇ سومكا يامان يەردە تۇرۇپ قالدى. بىرەرى كىرىپ قالسا...

— سومكىنى ماۋۇ يەرگە قويۇپ قويايلى، — دېدى باشلىق قولىنى ئۇزىتىپ. بىراق ئۇ باشلىقتىنمۇ ئاۋۋالراق قولىنى ئۇزىتىپ، سومكىنى خىزمەت ئۈستىلىنىڭ يان تەرىپىگە ئېلىپ قويدى. باشلىق خاتىرجەم بولدى، چۈنكى سومكا ئۇنىڭ پۇتىنىڭ يېنىدىلا چوقچىيىپ تۇراتتى.

— قېنى، ئىلتىماسىڭىزنى ئېلىڭا، — دېدى باشلىق ئۆزى نەچچە قېتىم كۆرۈپ



پۇرلىشىپ كەتكەن قەغەزنى قولىغا ئېلىپ، — ھە، مانا، ئائىلە قىيىنچىلىقى، خىزمەت ئورنىنىڭ قولايسىزلىقى، كەسپىنىڭ توغرا كەلمەسلىكى، پاھ سەۋەبلەر ئېنىق، مۇشۇنداق يازمىدۇ ئىلتىماس دېگەننى، ئۆتكەنكى ئىلتىماسىڭىز ئىلتىماسقا ئوخشىماي قاپتىكەن، ياخشى، بۇنى ھازىرلا بېجىرەي، — باشلىق ئاللىقاچان تەييارلىنىپ قويۇلغان يۆتكىلىش ئالاقىسىنى چىقىرىپ ئاستىغا ئىمزاسىنى قويدى. تارتىمىدىن تامغىنى ئېلىپ ئوبدان سۇرۇقلاپ تۇرۇپ پەم بىلەن باستى.

— مانا پۈتتى، ئەمدى رەسمىيەت بېجىرسىڭىز بولىدۇ.

ئۇ باشلىقنىڭ قولىدىن ئالاقىنى ئېلىۋاتقاندا قوللىرى تىترەپ كەتتى. چۈنكى ئۇ ئىشنىڭ بۇنداق تېز ھەم كۆڭۈلدىكىدەك ھەل بولۇشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى.

—رەھمەت باشلىق، رەھمەت، — دېدى ئۇ قولىدىكى ئالاقىنى سومكىسىغا سېلىپ سىرتىمىسنى ئېتىۋېتىپ، — سىلىنىڭ ياخشىلىقلىرىنى ئۆمۈرۋايەت ئۇنتۇمايمەن.

ئۇ مېڭىشقا تەمشەلگەندە، باشلىقنىڭ چىرايىدا قان قالمىدى. چۈنكى بۇ پەمسىز كىشى پەلتۇنى سومكىدىن چىقىرىشنى ئۇنتۇپ قېلىپ، ئېلىپ چىقىپ كېتىشكە تەمشىلىۋاتاتتى.

—ھوي، ئاۋۇ پەلتۇ ...— دېيەلىدى باشقارما باشلىقى ئۇنىڭغا بېشارەت بېرىپ.

— ھە، پەلتۇنى دەملا، بۇنى بازاردىن ئالدىم دېسىلە. ھازىر مۇشۇنداق پەلتۇ مودا بولۇپ قاپتۇ. بىزمۇ كىيىپ باقايلى. سىلىگىمۇ لازىممىدى، ئەگەر لازىم بولسا يەنە بىرنى ئالارمىز.

— ياق، ياق، مۇنداقلا سوراپ قويدۇم، — باشقارما باشلىقى لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇ كىشى يەنە بىر قېتىم رەھمەت ئېيتىپ چىقىپ كەتتى. باشقارما باشلىقىنىڭ پۈت - قولى بوشاپ كەتتى. كۆزىگە بۈچقۇنغا ئوخشاش ئىمىر - چىمىر نەرسىلەر كۆرۈنۈپ، ئۆي پىرقىرىغاندەك بىلىندى. كۆڭلى ئاينىپ قۇسقىسى كەلدى - يۇ، ئاغزىدا نەملىك قالمىغاچقا، بوغۇزىغا كەلگەن تۈكۈرۈكنى غورتىدە يۇتۇۋەتتى.

مەسئۇل مۇھەررىر روزىمەھەممەت جۇمە

ئابدۇرېشىت نىياز

# ئىككى ھېكايە

## نومۇس

ئۆتىنچى سىنىپتا ئوقۇيدىغان چاغلىرىمدا ئاتالمىش «ئىنقىلاب» باشلىنىپ، ئامالسىز ئوقۇشۇمنى داۋاملاشتۇرالماي قالغانىدىم. يېشىم سەل چوڭىيىپ ئاق-قارىنى پەرق ئەتكۈدەك بولغان چېغىمدا، مەنمۇ شوئار توۋلايدىغانلار قاتارىغا ئۆتۈپ، مەكتەپتە ئۆگەنگەن نەرسىلەرنىمۇ ئۇنتۇشقا باشلىدىم. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۆگەنگەنلىرىمنىڭ ھەممىسى يادىمدىن چىقتى. ئۇلارنى چۈشۈمدىكىدەك ھېس قىلىدىغان بولدۇم ... مانا ئەمدى بالىلىرىمنىڭ چوڭى ئۆتىنچى سىنىپتا ئوقۇيدىغان بولۇپ قالغان چاغدا بولسا ساۋاتسىزلار قاتارىغا ئۆتۈپ قالدىم. ئاتتىن چۈشسىمۇ، ئۈزەڭگىدىن چۈشمەپتۇ، دېگەندەك ئاغىنىلەر ئارىسىدا ئۇنى-بۇنى دەپ چاندۇرماي يۈرسەممۇ، لېكىن بالىلىرىم ئۇنى سوراپ، بۇنى سوراپ يۈرۈپ ئاخىرى مېنىڭ ھېچنېمە بىلمەيدىغانلىقىمنى سېزىپ قېلىشتى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە مۇنداق بىر ئىش يۈز بەردى:

بىر كۈنى ئاغىنىلەر بىلەن بىزنىڭ ئۆيدە ئولتۇرۇشماقچى بولدۇق. ئايالىم تېخى ئىشتىن كەلمىگەچكە، بالىلىرىم ئۆينى بېشىغا كىيىشكەنىدى. مەن ئاغىنىلىرىمدا بالىلىرىنىڭ ئۆگىنىشىگە كۆڭۈل بۆلىدىكەن، دېگەن تۇيغۇنى پەيدا قىلىش ئۈچۈن قەستەنگە:

— ئۆينى قالايمىقان قىلىۋېتىپسىلەرغۇ، تاپشۇرۇقنى ئىشلەپ بولدۇڭلارمۇ؟ — دەپ بالىلىرىمنى سوراققا تارتقىلى تۇردۇم.

— ھەئە، ئىشلەپ بولدۇم، — چوڭ ئوغلۇم ئۆزىگە ئىشەنگەن ھالدا دېدى.

— ھە، يارايسەن، ئەكىلە، مەن كۆرۈپ باقاي.

ئوغلۇم دەپتىرىنى ئېلىپ بەردى. گەرچە دەپتەردىكى سان-سىفىرلارنى بىلسەممۇ، لېكىن ئىشلىگەن ياكى ئىشلىمىگەنلىكىنى بىلەلمىدىم. شۇڭا چاندۇرمايلا:

— ھە ياخشى، ۋاراڭ-چۇرۇڭ قىلماي تىنىچ ئويناڭلار، — دەپ دەپتىرىنى قايتۇرۇپ بەردىم. شۇ ئەسنادا بىر ئاغىنەم:

— ئەكەلگىنە، بىر كۆرۈپ باقاي، قانداقراق ئىشلىدىكىن، — دەپ دەپتەرنى قولىغا ئالدى ۋە بىر قاراپلا:

— ھوي، تېخى ئىشلىمەپتىغۇ، بېرىلگىنى

شۇ پېتى تۇرمامدۇ؟ كۆزى ئوچۇق قارىغۇنىڭ، تېخى چاندۇرماي ياندا پ ئۆتەي، دېگەن يەرلىرىگىكەن-دە،بۇ! — دەپ مېنى مازاق قىلىپ كۈلۈپ كەتتى.

مەن نېمە قىلىشىمنى بىلمەي داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدىم. ئوغلۇمنىڭ ئەخمەق ئەتكىنى ئۈستىگە ئانىسىنىڭ مەسخىرىسى جان - جېنىمدىن ئۆتۈپ كەتتى. ئوغلۇم بولسا ھەم قورققان، ھەم ھودۇققان ھالدا كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ ماڭا قاراپ تۇراتتى. خىجىللىقتىن كىرىدىغانغا تۆشۈك تاپالماي، نومۇس كۈچىدىن پۇت - قوللىرىم بوشاشقانىدەك بولۇپ لەسسىدە ئولتۇرۇپ قالدىم.

## خىزىر

ئوپېراتسىيەدىن كېيىن سالامەتلىكىم خېلىلا ياخشى بولۇپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن كارىۋاتتىن چۈشكىدەك بولمىغانىدىم. ياتاقداشلىرىم سىرتقا چىقىپ كېتىشكەنىدى. جىمجىتلىقتىن، يالغۇزلۇقتىن ئىچىم پۇشتى. شۇڭا كۆرۈپ بولغان ژۇرنالنى يەنە قولغا ئالدىم. دەل شۇ پەيتتە ساقاللىرى ئۇچتەك ئاقارغان ئۈسكىلەك قاشلىق، ئاق پېشماق بىر بوۋاي كىرىپ كەلدى - دە، ماڭا سالام بەردى. ئاندىن مەن تەكلىپ قىلغان ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇرۇپ دۇئاغا قول كۆتۈردى. مەن سەل غەلىتىلىك ھېس قىلغان بولسامۇ، ئۇنىڭغا ئەگەشتىم. ئىچىمدە بۇ بوۋاي مېنى بىرىگە ئوخشاتتىمۇ ياكى ياتاقداشلىرىمنىڭ بىرىنى يوقلاپ كەلگەنمىدۇ دەپ ئويلىدىم. ئۇ، دۇئانى تۈگەتكەندىن كېيىن، سەللىسىنى تۈزەشتۈرۈپ قويدى - دە، سالماق ئاۋازدا:

— ئوغلۇم ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ بۇ يەرنى كۆڭلۈم تارتىپ قالدى. يېنىڭغا كىرىپ ئۆتەي دېدىم. يېتىم - يېسىر، ئاغرىق - سىلاقلارغا سەدىقە-ساخاۋەت بېرىش، دۇئا - تىلاۋەت قىلىش بىز ھاجىلارغا پەرىزدۇر. بۇمۇ پېشانەڭنىڭ يورۇق بولغانلىقىدنىڭ، ئاتا - ئاناڭنىڭ دۇئاسىنى ئالغانلىقىڭنىڭ مۆجىزىسىدۇر. ئەمدى سېنىڭ كېيىنكى بەخت - تەلىيىڭ ئۈچۈن دۇئا قىلاي، — دېدى - دە، يەنە دۇئاغا قول كۆتۈردى.

مەن ئۆزۈمنى تەسلىكتە .رۇسلىدىم - دە، مۇخلىسلاردەك ئولتۇردۇم، بەختىمگە قىلىنىۋاتقان دۇئانى تىڭشىدىم. بوۋاينىڭ ئاۋازى مۇڭلۇق ئىدى. مەن بوۋاينىڭ چىرايىغا سەپسالدىم. ئۆزىنى ئوبدان كۆتۈدىغانلىقى چىرايىدىن، سالامەتلىكىنىڭ ياخشىلىقى ھەرىكەتلىرىنىڭ چەبدەسلىكىدىن بىلىنىپ تۇراتتى. يارىشىملىق سەللىسى نۇرلۇق چىرايىغا خويمۇ ماس كەلگەنىدى.

تۇيۇقسىزلا مېنىڭ نېرۋىلىرىم جىددىيلىشىپ قالدى. مەن بۈگۈن زادى كىمگە يولۇقتۇم؟ بۇ ئادەممۇ ياكى خىزىرمۇ؟ كىشىلەر خىزىرنىڭ چىرايى نۇرانە كېلىدۇ، باش بارمىقىنىڭ سۆڭىكى يوق، دەيدىغان، چىرايىغۇ نۇرلىنىپلا تۇرىدۇ. ھەي، بايا قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەندە، نېمىشقىمۇ باش بارمىقىنى تۇتۇپ باقمىغاندىمەن؟ بۇ خىيال مېنى جىددىيلەشتۈرۈپ قويدى. چۈنكى بۇنداق خۇداگۇي خالىس ھاجىلار ئاز ئۇچرايدۇ. ھازىرقى ھاجىلار ئىناۋەت - ئابروي بىلەن ھېسابلىشىدۇ. شۇڭا ئۇلار تەكلىپ قىلغان يەرگە بارىدۇ. تەكلىپ

قىلىنمىغان يەرگە ھەرگىز بارمايدۇ. بۇ
كىشى باشقا ھاجىلارغا ئوخشىمايدىكەن.
چىرايى نۇرلۇق، كۆزى روشەن، ئاۋازى
مۇڭلۇق، ئۆزى تېتىك، كىيىملىرى رەتلىك.
ئۇ مېنىڭ بەختىمگە قىلىۋاتقان دۇئاسىنى
تېخى داۋاملاشتۇرماقتا. كاللامغا يەنە
تۇيۇقسىزلا كىشىلەرنىڭ خىزىر دېگەن
ناھايىتى ئەقىللىق ئادەمگە ياكى ناھايىتى
دۆت ئادەمگە ئۇچرايدۇ، دېگەن گېپى
كەلدى. نېرۋىلىرىم تېخىمۇ قىزىشقا باش-
لىدى. مەن ئەمدى ئۆزۈم ھەققىدە ئويلى-
نىشقا باشلىدىم: مەن ئەقىللىقمۇ ياكى
دۆتمۇ؟ ئادەتتىكى چاغلاردا كاللام ناھا-
يىتى ياخشى ئىشلەيدۇ. گەرچە خىزمەت
ئورنىمدا ئەڭ نازۇك ئېلېكتر ئىشلىرى
بىلەن ھەپىلەشسەممۇ، لېكىن بىرەر قېتىم
چاتاق چىقىپ باقمىدى. دېمەك، مەن
دۆتلەر قاتارىغا كىرمەيمەن. ئالدىمدا ئول-
تۇرغان كىشىنىڭ خىزىر ئىكەنلىكىنى كې-
چىكىپ بولسىمۇ بىلىۋالدىم. دۆت بولغان
بولسام بۇنى بىلمىگەن بولاتتىم. بۇ خى-
ياللار مېنى خېلى يېنىكلەشتۈرۈپ قويدى.
ئەمدىكى ئىش ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشقاندا،
قايتا قول ئېلىشىپ قولىنىڭ باش بارمىقى-
نىڭ سۆڭىكى بار-يوقلۇقىنى بىلىۋېلىش ئىدى.
ئۇ ئاخىرى دۇئانى تۈگەتتى - دە،
يېنىدىن خالتىنى چىقىرىپ، ئۇنىڭغا دوست-
لىرىم مېنى يوقلاپ ئېلىپ كەلگەن، تومپۇچكا
ئۈستىدىكى كونسېرۋا، چاقماق قەنت، ناۋات
ۋە مېۋە - چېۋىلەرنى تەكەللۇپسىزلا قاچى-
لىغىلى تۇردى. مەن ھودۇققىنىمدىن نېمە
قىلىشىمنى بىلمەيلا قالدىم.
— ئوغلۇم، بۇ نەرسىنىڭ نامازنى قازا
قىلماسلىققا پايدىسى بار. ھەربىر نامىزىمدا



ئۆمرۈڭگە دۇئا قىلىپ قويىمەن، — ئۇ، يەنە
تومپۇچكا ئۈستىدە تۇرغان ئېلېكترونلۇق
قول سائەتنىمۇ ئالغانىدى، — خوش
ئوغلۇم.
مەن پۈتۈن نېرۋىلىرىمنى مەركەزلەش-
تۈرۈپ، ئۇنىڭ باش بارمىقىنىڭ بار - يوق-
لۇقىنى بىلىش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا قول
ئۇزاتتىم. دەل شۇ چاغدا ياتاقدىشىم
مەنسۇر كىرىپ كەلدى.
— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم تەقسىر، يەنە
مەككە مۇكەررەمەدىن قايتىپ كېلىشلىرىمۇ؟
خىزىرىمۇ تاماق يەيدىكەن-دە؟ — دېدى
مەسخىرىلىك تەلەپپۇزدا.
مەن ھاڭ - تاڭ قالدىم. «خىزىر»
نىڭ چىرايى تامدەك تاتىرىپ، كېيىن
قىزاردى. مەن تەئەججۈپلەندىم. چۈنكى
ئەقلىمگە كېلىپ موللا، سوپى-ئىشانلارنىڭ،
ياق قىزىلكۆز - ئالدامچىلارنىڭ قىزارغى-
نىنى تېخى تۇنجى قېتىم كۆرۈشۈم ئىدى.
مەسئۇل مۇھەررىر كامىل تۇرسۇن

ئابدۇرېشىت قادىر

# يېشىل يېغىشلىقتا

(ھېكايە)

ئىشتىن يېنىپ ئۆيگە كەلسەم، ئايالىم بىرىنىڭ ساقلاپ تۇرغانلىقىنى ئېيتتى.

— كىم ئۇ؟ — دەپ سورىدىم ئەجەبلىنىپ.

— كىم بولاتتى، ئاياغ مەھەللىدىكى مارىخاچام.

ئۆيگە كىرسەم بېشىغا ئاق داكا رومال ئارتىۋالغان بىر موماي ئورنىدىن تۇرۇپ تىنچلىق سوراشتى. بۇ مومايىنى ئانچە-مۇنچە كۆرگەن بولسامۇ، لېكىن تازا تونۇشلۇقىم يوق ئىدى. ئۇنىڭ نېمە سەۋەب بىلەن ئىزدەپ كەلگەنلىكى مېنى ئەجەبلەندۈردى. ئاڭغىچە ئايالىم داستىخان سېلىپ چاي قويدى. چاي ئىچكەچ موماي ئۆز گېپىنى باشلىدى:

— ئۆزلىرىنى ھېلىقى يېڭىدىن ماي چىققان يەرگە بارىدىكەن دەپ ئاڭلاپ، تۇرسۇنجان بالامنىڭ خەۋىرىنى ئالغاچ كېلەمدىكىن دەپ كېلىۋىدىم، قېرىغاندا بالا ئەندىشىسى يامانكەن قارىسىلا...

موماي ئەندىككەندەك بولۇپ گېپىدىن توختاپ قالدى. كۆز چاناقلىرىدا لىغىرلاپ ياش پەيدا بولدى. ئۇ بېشىدىكى ئاق داكا ياغلىقىنىڭ ئۇچى بىلەن كۆز يېشىنى سۈرتۈپ سۆزىنى داۋام قىلدى:

— ئۇ بالا ئۈچ يېشىدا بېقىۋالغان نەۋرەم بولىدۇ. ئوقۇدى، ئىشچى بولدى، ئەمدى ماي چىققان يەرگە كەتكەنىدى، بىر قېتىم خەت-خەۋىرى كەلگەنچە جىم-جىت بولۇپ كەتتى، تۇۋا! بىز بالا دەيدىكەنمىز، شۇ بالىلار ئانا دەپ بىزنى ئەسلەپمۇ قويمايدىكەن...

موماي نەۋرىسى توغرۇلۇق خېلى ئۇزۇن پاراڭ قىلدى.

— بالىلىرى نەدە ئىشلەيدىكەن بىلەملا؟ — دېدىم مەن.

موماي بىردەمگىچە ئېسىگە ئالالمىدى:

— ھېلىقى نېمىتى خۇدايىم، ھەجەپمۇ ئېسىمگە كەلمىدى، يەردىن ماي چىقىرىدىغاننى نېمە دەيدۇ بالام؟

— بورىۋايمۇ؟

— ھە، ھە شۇ بورىۋاي دېگەندە ئىشلەيدىكەن، ئاڭلىسام ئۇ يەر شۇنداق چۆل-جەزىرىمىش، ۋاي بالام قانداق قىلىۋاتقانسەن دەيمەن، ئەجەبمۇ خۇدايىم شۇ ماينى تاغ-باياۋاندىن چىقىدىغان قىلىپ يارىتىپتىكەن، شۇ چۆلدىن چىققان ماي باغدىن، شەھەردىنمۇ چىقسا، شۇ

بالامنىڭ كۆز ئالدىمدا ئىشلىگىنىنى كۆرۈپ خاتىرجەم بولسام دەپ كېتىمەن...

مومايىنىڭ بۇ ساددا، تۈز گەپلىرىگە ئىچىمدە كۈلىمەن، مەن ئۇنىڭ نەۋرىسىنى چوقۇم تېپىپ كۆرۈشۈپ كېلىدىغانلىقىمنى ئېيتىپ موماينى خاتىرجەم قىلدىم.

ئەتىسى سارىخان مومايىنىڭ خالتىسىنى ئېلىپ، هال-سوراش ئۆمىكىنى باشلاپ يېڭى نېفىتلىككە يۈرۈپ كەتتىم.

پايانسىز قۇملۇقنىڭ بىر چېكىسىگە جايلاشقان، خۇددى سەرەڭگە قېپىنى دەستىلەپ قويغاندەك چىرايلىق بىنالار ئارىسىدىكى يېڭىدىن ياسالغان ئاسفالت يول بىلەن يېڭى نېفىتلىكنىڭ ئالدىنقى سېپىگە كېلىۋېتىپ، بۇ يەردىكى ئۆزگىرىشلەر ئېمىدېگەن تېز دەيتتىم ئىچىمدە، چۈنكى بۇ يەر بۇنىڭدىن ئىككى يىل بۇرۇن ئادىمىزات يوق چۆللۈك ئىدى. يول قاسنىقىدىكى قۇرۇپ قالغان شىۋاق، قامقاق هەم قېرى يۇلغۇننىڭ رەڭدار چېچەكلىرى ئاشۇ پايانسىز چۆللۈكنىڭ گۇۋاهچىسى ئىدى. قۇرغۇچىلارنىڭ ئىش مەيدانىدىكى شاۋقۇن-سادالىرى يىراقتىن ئاڭلىنىپ تۇراتتى. نەچچە ئون مېتىر پولات تۇرۇبىلارنى ئارتىپ هەيۋەتلىك ماشىنىلار گۈرۈلدەپ كەلمەكتە ئىدى. ئەنە قۇملۇقتا ئۆسكەن قارىغايدەك بۇرغىلاش مۇنارلىرىمۇ كۆرۈنۈشكە باشلىدى، بىر توپ جەرەن ئېگىز ئۆسكەن شىۋاق ئارىسىدىن بىزنىڭ شەپىمىزنى ئاڭلاپ ئوقتەك يۈگۈرۈپ قۇم دۆۋىسىنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ غايىب بولدى.

بۇهال بۇندىن 30 يىللار بۇرۇنقى كونا نېفىتلىكنى ئېسىمگە سالدى، ئۇ چاغدا توپ-توپ جەرەنلەر بىز قېزىۋاتقان بورىۋاينىڭ ئەتراپىدىكى سۆكسۆكلۈكتىن قۇلاقلىرىنى شىڭغايتىپ قارىشاتتى. ئىش ئارىلىقلىرىدا بەزەنلىرىمىز شوخلۇق قىلىپ جەرەن قوغلاپ كېتەتتۇق. ئۇ چاغلاردا جەرەن قوغلاش ئېمىدېگەن كۆڭۈللۈك هە! بىر كۈنى مەن ماشىنا بىلەن كەچلىك سىمېنتغا ماتېرىيال توشۇپ كېتىۋاتقاندا، ماشىنىنىڭ ئالدىدا ئۈچ جەرەن پەيدا بولۇپ قالدى، بىز ئۇنىڭدىن كۆز ئۈزمەي كېتىۋەردۇق، جەرەنلەرمۇ ماشىنىنىڭ نۇر سىزىقىدىن چىقماي كېلىۋاتاتتى. ماشىنا ئوڭغا بۇرۇلسا جەرەنمۇ ئوڭغا قاراپ چاپاتتى، سولغا بۇرۇلسا سولغا چاپاتتى. بۇ ئىشتىن هەيران بولغان شوپۇرمۇ ماڭا قاراپ كۈلۈپ قويدى-دە، ماينى بولۇشىغا بەردى، ماشىنا بوراندەك ئۇچۇپ بەش مىنۇت ئۆتمەي جەرەنگە يېتىشتى، هۇدۇقۇپ كەتكەن بىر جەرەن ماشىنىنىڭ تۇمشۇقىغا ئۆزىنى ئۇرۇپ يىقىلدى.

بىز ئىشچىلار بىلەن جەرەن كاۋىپى يەپ ئولتۇرۇپ بۇ جانىۋارلارنى تۇتۇشنىڭ ئاسان ئۇسۇلىنى ئۆگىنىۋالغانلىقىمىز، بۇندىن كېيىن گۆشسىز قالمايدىغانلىقىمىز توغرۇلۇق قىزغىن پاراڭ قىلىشتۇق...

— مانا كەلدۇق، — دېگەندىلا خىيالىم ئۈزۈلۈپ ئەتراپقا قارىدىم، بۇرغىلاش ۋىشكىلىرى قېشىدىكى زامانىۋى كۆچمە ۋاگون ياتاقلارمۇ كۆرۈنۈشكە باشلىدى، ئاڭغىچە بىزمۇ بورىۋاي يېنىغا يېتىپ كېلىپ بۇرغىلاش ئىشچىلىرى بىلەن كۆرۈشتۇق، سۆهبەتلەشتۇق، كېيىن مەسئۇل كىشىلەرنىڭ هەمراهلىقىدا ۋىشكا مۇنارلىرى ئاستىدا ئىشلەۋاتقان نېفىت ئىشچىلىرىنى زىيارەت قىلىپ، ئارىلىدۇق، شۇ چاغدا بۇرغىلاش سەهنىسى ئۈستىدە ئۆز بويى بىلەن تەڭ يوغان ئاسما كۈلۈچنى ئەپچىل

هەرىكەتلەندۈرۈپ زەرب بىلەن سىۋىنچىقا ئۇرۇپ چىشلىتىپ مەشغۇلات قىلىۋاتقان 19 ياشلار ئەتراپىدىكى پاكار، دۈغىلاق بىر ياش ئىشچى دىققىتىمنى تارتتى، ئۇ ھەر قېتىم سىلكىنىپ كۆلۈچ ئۇرغاندا كۆزىگە چۈشۈۋالغان بىخەتەرلىك قالپىقىنى قولى بىلەن پات - پات كەينىگە ئىتتىرىپ قوياتتى. ئۇنىڭ چەبدەس ھەرىكەتلىرىگە ھەۋەسىم كېلىپ بۇرغا سەھنىسىگە يېقىنلاپ كېلىشىمگە گۈرۈلدىگەن ماتور ئاۋازى ئارىسىدا ئۇ بېشىنى كۆرسىتىپ، مېنى ئېرى تۇرۇشقا شەرەت قىلدى.

— پاھ، ماۋۇ ئۇستامنىڭ ئۆگىتىپ كەتكىنىنى كۆرمەمدىغان، — دېدى بىزگە ھەمراھ بولۇپ يۈرگەن ئىشچى ئۇنىڭ قىلىقىنى ياراتمىغان ھالدا.

— ئۇنىڭ دېگىنى توغرا، بىخەتەرلىك مۇھىم، ھەر ئىشتا تۈزۈم بولمىسا بولامدۇ؟ — دېدىم مەن.

مەن باشقا ئىش ئورۇنلىرىنى كۆرۈۋېتىپمۇ، مەسئۇل كىشىلەرنىڭ تونۇشتۇرۇشلىرىنى ئاڭلاپ كېتىۋېتىپمۇ، ھېلىقى شاكىچىكنىڭ چاقماقتەك ھەرىكەتلىرىنى، خوجايىنلارچە ئىشارىتىنى ئېسىمدىن چىقىرالمىدىم.

بورىۋاي مەسئۇلى ئەھۋال تونۇشتۇرۇپ كېلىپ خۇددى مېنىڭ ئوي - پىكرىمنى بىلگەندەك:

— بۇ يەردىكى يېڭى ئىشچىلارنىڭ ئەڭ كىچىكى ئاشۇ، — دېدى بېگىز قولى بىلەن ئۇنى شەرەت قىلىپ، — بۇلارنىڭ ئىشى ياخشى، بىر ئاي ئىشلىسە بىر ئاي دەم ئالىدۇ، بۇ يەرگىمۇ كۆنۈپ قالدى.

ھەش - پەش دېگۈچە بىزنىڭ قايتىش كۈنىمىز يېقىنلاپ قالدى. مېڭىشتىن بىر كۈن ئىلگىرى ۋاقىت چىقىرىپ مومايىنىڭ نەۋرىسىنى ئىزدەشكە نىيەت قىلدىم - دە، ئۇنىڭ ئامانەت قىلغان خالتىسىنى ئېلىپ كوچىغا چىقتىم.

يېڭى نېفىتلىك قوماندانلىق شتابىنىڭ ئالدىدىكى ئاسفالت يولدا بىر خىل ياشتىكى ئوغۇل - قىز نېفىتچىلار كۆلكە چاقچاقلار بىلەن پاراڭ سېلىپ كېتىشىۋاتاتتى.

ئاشۇلارنىڭ ئارىسىدا مومايىنىڭ نەۋرىسىمۇ باردۇر - ھە، بۇلار نېمىدېگەن خۇشال - خۇرام، ئەگەر موماي ئاشۇلارنى كۆرسە چوقۇم خاتىرجەم بولىدۇ، دېگەنلەر كۆڭلۈمدىن كەچتى. مەن بۇرغىلاش ئىشچىلىرى تۇرىدىغان قەۋەتلىك چوڭ بىر بىنانىڭ ئالدىغا كېلىشىمگە چىرايلىق پاكىز كىيىنگەن بىر يىگىت تاقىلداپ چىقتى - دە، ئۇنىڭدىن گەپ سوراي دېگىچە قېشىمدىن ئالدىراش ئۆتۈپ يىراقلاپ كەتتى. شۇ ئەسنادا ئۇستۇنكى قەۋەتتىن گۈلدۈرلەپ چۈشۈۋاتقان بىرقانچە كىشىنىڭ ئاياغ ئاۋازى ئاڭلاندى. ئەمدى مۇشۇلاردىن سوراي، دەپ تۇرۇشۇمغا پاكىز كىيىنىۋالغان ياش ئىشچىلار ئارىسىدىكى قايسى كۈنى بۇرغا جازىسىدا مېنىڭ دىققىتىمنى تارتقان شاكىچىككە كۆزۈم چۈشتى.

— ھوي شاكىچىك، بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىپ يۈرىسەن؟ — دېدىم مەن.

— كېچىلىك سىمېنىدا ئىشلەۋاتىدمەن، — دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئۆزلىرىچۇ؟

مەن جاۋاب ئورنىغا:

— تۇرسۇنجان دېگەن بالىنى بىلەمسەن؟ — دەپ سورىدىم.

يىگىتلەر بىر - بىرىگە تەڭ قاراشتى، شاكىچىكنىڭ يېنىدىكى بىرەيلەن:

— تۇرسۇنجان دېگەن مۇشۇ، —

دەپ ھېلىقى شاكىچىكنى كۆرسەتتى.
— ھە مۇنداق دېگىنە، سەن سارى-
خان مومايىنىڭ نەۋرىسى بولامسەن؟ —
دېدىم ئۇنىڭغا قول بېرىپ. ئۇ بىر دەم
تېڭىرقىغاندەك بولدى-يۇ، ئاندىن مېنى
ئالتىنچى قەۋەتتىكى ياتىقىغا باشلاپ چىقتى.
— قانداق ياخشى تۇردۇڭمۇ؟ — دەپ
سورىدىم ئۇنىڭ ياتىقىغا كىرگەندىن كېيىن.
ئۇ كۈلۈپ قويىدى.
— مۇشۇنداق ئىشلەپ تۇردۇم.
— موماڭنى ئۇنتۇلۇپ قالمىغانسەن؟ —
دېدىم مەن ئۇنىڭدىن گەپ ئېلىپ.
— نېمىشقا ئۇنتۇيمەن، — دېدى ئۇ ئاستا.
— ئۇنتۇمىساڭ بىرنەچچە ئايدىن
بېرى نېمىشقا خەت يازمايسەن؟ — دېدىم
مەن ھېلىقى ئامانەت خالتىنى ئۇنىڭغا
ئۇزىتىپ تۇرۇپ.
— بىرنەچچە قېتىم خەت يازغان،
ئەگمىگەن ئوخشايدۇ، — دېدى ئۇ.
— ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن دەم ئېلىشتا
ئۆيۈڭگە قايتمىدىڭ، بىر ئاي ئىشلەپ، بىر
ئاي دەم ئالىدىكەنسىلەرغۇ؟
— ئەسلىدە بۇ قېتىمقى دەم ئېلى-
شىمدا ئۆيگە قايتماقچى ئىدىم. لېكىن
ئورنىمىزغا ئالماشقان سىمېنىنىڭ ئادىمى
كېمەي قالدى، شۇڭا ئۆزۈم تەلەپ قىلىپ
يەنە بىر ئاي ئوشۇق ئىشلىۋەتتىم. ئەمدى يەنە بىر
ھەپتە ئىشلىۋەتسەم دەم ئېلىش نۆۋىتى
كېلىدۇ. شۇ چاغدا مومامنى يوقلاپ بارى-
مەن، — دېدى تۇرسۇنجان ۋە قۇرۇق
ئولتۇرغىنىغا خىجالەت بولغاندەك ئىتتىك
ئورنىدىن تۇرۇپ كارىۋات ئاستىدىن بىر قوغۇن-
نى ئېلىپ پىچىۋىدى، پىچاق مايماق كەتتى.
— بورىۋاينىڭ كۈلۈچىنى تۇتقاندەك
پىچاقنىمۇ تۈز تۇتۇپ پىچالمايسەن، — دەپ
چاقچاق قىلدىم.
— ئۇنى شۇنداق ئىشلەپ ئۆگەنگەن
تۇرساق، بۇ دېگەن ئۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ،
ئۇنىڭ ئۈستىگە مېھمان قاراپ ئولتۇرسا
قول تىترەپ كېتىدىكەن، بولمىسا باشقىسىنى
پىچاي، — دېدى ئۇ خىجالەت بولغاندەك قىلىپ.
— بولدى، بولدى، — دېدىم ۋە ئۇنى
خىجالەتچىلىكتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن
گەپنى يۆتكىدىم، — بۇ يەرلەرمۇ قالتىس
ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ، تونۇيالمايلا قالدىم...
— تېخى بۇ يەر چوڭ شەھەر بولۇپ
كېتىدۇ، دېسىلە، — دېدى ئۇ، قىزغىنلىق
بىلەن، — قارىسىلا ئاۋۇ تىكەنلىك سىم چۆ-
رۆلگەن ئەسكىلىك تۇرامدۇ، ھە شۇ يەرگە
چوڭ ساياھەت باغچىسى سالماقچى. ئاۋۇ
كۆرۈنۈپ تۇرغان دۆڭنىڭ كەينىگە مەدە-
نىيەت بىناسى، ئۇنىڭ كەينىگە ماگىزىن،
ئاشخانا، تەنتەربىيە مەيدانى، كىنوخانا
سالماقچى، ئېرىقنىڭ ئاۋۇ تەرىپىگىمۇ
بەلگە قاداپ قويىدى ...
ئۇ شۇنداق بىر قىزغىنلىق بىلەن
جاڭگاللىقنى كۆرسىتىپ يېڭى نېفىتلىكنىڭ
كەلگۈسى قىياپىتىنى تونۇشتۇرۇپ چىقتى.
مەن بۇ يېڭى نېفىتلىكنىڭ ئىشچىسى بىلەن
خېلى ئۇزۇن پاراڭلىشىپ ئولتۇردۇم،
قايتار چاغدا:
— ئەتە ماڭىمەن، چوڭ ئاناڭغا گەپ-
سۆزۈڭ بارمۇ؟ — دېدىم. ئۇ ئىتتىك يان-
چۇقىدىن بىر تۇتام پۇلنى ئېلىپ:
— بۇنى چوڭ ئانامغا بەرسىلە، خەج-
لەپ تۇرسۇن، پات-يېقىندا ئۆزۈم بارى-
مەن، خەت دېگەن ئۆزلىرى، گەپمۇ ئۆز-
لىرى، مانا يېڭى نېفىتلىكتە كۆرگەنلىرىنى
دەپ بەرسىلە، چوڭ ئانام چوقۇم خاتىر-
جەم بولىدۇ.
— شۇنداق، مەن بارغاندىن كېيىن،
چوڭ ئاناڭغا ھەممىنى سۆزلەيمەن، ئۇ چوقۇم
ھەم خۇشال، ھەم خاتىرجەم بولىدۇ،
ئەلۋەتتە ...

مەسئۇل موھەررىر ئالىمجان ئىسمايىل



ئالماس ئالماس

# ئۇ، ئويلىنىپ قالدى

(ھېكايە)

روشەنگۈل ئۆيگە كىرىپلا چىراغنى ياقتى. سوغۇقتا قىزىرىپ كەتكەن قوللىرىنى ئۇۋۇلاپ، كۆك سارجىدىن تىكىلگەن پەلتۇسىنى سېلىپ كىيىم ئاسقۇچقا ئىلدى. ئاندىن كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلىغىنىچە خىيالغا چۆكتى. ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ ئاخىرى ئانىسىنى چاقىرتىش نىيىتىگە كەلدى.

ئانامنى چاقىرتمىسام زادى بولمىغىدەك. خىزمەتكە چىققان بەش يىلدىن بېرى يۇرتۇمغا تېخى بېرىپ باقمىدىم. ھال-ئەھۋالى يامان ئەمەس دەپ ئانامنى ھازىرغىچە قۇرۇق خەتتىن باشقا نەرسىدە ياد ئەتمىدىم، ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا ياتلىق بولغاندا، چىقىمدار بولۇشتىن قېچىپ، تويۇمغىمۇ تەكلىپ قىلمىدىم. بۇ نۆۋەت تۇغۇتۇمغا چاقىرتمىسام...

شۇ ئەسنادا ئۇنىڭ يولدىشى مۇساجان ئىشتىن قايتىپ كەلدى. مۇساجاننىڭ كۆزى ياستۇققا يۆلىنىپ خىيالچان ئولتۇرغان ئايالىنىڭ تومپىيىپ چىققان قورسىقىغا چۈشتى. ئايالىنىڭ مىسكىن ھالىتى مۇساجاننى سەل جىددىيلەشتۈرۈپ قويدى. ئۇ ئايالىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ سورىدى:

— روشەنگۈل، دوختۇرغا كۆرۈنىمەن دەۋاتاتتىڭىز، دوختۇرخانىغا باردىڭىزمۇ، مىجەزىڭىز قانداقراق؟

— باردىم. دوختۇرنىڭ ئېيتىشىچە، مۇشۇ ئاينىڭ ئاخىرىدا يەڭگىيدىكەنمەن، — دېدى روشەنگۈل ئېرىنىڭ ماي پۇراپ تۇرغان قاتمال قولىنى پاختىدەك ئالقىنىغا ئېلىپ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئەندىشىگە چۈشۈپ قالغانلىقىنى ئېيتىپ، كۆزىگە لۆممىدە ياش ئالدى. ئېرى ئايالىنىڭ يېشىنى سۈرتكەچ دېدى:

— روشەنگۈل، كۆڭلىڭىزنى پەرىشان قىلماڭ، دوختۇر بار ئەمەسمۇ؟!

— دېگىنىڭىزغۇ توغرا، شۇنداق بولسىمۇ، تۇنجى تۇغۇتۇم بولغاچقا ئەندىشە قىلىۋاتىمەن، — روشەنگۈل بېشىنى ئېرىنىڭ كۆكسىگە قويدى.

— روشەنگۈل، — دېدى مۇساجان ئايالىنىڭ قاپقارا يۇمشاق چاچلىرىنى ئويناپ تۇرۇپ، — قالايمىقان ئوي-خىياللاردا بولماڭ، خۇشاللا بولۇڭكى، خاپا بولماڭ، روھىي جەھەتتە شاد-خۇرام بولسىڭىز تۇغۇتىڭىز ئاسان بولىدۇ. تەشۋىش-قايغۇ تۇغۇت ئۈچۈن زىيانلىق.

— راست، دوختۇرمۇ شۇنداق

قىلىشىمنى تاپىلىدى، ــ دېدى روشەنگۈل بېشىنى كۆتۈرۈپ، ــ لېكىن پەخەس بولىمىسام بولمايدۇ.

ــ شۇنداق، ھە، راست، ئانىمىزنى چاقىرىدىغان بولدۇقمۇ، بۇنى ئويلىشىپ باقتىڭىزمۇ؟ ــ سورىدى مۇساجان ئايالىنىڭ تال ـ تال كىرپىكلىرى ئاستىدا چاقناپ تۇرغان كۆزىگە سۆيۈنۈش بىلەن قاراپ.

ــ ئانامنىڭ يولدا كەلگىچە قىينىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، كەلمىسىمۇ بولارمىكىن دەپ ئويلىغۇدىم، كېيىن ئويلىسام كەلگىنى دۇرۇستەك قىلىدۇ. ئانام كەلمىسە سىز ماڭا قارايمەن دەپ خىزمەتكە تەسىر يەتكۈزۈپ قويىدىغاندەك تۇرىسىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە، قولىڭىز تاماق ـ پاماق ئېتىشكىمۇ ئانچە كەلمەيدۇ.

ــ روشەنگۈل، توغرا ئويلاپسىز، شۇنداق قىلغىنىمىز دۇرۇست. مەن ئەتىلا تېلېگرام بېرىۋېتەي، ــ دېدى مۇساجان ئايالىنىڭ ئۆزىنىڭ پىكرىگە قوشۇلغانلىقىدىن قەۋەتلا خۇش بولۇپ.

روشەنگۈل كەچلىك چاي تەييارلاش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرماقچى بولۇپ مىدىرلىۋىدى، مۇساجان:

ــ مۇشۇ بەكمۇ ھالقىلىق ئاي، پەخەس بولۇڭ، ئانام كەلگىچە بەزىبىر ئىشلارنى مەن قىلاي، ــ دېدى ـ دە، ئاشخانىغا ماڭدى.

* *

روشەنگۈل يەڭگىپ، دوختۇرخانىدىن چىققان كۈنى كەچتە نۇسرەتخان ئانا كۆيۈمچانلىق بىلەن بوغۇزلاپ بەرگەن توخۇنى پاكىز تازىلاپ، دورا ـ دەرمان بىلەن پىشۇردى. ئۇ گۆشنى قىزىغا ئەكىرىپ بەرمەكچى بولۇپ تۇراتتى، بىردىنلا ئاشخانىغا مۇساجان كىرىپ قالدى.

ــ ئانا، ئازراق بولسىمۇ ئېغىز تېگىپ باقسىلا، گۆشنى روشەنگۈلگە مەن ئەكىرىپ بېرەي.

مۇساجان شۇنداق دەپلا توخۇنىڭ بىر پاچىقىنى قېيىن ئانىسىغا قالدۇرۇپ، قالغىنىنى ئۆزى ئايالىغا ئەكىرىپ كەتتى. روشەنگۈلنىڭ بىردىنلا چىرايى ئۆڭدى:

ــ توخۇنىڭ بىر پۇتى قېنى؟

ــ ئانامغا قالدۇردۇم.

ــ ئانام مېنى زادى ئويلىمايدۇ، بولمىسا قىزىم تۇغۇتلۇق، شۇ يېسۇن دېمەمدۇ، شۇڭىمۇ...

ــ روشەنگۈل قىزىم، توخۇ گۆشى بىلەن بۇرۇندىن تارتىپ ئېقىم كېلىشمەيدۇ، سەنمۇ بىلىسەنغۇ، ئۇنتۇپ قاپسەن ـ دە، بۇنىمۇ سەن يېگىن، ــ دېدى شۇ ئارىلىقتا ئۆيگە كىرگەن نۇسرەتخان ئانا قولىدىكى توخۇنىڭ پاچىقى سېلىنغان تەخسىنى قىزىنىڭ باش تەرىپىدىكى تومپۇچكىغا قويۇپ، ــ مۇساجانغا سىز يەڭ، دېسەم پەقەت ئۇنىماي تۇرۇۋالدى. ئىسسىقىدا يەۋالغىن، بالام.

ــ ئانا، توخۇ گۆشى ئادەم ئۈچۈن پايدىلىق، يەڭ، توخۇ گۆشىنى كۆپ يېگەن ئادەم ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدۇ، دېگەن گەپ بار، شۇڭا مەن...

روشەنگۈل ئۆزىنىڭ بايا قىلغان بولمىغۇر گېپىنى ئاڭلاپ قالغان ـ قالمىغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن ئانىسىنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قارىدى. نۇسرەتخان ئانا قىزىنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىغانىدى. ئانىسىنىڭ روھىي ھالىتىدە خاپىلىق ئالامىتى يوقلۇقىنى سەزگەن روشەنگۈلنىڭ كۆڭلى ئارامىغا چۈشتى.

— روشەنگۈل، بىر توخۇنىڭ پاچىقى
ئۈچۈنمۇ ئانىڭىزدىن رەنجىمسىز؟ — دېدى
بوۋاقنى ئەركىلىتىپ ئولتۇرغان مۇساجان
ئانا چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئورنىدىن
شاققىدە تۇرۇپ ئىشىكنى يېپىپ، — ئانا
ئەمەسمۇ، قورساقنى كەڭرەك تۇتۇڭ.

روشەنگۈل ئۆزىنىڭ يولسىزلىقىغا تەن
بەرمەي يوقلاڭ باھانە كۆرسەتتى:

— ئانام مېنىڭ توخۇ گۆشىگە ئام-
راقلىقىمنى بىلىپ تۇرۇپ، پارچىلىماي
ئەكىرمىگىنىگە خاپا بولۇۋاتىمەن. ئەركەك
كىشى ئانا - بالا ئوتتۇرىسىدىكى ئىشلارغا
ئارىلاشمايدىغان، بۇ مىجەزىڭىز پەقەت
بولمايدۇ، ياقتۇرمايمەن.

مۇساجاننىڭ غۇۋژىدە ئاچچىقى
كەلگەن بولسىمۇ، ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. ئۇ
ئايالى بىلەن گەپ تالىشىپ ئولتۇرۇشنى
ھاجەتسىز دەپ قارىدى - دە، ئورنىدىن
تۇرۇپ تېلېۋىزورنى ئاچتى. ئۇ نۇسرەتخان
ئانىنى تېلېۋىزور كۆرۈشكە تەكلىپ قىلدى.

* *

مۇساجان ئىشتىن چۈشۈپ ئۇدۇل
كۇلۇب ئالدىغا كەلدى. يېقىندىن بېرى
نېفىت شەھىرىدە ئاپتونوم رايونلۇق ناخشا-
ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ ئارتىستلىرى ئويۇن قو-
يۇۋاتاتتى. مۇساجان ئويۇن بېلىتىدىن بىرنى
سېتىۋالدى. ئۇنىڭ بېلەت ئالغانلىقىنى
ئاڭلىغان روشەنگۈلنىڭ بىردىنلا جۇدۇنى
تۇتتى:

— ئۆيدە تېلېۋىزور تۇرسا بېلەتنى
ئېلىپ نېمە قىلاتتىڭىز، بىرنەچچە كۈندىن
كېيىنلا ئۇلار قويغان نومۇرلارنى تېلېۋى-
زوردا بېرىدۇ ئەمەسمۇ؟

— روشەنگۈل، ئانام كەلگىنىگە بىر
يېرىم ئاي بولدى، شۇندىن بېرى ھېچ
يەرگە بارمىدى. ئۆيدە ئولتۇرۇۋېرىپ
زېرىككەنمۇ قالغاندۇر، بىرەر قېتىم ئويۇنغا
بېرىپ كۆڭلىنى ئېچىپ كەلسە نېمە بوپتۇ،
بارسۇن!

— مەن نېمە ئويدا، سىز نېمە كويدا.
ئانام كەلگەندىن بېرى چىقىم ئېشىپ كېت-
تىۋاتىدۇ. بىرەرىنىڭ ئۆيىگە بارسا ياندۇرۇ-
دىغان گەپ. بار تاۋۇقىم، يان تاۋۇقىم،
دېگەننى ئاڭلىمىغانمۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە نەرسە-
كېرەكلەر ھەدەپ قىممەتلىشىپ كېتىۋاتىدۇ،
ياخشىسى، بېلەتنى كۇلۇب ئالدىغا ئاپىرىپ
سېتىۋېتىڭ. ئىككى يۈەنگە كۆكتات ئال-
ساقمۇ ھېساب، نەچچە كۈن يېتىدۇ.

بۇ گەپ مۇساجاننىڭ كەيپىنى ئۇچۇ-
رۇۋەتتى. ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ۋارقى-
راپ كەتتى:

— ئانام ئۈچۈن چىقىمدار بولساق
نېمە بوپتۇ، دۇنيادا ئانىدىن ئارتۇق نې-
مە بار، دەپ بېقىڭە قېنى؟

روشەنگۈل ئېرىنىڭ ئەلپازىنى كۆرۈپ
چۆچۈپ كەتتى. ئۇ ئېرىنىڭ ئاچچىقى
كەلسە زەنجىرنى تولغىماي ئۈزىدىغان
مىجەزىنى ئەسلەپ بىردىنلا پەسلىدى. ئۇ
خاپىلىقتىن قان قالمىغان چىرايىغا زورمۇ-
زور كۈلكە يۈگۈرتۈپ دېدى:

— نېمانچە چېچىلىپ كېتىسىز، مەن
سىزنىڭ بۇنداق چېچىلىپ كېتىدىغانلىقى-
ڭىزنى بىلگەن بولسام، ئېغىز ئاچماس
ئىكەنمەن، توغرا نىيىتىم ياخشى نەتىجە
بەرمىدى. ئانام ئويۇنغا بارسا بارسۇن.

دەھلىزدە تۇرغان نۇسرەتخان ئانا
ئۆيگە يېنىپ كىردى. ئۇ ھەم خىجىل
بولغان ھەم ئاغرىنغان ھالدا:

— ئوغلۇم مۇساجان، بېلەتنى سېتىۋ-
ۋېتىڭ؛ مەن ئويۇنغا بارمايمەن، گەپ

تالاشماڭلار، بىرى كىرىپ قالسا سەت ئەمەسمۇ، — دېدى - دە، قىزىغا مەنىسلىك بىر قارىۋالدى. بايا تىن بولۇنغان گەپلەر-نى ئانا ئاڭلاپ قالغانىدى.

— ئانا، ئىككى يۈەن ئۈچۈن ئاغرىنىۋاتقىنىم يوق. ئۇنىڭ پۇل خەجلەشنى بىلمىگىنىگە رەنجىۋاتىمەن. بۇنى سىز كۆڭلىڭىزگە ئالماڭ، — دېدى روشەنگۈل بوسۇغىدا تۇرغان ئانىسىغا يالغاندىن ھېجىيىپ، — ئىككىمىز چىقىشىۋالىمىز، سىز ئارىلاشماڭ!

* *

روشەنگۈل يولدىشى ئەتىگەنلىك چاينى ئىچىپ ئىشقا مېڭىشىغىلا يەنە ياستۇققا باش قويدى. داستىخان يىغىشتۇرۇۋاتقان نۇسرەتخان ئانا قىزىنىڭ ھورۇنلۇقىدىن ئىچى پۇشۇپ ئېغىز ئاچتى:

— قىزىم، ۋاقتىڭمۇ توشتى، ئەمدى ئورنىڭدىن تۇرۇپ كەتسەڭمۇ بولاتتى، يەپلا يېتىش زىيانلىق... — ئانىنىڭ گېپى ئاياغلاشمايلا روشەنگۈل ئانىنىڭ گېپىنىڭ بېلىگە تەپتى:

— ئانا، سىز تۇغۇپ باقمىغاندەك گەپ قىلىدىكەنسىز، تۇنجى تۇغۇتتا ئوبدان كۈتۈلمىسە بولمايدۇ، سىز شۇنداق دېمەكتە يوق، قىلىۋاتقان گېپىڭىزنى قاراڭ، سىز شۇنداق دەپ بەرگەچكە، مۇساجانمۇ ئىككى گەپنىڭ بىرى بولسا، تۇرۇپ كېتىڭ، دەيدىغان بولۇۋالدى. ئانا دېگەنمۇ شۇنداق گەپ قىلامدۇ؟

— بالام، — دېدى نۇسرەتخان ئانا ئېچىنغان ھالدا قىزىغا قاراپ، — بىزنىڭ پايدىلىق نەسىھەتلىرىمىز ساڭا خۇشياقمىسا بوپتۇ، ئۇخلىساڭ ئۇخلاۋەرگىن، كېيىنچە چۈشىنىپ قالارسەن.

— ئانا، سىزنى مەن مۇنداق گەپ قىلىدۇ، دەپ ئويلىماپتىكەنمەن، سىز يېشىڭىز چوڭايغانسېرى پەلپەتىش گەپلەرنى تولا قىلىدىغان بولۇپ قاپسىز، باشلانغۇچ مەكتەپتە بولسىمۇ ئوقۇپتىكەنسىزغۇ، مەكتەپ كۆرگەن تۇرۇپمۇ شۇنداق گەپ قىلامسىز؟ بايا تىن قىلغان گېپىڭىزدىن سېنىڭ يۇندا پۇرۇشلۇقىڭنى قاچانغىچە قىلاتتىم، ئۆزۈڭ قىلمامسەن، دېگەن مەنە چىقمامدۇ، گەپنى ئەگىتىپ يۈرگىچە كۆڭلىڭىزدىكى گەپنى دېسىڭىزلا بولماسمىدى، بوپتۇ، مەن ئورنىمدىن تۇرۇپ كېتەي. سىزنى قىشلاپ كېتەرمىكىن دېۋىدىم، بولدىلا، ساق بېشىمنى ئاغرىتىپ نېمە قىلىمەن، كەتسەڭىزمۇ كېتىڭ!

روشەنگۈلنىڭ ئاغزىدىن چىققان ئاخىرقى گەپ ئانىغا بەكمۇ ھار كەلدى.

— قىزىم، ھەيدىمىسەڭمۇ كېتىمەن، كېتىدىغانلىقىمنى ئالدىنقى ھەپتە دېگەن ئىدىمغۇ، بىراق مۇساجان...

— ئانا، ئاچچىقتىن بولمىغۇر گەپلەر-نى قىلىپ سالدىم، خاپا بولماڭ، ئەسلى ئۇنداق دېمەكچى ئەمەس ئىدىم...

روشەنگۈل ئويلانماي گەپ قىلىپ قويغىنى ئۈچۈن ئانىسىدىن قايتا - قايتا ئەپۇ سورىدى. ئانا ئارتۇق گەپ - سۆز قىلماي چىنە-قاچىلارنى يىغىشتۇرۇپ چىقىپ كەتتى.

ئۇ ئاشخانىدىن چىققاندا قىزى ئال-لىقاچان ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. بېقىنىدىكى بوۋىقىمۇ يېنىك پۇشۇلدىغىچە تاتلىق ئۇخلاۋاتاتتى.

نۇسرەتخان ئانا دادىسىغا قويۇپ قويغاندەك ئوخشايدىغان قىزىغا قارىغىنىچە خىيالغا كەتتى.

نۇسرەتخانىنىڭ ئېرى يېزا ئوقۇتقۇچىسى

بولۇپ، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە ئىسيانچىلار تەرىپىدىن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىلگەنىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ بىرىنگە ياتلىق بولسام قىزىمنى ئۆگەيلەيدۇ دەپ، تۇرمۇشلۇق بولۇشنى خالىمىدى. ھەرقانچە جاپا چەكسىمۇ يولدىشىنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە قىزىنى ئالىي مەكتەپكىچە ئوقۇتۇش نىيىتىدىن يانمىدى. ئۇ ئەتىگەندە تورغاي چۇچۇلماستا ئېتىزغا چىقىپ ئىشلىدى. ئاخشاملىرى تۈن تەڭ بولغىچە جىنچىراق يورۇقىدا مۆكچىيىپ ئولتۇرۇپ يۇرتداشلىرىنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىنى تىكتى. شۇنداق قىلىپ تاپقان ئاز ـ تولا كىرىم بىلەن قىزىنى ئالىي مەلۇماتلىق قىلىش غايىسىگە يەتتى.

روشەنگۈل ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ نېفىت شەھىرىگە تەقسىم قىلىنغان چاغدا نۇسرەتخان ئانا: «چوڭ يۆلەنچۈكۈم بار بولدى، ئەمدى ھېچنەرسىدىن غەم قىلمايمەن» دەپ شادلانغىنىدىن بىر كېچە ئۇخلىيالمىغانىدى.

شۇلارنى ئويلاپ ئانىسىنىڭ كۆڭلى يېرىم بولۇپ، كۆز چاناقلىرى ياشقا تولدى. ئانا شېرىن ئارزۇسىنىڭ كۆپۈككە ئايلانغانلىقىدىن قاتتىق ئازابلاندى. ئۇ تام سائىتىگە قارىدى ـ دە، پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ تالاغا ماڭدى.

* *

تاتلىق ئۇخلاۋاتقان روشەنگۈلنى بوۋاقنىڭ يىغىسى ئويغىتىۋەتتى. ئۇ بالىسىنىڭ ئاستىنىڭ ھۆل بولۇپ قالغانلىقىنى كۆردى ـ دە:

— ئانا، ئانا، — دەپ توۋلىدى. لېكىن قىزىنىڭ ئاۋازى چىقىش بىلەنلا تەييار بولىدىغان ئانىسىنىڭ ئۆزى تۇرۇقلۇق سايىسىمۇ كۆرۈنمىدى. بۇ ھالدىن تاسادىپىيلىق ھېس قىلغان روشەنگۈل ئورنىدىن تۇرۇپ پۈتىغا ئاياغ كىيىشكىمۇ ئۈلگۈرمەي كىچىك ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى. ئانىسى يوق ئىدى. «ئانام نەگە كەتكەندۇ؟»

روشەنگۈل قولۇم ـ قوشنىلارنىڭ ئۆيىگە كىرىپ بېقىشنى ئويلاپ تۇرۇۋىدى، ئىشىك ئېچىلىپ ئانىسى كىرىپ كەلدى. ئانىنىڭ ئۈستىبېشى قار ئىدى.

روشەنگۈل ھەيران بولۇپ، سورىدى:

— ئانا، نەگە باردىڭىز؟

— بېكەتكە باردىم.

— بېلەت ئالغىلى بارغان ئوخشىمامسىز؟

— ھەئە.

نۇسرەتخان ئانا يانچۇقىدىن بېلەتنى چىقىرىپ كۆرسەتتى. روشەنگۈل بېلەتتىكى «1 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، چۈشتىن كېيىن سائەت 1 دە» دېگەن خەتلەرنى كۆرۈپ جىددىيلىشىپ كەتتى.

ۋاقىت توشۇشقا يېرىم سائەتلا قالغانىدى. روشەنگۈل بېشىنى قاماللىغىنىچە تۇرۇپلا قالدى. ئىرىگە تېلېفون بەرمەكچىمۇ بولدى. بىراق ئۈلگۈرمەيتتى.

— ئانا، مېنىڭ بىلىپ ـ بىلمەي قىلغانلىرىمنى كۆڭلىڭىزدىن چىقىرىۋەتسىڭىز بولمامدۇ، كۆڭلۈم بەكمۇ غەش بولۇۋاتىدۇ، ئاران بىر كەلگەندە، نېمانچە ئالدىرايسىز، قارا قىشتا كەتسىڭىز، خەقلەر نېمە دەيدۇ، يۇرتداشلار ئالدىدىمۇ سەت ئەمەسمۇ، ئالدىرىمىسىڭىز، ئۆز يارىشىقىنى قىلىپ يولغا سالساق بولماسمىدى، — روشەنگۈل سۆزلەۋېتىپ يىغلايتتى، يىغلاۋېتىپ يېلىناتتى.

ئايرىلىشقا چىدىمايۋاتقان ئانا، قىزىنى كۆكسىگە باستى. يۈزىنى يۈزىگە ياقتى. قىزىنىڭ يىپەكتەك يۇمشاق چاچلىرىنى سىيلاپ تۇرۇپ دېدى:

— سەندىن قىلچە رەنجىمەيمەن، قىزىم، بالىسىغا ئاداۋەت ساقلايدىغان ئانا بولمايدۇ. مەنمۇ تەشكىلنىڭ ئادىمى، ھېلىمۇ كېچىكتىم. ئەمدى قايتمىسام بولمايدۇ، بالام.

دېمىسىمۇ، نۇسرەتخان ئانىنىڭ

ناھىيىلىك كىيىم تىكىش كارخانىسىغا خىزمەتكە ئورۇنلاشقىنىغا بىرنەچچە يىللا بولغانىدى. ئۇ، تەشكىلىنىڭ غەمخورلۇق قىلىپ خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغانلىقىغا بەكمۇ مىننەتدار بولغاچقا، پەقەت خىزمەتتىن قالغۇسى كەلمەيتتى.

روشەنگۈل جابدۇنۇپ بولغان ئانىسىنى يولدىن قايتۇرالماسلىقىغا كۆزى يەتكەندىن كېيىن چامىدانىدىن يۈز يۈەن پۇلنى ئېلىپ ئانىغا تەڭلىدى:

— ئانا، ئاز بولسىمۇ كۆپكە تاۋاپ قىلىپ ئېلىڭ، يولدا خەجلەپ كېتەرسىز، خۇدايىم بۇيرۇسا كېيىن ...

— قىزىم، مېنىڭ ھال - كۈنۈم ياخشى، ھېچقانداق قىيىنچىلىقىم يوق، ماڭا نەرسە-كېرەك ئەۋەتمەن دەپمۇ ئاۋارە بولما، پەقەت پات - پات خەت يېزىپ ياد ئېتىپ تۇرساڭلا بولدى، پۇلنى ئۆزۈڭ ئىشلەتكىن، — ئانا قىزىنىڭ يوللۇق تۇتقان پۇلنى پەقەت ئالغىلى ئۇنىمىدى.

— ئانا، مەن ئالدىراپ ھېچنەرسە قىلالمىدىم، پۇلنى بولسىمۇ ئالسىڭىز بولاتتى، — دېدى روشەنگۈل ئامالسىز قالغان قىياپەتتە.

— مەندىمۇ پۇل تۇرسا، ئېلىپ نېمە قىلىمەن، — ئانا قويۇن يانچۇقىدىن بىر تۇتام پۇلنى ئالدى، — مانا، پۇل لازىم بولسا سەن ئالغىن.

نۇسرەتخان ئانا قىزىغا ھەم كۆيۈنۈش ھەم ئېچىنىش بىلەن قارىدى. پۇلغا يوشۇرۇن كۆز سالغان روشەنگۈل كۆڭلىدە: «بۇنچىلىك پۇلى بارلىقىنى نېمىشقا بۇرۇنراق بىلمىگەندىمەن. ئېست ...» دېگەنلەرنى ئويلىدى - دە، زورمۇ زور دېدى:

— ئانا، مەن سىزدىن پۇل ئالسام ئۇيات ئەمەسمۇ، كۆڭلىڭىزگە رەھمەت. ئۆزىڭىز ئىشلىتىڭ، — ئۇ قولىدىكى پۇلنى چامادانغا سېلىپ قويۇپ چىقتى. ئانا پەلتۇسىنى كىيدى. ئاندىن قىزىنىڭ دولىسىغا قولىنى قويۇپ تۇرۇپ نەسىھەت قىلدى:

— قىزىم روشەنگۈل، مۇساجان ياخشى بالىكەن. ئۇنىڭ بىلەن ئوبدان ئۆتكىن. باراۋەرلىك بولمىغان ئائىلە روناق تاپمايدۇ. ئۇمۇ ساڭا ئوخشاش يېتىم بالىكەن. ئۇنى ھۆرمەتلە، بوزەك ئەتمە، كۆڭلىگە ئازار بەرمە. نەسىھەت تەسىر قىلمىغان ئادەم ياخشى ئادەم ئەمەس. ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشالمايدىغان بولدۇم. ۋاقىت توشۇپ قالدى، مەن ماڭاي.

نۇسرەتخان ئانا سومكىسىنى ئالدى - دە، خەير - خوش دېگىنىچە بوسۇغىدىن ئاتلىدى.

كەچتە ئىشتىن ھېرىپ - ئېچىپ كەلگەن مۇساجان ئۆيدىكى جىمجىتلىقنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. كارىۋاتتا غەمكىن ھالەتتە ياتقان ئايالىدىن سورىدى:

— روشەنگۈل، ئانام كۆرۈنمەيدىغۇ، بىر يەرگە كەتتىمۇ؟

— ئانام كېتىپ قالدى، شۇنچە تۇتساممۇ زادى ئۇنىمىدى، — كۆڭلىدە ئانىسى كەتكەنلىكىدىن ئېيتقۇسىز خۇش بولغان روشەنگۈل ئېرىگە ئۆزىنى سولغۇن چىراي كۆرسىتىپ كۆز يېشى قىلدى.

— ئاراڭلاردا كۆڭۈل رەنجىگىدەك بىرەر ئىش بولدىمۇ - يا؟

— ياق، نېمە ئىش بولاتتى.

مۇساجان ئايالىغا گۇمان بىلەن قارىدى.

— مۇشۇنداق بولۇشىنى بىلگەنىدىم. بىكار كۆزىڭىزنىڭ سۈيىنى ئېقىتماڭ، ئەمدى ئورنىغا كەلمەيدۇ، — مۇساجان ئېغىر بىر تىنىدى - دە، مېھمانخانا ئۆيىگە كىردى. ئۇ ئويلىنىپ قالدى: «ئانىسىنى خورلىغان ئايال ماڭا قانچىلىك ۋاپا قىلار؟!»

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم

قادىر كېرىم

# بەدنىيەت

(ھېكايە)

قۇياش ئاللىقاچان تاغ كەينىگە يوشۇرۇنغان بولسىمۇ، ئىسسىقنىڭ تەپتى تېخى كەتمىگەنىدى. ئۈستىگە كۆكتات بېسىلغان ئاپتوموبىل ئېغىر پۇشۇلداپ سەپەرنىڭ ئىشىكى ئالدىدا توختىغاندا، قوشنىسى ئايىمخان بويۇنلىرىنى دېرىزىدىن سوزۇپ قارىدى.

ئايىمخان سەپەر ئىشلەيدىغان مۇلازىمەت شىركىتى دېرېكتورىنىڭ ئايالى. ئۇ قولۇم-قوشنا ۋە مەھەللە جامائەت بىلەن ئېلىشمايدىغان، قوشنىدارچىلىقى يوق ئايال ئىدى. ھەرقاچان، ھەر يەردە ئېرىنىڭ دىرېكتورلۇق مەنسىپىنى پەش قىلىپ يۈرەتتى. ئۇ ئولتۇرغانلا يېرىدە باشقىلار ئۈستىدىن ئازتولا گەپ قىلىۋالمىسا، كۆڭلى ئىمىن تاپمايدىغان مىجەزى بىلەن «ئايىمخان چۆچەك» دېگەن ئاتاقنىمۇ ئالغانىدى.

ئۇ يېقىندىن بۇيان نېمىشقىدۇر يېڭىدىن تەمىناتچى بولغان سەپەرنىڭ يۈرۈش-تۇرۇشىغا دىققەت قىلىدىغان بولۇپ قالغانىدى.

— سەپەرجان، بۈگۈن ھەجەپمۇ كەچ قاپسىلەرغۇ؟ — دېدى تالاغا چىققان ئايىمخان.

— شۇنداق بولۇپ قالدى، ئايىمخان ھەدە، — دېدى سەپەر ماشىنىنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ كۆكتات قاچىلانغان سېۋەتنى شوپۇرغا سۇنۇۋېتىپ، — كەچ بولسىمۇ يېتىپ كېلىۋالدۇق، شۈكرى!

ئايىمخان ئاغزىنى پۈرۈشتۈرۈپ سىرلىق كۈلۈپ قويدى-دە:

— بىزگىمۇ بىرەر ئاشلىق تاشلاپ بېرەلا، — دېدى.

— قوشنا-قولۇملارنىڭ كۆڭلىدىن چوڭ ئىش يوققۇ، ئايىمخان ھەدە! — دېدى سەپەر، ماشىنىدىن سەكرەپ چۈشۈپ، — بۇ بىر سېۋەت ئوتياشنى يالغۇز يەپ بولغىلى بولىدۇ، دەمسىز؟

— ياقەي، سىزنىڭ ئوتيېشىڭىزغا قول سوزسام قانداق بولىدۇ؟ ماشىنىدىن بىر تۇتام ئېلىۋالاي.

سەپەر ماشىنىغا قول ئۇزىتىۋاتقان ئايىمخاننى توسۇپ:

— ئايىمخان ھەدە، بۇمۇ ئوخشاشقۇ!

بۇنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ كەتسىڭىزمۇ قار-
نىم ئاغرىمايدۇ، بىراق ماشىنىدىن ئېلىشقا
بولمايدۇ...

سەپەرنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈشۈپ كەل-
گەن باللىرى ئۇلارنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەت-
تى. باللار خۇشاللىقىدىن سەپەر ۋە شو-
پۇر لاۋ لىغا ئېسىلىشاتتى. سەپەر باللىرى-
غا سېۋەتتىكى كۆكتاتنى ئەكىرىپ كېتىش-
نى، ئايزىمخان ھەدىگەنمۇ چىقارتىپ
بېرىشنى تاپىلاپ ئىدارىگە كۆكتات چۈشۈ-
رۈشكە كەتتى. ئايزىمخان ئۇزاپ كېتىۋات-
قان ماشىنىغا خېلىغىچە قاراپ قالدى - دە:

— ئۆلۈمتۈكنىڭ گېپىگە قارا، تەمە-
ناتچى بولغانلىقىدىغى پىتلىنىپ، ھال پەي-
دا بولۇپ قاپتۇ - دە! ھەر كېلىشى كۆڭ
پاتقاندا، تېخى ئۇ دۆلەتنىڭ، ئاممىنىڭ
وتىيېشىمىش، ساڭا ئۆزۈمنى بىر تونۇتۇپ
لويمىسام، — دەپ ئۆز - ئۆزىگە غۇدۇڭشۇپ
سايما كەشىنى سۆرىگىنىچە ئۆيىگە كىرىپ
كەتتى.

ئايزىمخاننىڭ سەپەرگە غوم ساقلاپ
يۈرگىنىگە خېلى ئۇزاق بولغانىدى. ئاي-
زىمخان بىر كۆنى ئۆزىنىڭ شىرەم توغقى-
نىنىڭ ماشىنىسىغا ماي قاچىلاپ بېرىش
ئۈچۈن كېچىلىك سېپەندىكى كۆزەتچى
ئىنىسىنى سىڭ تەسلىكتە كۆندۈردى. قې-
رىشقاندەك كېچىسى قايتىپ كەلگەن سە-
پەر ئۇلار بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى. سە-
پەر دەررۇلا ئايزىمخاننىڭ ئىنىسىنىڭ باش-
قىلارنىڭ ماشىنىسىدىن ماي ئوغرىلاۋاتقان-
لىقىنى سېزىۋالدى. بۇ ئىش تۈپەيلىدىن
كۆزەتچى ئەتىگەنلىك يىغىندا، تەنقىد
قىلىنىپ جەرىمانە تۆلەشكە مەجبۇر بولغان-
دىن سىرت كۆزەتچىلىكتىنمۇ قالدۇرۇلدى.
ئەنە شۇندىن باشلاپ، ئايزىمخان سەپەرنىڭ



ئەدىپىنى بېرىشنىڭ پەيتىنى ئىزدەپ
يۈرەتتى.

بۈگۈنكى ئىش ئۇنىڭ ئوغىسىنى
تېخىمۇ قايناتتى. ئوتىيېشىغا قول ئۇزات-
مىسامۇ بوپتىكەن، قارا ئۆلۈمتۈكنىڭ
گېپىنى! شۇ تاپتا ئايزىمخاننىڭ چىرا-
يىدا تۇيۇقسىز پەيدا بولغان ئاچچىق كۈل-
كىدىن بىر يامان نىيەتنىڭ قوزغالغانلى-
قىنى قىياس قىلىش تەس ئەمەس ئىدى.
ئۇ سايما كەشىنى پىرقىرىتىپ تاشلاپ، پار-
قىرىتىلغان مېغىزرەڭ ئايىغىنى كىيىشكە
تۇتۇنغاندا سەپەرنىڭ چوڭ قىزى كۆكتات
ئېلىپ ئۆيگە كىردى.

— ئايزىمخان ئاپا، دادام بۇ ئوت-
ياشنى سىزگە ئەكىرىپ بەرگىن دېۋىدى،
نەگە تۆكۈپ قوياي؟ — دېدى قىزچاق
پەشتامىدىكى كۆكتاتلارنى كۆرسىتىپ.

ئايزىمخان زورغا كۈلۈپ سۆزلىدى:

— ئوتياشلىرىمىز يېتىپ - ئېشىپ تۇ-
رۇپتۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئائىلىمىزگە ھا-
رام ياراشمايدۇ، — ئايزىمخان شۇلارنى دې-
دى - دە، ئىشكنى ئېچىپ قىزچاقنى تالاغا
چىقىرىپ قويدى.

دەل شۇ چاغدا زاۋۇت خوجىلىق
بۆلۈمىنىڭ باشلىقى دىرېكتورنى ئىزدەپ

ئۆيگە كىرىپ كەلدى. ئايزىمخان ئىنىتا-
يىن سىپايىگەرلىك بىلەن ئۇنى ئۆيگە باش-
لىمىدى. ئادەتتە ئايزىمخان ئۇنىڭغا ئوچۇق
چىرايمۇ ئېچىپ كەتمەيتتى.

شۇ كۈنى سەپەرنىڭ ئۆيىدە غىزا-
لانغان لاۋ لى ھارغىنلىق يېتىپ كىرىشلوغا
قىيسايغىنىچە ئۇيقۇغا كېتىۋاتقان سەپەر
بىلەن خوشلىشىپ ئۆيىگە قايتتى.

بۇ قېتىم ئۇلارنىڭ سەپىرى ناھا-
يىتى جاپالىق بولغانىدى. ئىيول ئايلىرى-
نىڭ پىژغىرىم ئىسسىقىدا ماشىنا ئېتىز-
لىقتا لايغا پېتىپ قېلىپ، ئۇلارنىڭ
كۆرمىگەن كۈنى قالمىدى. بۇنداق پىژ-
پىژ ئىسسىقتا ئۇستى - ئۇستىگە بېسىلغان
كۆكتات ئوتلايلا بۇزۇلۇپ قالاتتى. ئۇلار
بىرنەچچە سائەت پاتقاقتا مىلىنىپ بار ئا-
ماللارنى قىلىپ ماشىنىنى يولغا ئېپچىقىۋال-
غانىدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە زاۋۇت خوجىلىق
بۆلۈمىنىڭ باشلىقى سەپەر بىلەن لاۋلىغا
زاۋۇت دەرۋازىسىدىلا ئۇچراپ، تۇزۇكرەك
ئەھۋاللاشمايلا ئۇلارنى ئىشخانىغا باشلىدى:

— ھە، ئوتياشنىڭ ئەھۋالى قانداق-
راق؟ — دېدى ئۇ شەپكىسىنى ئاسقۇغا
ئىلىۋېتىپ.

— چاتاق يوق، — دېدى سەپەر، —
شۇنىسى سەل قىممەترەك.

— بۇ نۆۋەت بەكلا كېچىكىپ كەت-
تىڭلارغۇ؟

سەپەر خوجىلىق باشلىقىنىڭ سۆزى-
گە جاۋاب بېرىشكە تەمشىلىۋىدى، بىراق
لاۋ لى گەپ باشلاپ كېلىشمەسلىكلەرنى
بىر - بىرلەپ دېگىلى تۇردى.

— بولدى، بولدى، — دېدى خوجىلىق
باشلىقى لاۋ لىنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، ئۇنىڭ
چىرايىدىن نارازىلىق چىقىپ تۇراتتى.

خوجىلىق باشلىقىنىڭ قوپال تەلەپپۇزى-
دىن ھەيران قالغان سەپەر بىلەن لاۋ لى
نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمەي بىر-
بىرىگە قاراپلا قېلىشتى.

— مەن سىلەرنىڭ بەكمۇ كەچ قال-
غانلىقىڭلارغا ھەيران قېلىۋاتىمەن، — دې-
دى خوجىلىق باشلىقى تاماكىسىنى تۇتاش-
تۇرغىنىچە ئۇلارغا گۆلىيىپ.

— بەزىدە كەچ، بەزىدە بالدۇر كەل-
دۇق، — دېدى سەپەر باشلىقنىڭ بۈگۈنكى
ئەلپازىنىڭ سىرىنى بىلمەكچى بولغانىدەك
ئۇنىڭغا تىكىلىپ.

— راستتە، — دېدى لاۋ لى سەپەرنىڭ
گېپىنى قۇۋۋەتلەپ، — ئوتياش قاچىلاش
چۈشتىن كېيىنگە قالساكەچتە،كەچكە قالسا،
تاڭ سۈزۈلگەندە كېلىدىغان ئىشكەن! بۇ
قېتىم ماشىنا پاتقاقتا پېتىپ قېلىپ، ئۇ-
زۇن ھەپىلىشىپ بەك تەستە چىقاردۇق.

باشلىق تاماكىسىنىڭ تۈتۈنلىرىنى
تورۇسقا پۈلىگىنىچە كۆڭلىدىكى گەپلەرنى
ئۇدۇللا دەۋەتتى:

— توشۇشنىڭ جاپالىق ئىكەنلىكىنى
بىلىمەن، — دېدى ئۇ، لاۋ لىنىڭ ئۇدۇلىغا
كېلىپ، — ئەپسۇسكى، بىزنىڭ تۇرمۇش
ماشىنىمىز ئۇدۇللا زاۋۇتقا كەلمەي، كې-
چىسى مەھەللە ئارىلاپ يۈرسە، سىلەرچە
ياخشى بولامدۇ!؟ مەھەللىمۇ مەھەللە
چېپىپ يۈرۈشۈڭلار ياخشى بولمىغان ئىن-
كاسلارنى پەيدا قىلدى ...

بۇنى ئاڭلىغان لاۋ لى بىلەن سەپەر
ئەرۋاھى ئۇچۇپ:

— بۇ زادى نېمە گەپ؟! نېمىلا
گەپ بولسا ئوچۇق - ئاشكارا دېسىلە! —
دېيىشتى.

شۇ ئەسنادا بۆلۈمگە كۆزەتچى كىـ
رىپ كەلدى.
— سىلەرمۇبۇيەردە ئىكەنسىلەرغۇ! ؟—
دېدى ئۇ كۈندىلىك ئەھۋال يېزىلىدىغان
خاتىرىنى باشلىقنىڭ ئۈستىلىگە قويۇپ، —
سىلەرنى ئوبدانىراق تەقدىرلىسە بولىدۇ،
قانداق دېدىم باشلىق، — دېدى ئۇ ئىشـ
خانىدىن چىقىپ كېتىۋېتىپ، — ھە، شۇنـ
داق قىلاي دەۋاتىمەن، — دەپ دوق قىلـ
دى باشلىق ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئاندىن ئۇ
ئاچچىقتىن چىرايلىرى تاتىرىپ كەتكەن
لاۋ لى بىلەن سەپەرگە لاپپىدە بىر قارـ
ۋېتىپ، خاتىرىنى قولىغا ئالدى - دە،
ئۇنى ۋاراقلاشقا باشلىدى. كۆزەتچى
ئۇنىڭ ئاخىرقى بېتىگە مۇنۇلارنى يېـ
زىپ قويغانىدى:
«لاۋ لىنىڭ ماشىنىسى كەچ سائەت
توققۇزدىن ئاشقاندا يېتىپ كەلدى. ئۇـ
لارنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى پاتقاقتىن
رەسۋالىشىپ، ئۆزلىرىمۇ توڭۇشۇپ كېتىپـ
تۇ. ھېرىپ - ئېچىپ كەلگىنىگە قارىماي
كۆكتات ئەتىگە قالسا بۇزۇلۇپ كېتىدۇ
دەپ ھەممىنى ماشىنىدىن چۈشۈرۈپ يەرـ
گە يېيىۋەتتى. ئۇلار سائەت ئۈچتە ئۆـ
يىگە قايتىشتى.»
خوجىلىق باشلىقىنىڭ خاتىرە تۇتـ
قان قولى بىلىنەر - بىلىنمەس تىترەشكە
باشلىدى. ئۇ ناھايىتى تەسلىكتە
سۆزلىدى:
— سىلەرنىڭ ئىشلىرىنى ھەممە ئا-
دەم توغرا چۈشىنىدىغۇ دەمسىلەر، ئەڭ
ياخشىسى، ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدىمۇ
ئاپتوموبىلنى مەھەللە ئايلاندۇرۇپ يۈرمە-
گىنىڭلار تۈزۈك ئىدى...
سەپەر دەرھال ئاچشامقى ئىشنى
كۆز ئالدىغا كەلتۈردى ۋە ئايىزىمخاننىڭ
قىزىغا ئېيتقانلىرىنى ئېسىگە ئالدى.
سەپەر ئۈچۈن ئەرزىمەيدىغان بۇ كىـ
چىككىنە ئىش ئەمدى ئۇنىڭ ئوغىسىنى
قايناتقانىدى.
ئۇ ئاخىرى ئىلاجىسىز ھالدا باشـ
لىققا ئەھۋاللاردىن چۈشەنچە بېرىشنى
توغرا تاپتى.
گەپنى ئاڭلاۋاتقان خوجىلىق باشلىـ
قىنىڭ قوشۇمىسى ئىختىيارسىز تۈرۈلـ
دى - دە، قولىدىكى خاتىرىنى ئۈستەلگە
پاققىدە تاشلىغىنىچە ئىشخانىدىن چىقىپ
كەتتى. ئۇ پاتقاقتىن بېزەپلىشىپ كەتكەن
ماشىنىنى ئايلىنىپ چىقىپ، ئوتياش چۈـ
شۈرۈلگەن يەرگە باردى. ئايىزىمخاننىڭ:
«دۆلەتنىڭ مۈلكىنى مۇنداقمۇ قارا باسـ
تۇرغان بارمۇ، قاراپ تۇرسام تالالاپ -
تاللاپ تاغارغا قاچىلىغىلى تۇرۇشتى. تاـ
لاغا چىققىنىمدا سەپەرنىڭ چىرايى بىر
قىسملا بولۇپ كەتتى. مېنىڭ ئاغزىمنى
تۇۋاقلىغىلى بىر پاتمان ئوتياشنى
قىزىدىن بىزنىڭ ئۆيگە كىرگۈزۈپـ
تۇ. بىزگە ھارام ياراشمايدۇ، دەپ ھەمـ
مىسنى چىقارغۇزۇۋەتتىم، ئۇلار شۇ غاـ
قىراپ كېتىشكىنىچە يەنە كىملەرنىڭ
ئاغزىنى ياغلىمايدۇ دەيسىز!» دېگەنلىرىـ
نى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى. ئۇ سەرەڭگىنى
كۈچ بىلەن سۈركەپ تاماكىنى تۇتاشتۇرـ
دى - دە:
— بەدنىيەت خوتۇن! — دەپ
پىچىرلىدى.

مەسئۇل مۇھەررىر كامىل تۇرسۇن

ئابدۇرېھىم ئابدۇللا

# قونالغۇدا

(ھېكايە)

بۇرغا ئۈسكۈنىلىرى قاچىلانغان ئاپتوموبىلنى ھەيدەپ، كەچ كىرگىچە شەرقىي شىنجاڭنېفىتلىكىدە مەشغۇلات ئېلىپ بېرىۋاتقان بۇرغىلاش ئەترىتىگە يېتىپ بېرىشنى كۆزلىگەن بولساممۇ، بىراق ئۈرۈمچى نېفىت - خىمىيە زاۋۇتىدىن ئۆتۈپ تاغ يولىغا كىرە - كىرمەيلا ئەتراپنى تۇمان قاپلاپ، سۈرئەتنى ئاستىلىتىشقا مەجبۇر بولدۇم.

تاغ يولىدىن چىقماي تۇرۇپلا قار يېغىپ 4 - 5 قەدەم ئارىلىقتىكى نەرسىنى پەرق ئەتكىلى بولماي قالدى. شۇنداق بولسىمۇ ئۈسكۈنىلەرنى ۋە كابىنىكامدىكى ئىككى نەپەر بۇرغىلاش ئىشچىسىنى ۋاقتىدا مەنزىلگە يەتكۈزۈشنى كۆزلەپ، قورسىقىمنىڭ ئېچىشىغا ۋە جانىدىن ئۆتىدىغان سوغۇققا قارىماي يولنى داۋاملاشتۇردۇم. بارغانسېرى شىۋىرغان كۈچىيىپ، يولنى داۋاملاشتۇرۇشقا مۇمكىن بولمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇرۇنلا قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكەچكە بىرەر خەتەرگە ئۇچراپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ، يېنىمدىكىلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، قونالغۇ تېپىپ قونۇپ، ئەتىگەنلىككە يولغا چىقماقچى بولدۇق. بىر ھەمراھىمنىڭ كابىنكىدىن چۈشۈپ يول باشلىشى بىلەن بىرەر چاقىرىم يول يۈرگەندىن كېيىن يولنىڭ سول تەرىپىدە غۇۋا چىراغ يورۇقى كۆرۈندى. مەن ماشىنىنى چىراغ نۇرى كۆرۈنگەن جايدا توختاتتىم. تەلىيىمىزگە بۇ ئاشخانىسى بار قونالغۇ بولۇپ چىقتى. ماشىنىنىڭ گۈركىرىگەن ئاۋازىدىن خېرىدار كەلگەنلىكىنى پەملىدى بولغاي، ئىشىك ئېچىلىپ بىرى چىقىپ كەلدى. تۇماندا ئۇنىڭ چىراي-تۇرقىنى پەرق ئەتكىلى بولمايتتى.

—ئۇستام، مۇشۇ جايدا قونامسىلەر؟— دېگەن زىل ئاۋازىدىن ئۇنىڭ 15-16 ياشلار ئەتراپىدىكى قىز ئىكەنلىكىنى قىياس قىلدىم.

— ھەئە سىڭلىم، تۇماندا مېڭىشقا مۇمكىن بولمىدى. قونۇشقا مەجبۇر بولدۇق. بوش ياتاق باردۇ؟

قىزچاق زۇۋانىغا كەلمەي تۇرۇپلا يېقىنلا يەردىن بوغۇق ھەم بوم ئاۋاز ئاڭلاندى:

— ئۇستام، سىلىنى رازى قىلالمىز دېسىلە، ئاۋۋال ماۋۇ كوڭكۇۋايلىرىنىڭ سۈيىنى قويۇۋېتىپ، خانىمىزغا قەدەم

تەشرىپ قىلىسلا. بۇ يەردە ياتاقلا ئەمەس، ھەتتا كۆڭۈل خۇشلىرىمۇ بار.

گەرچە چىرايىنى كۆرەلمىگەن بولسامۇ ئۇنىڭ مۇشۇ يەرنىڭ خوجايىنى ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلدىم. ھېلىقى قىزچاق ئىككى ھەمراھىمنى باشلاپ ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى.

مەن ماتورنىڭ سۇيىنى قويۇۋەتكەندىن كېيىن خوجايىنىنىڭ باشلىشى بىلەن ئاشخانىغا كىردىم. بۇ ئىچكىرىتاشقىرى ئاشخانا بولۇپ، باياىقى قىزچاقتىن باشقا تاماق ئېتىۋاتقان 40 ياشلار ئەتراپىدىكى بىر ئايال، 10 ياشلار ئەتراپىدىكى ئوغۇل بالىدىن باشقا ئادەم كۆرۈنمەيتتى. بۇلارنى كۆرگەن ھەر قانداق كىشى بۇلارنىڭ بىر ئائىلە كىشىلىرى ئىكەنلىكىگە گۇمان قىلمايتتى. خوجايىن 45 ياشلار ئەتراپىدىكى بۇغداي ئۆڭلۈك كىشى بولۇپ، جۇۋازچىنىڭ كىيىمىدەك مايلىشىپ كەتكەن كىيىمىنىڭ رەڭگىنىمۇ پەرق قىلغىلى بولمايتتى. مەن يۈز - كۆزلىرىمنى يۇيۇپ، ھەمراھلىرىم بۇيرۇتقان لەڭمەن چىقىشى بىلەنلا ئىشتىھا بىلەن سوقۇشقا باشلىدىم. قورساق بەكلا ئېچىپ كەتكەچكىمىكىن تاماقنىڭ تۇزتەمى بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرماي ھەشپەش دېگىچە تەخسىنى قۇرۇقداپ، بىر چىنە ئاش سۇيىنى ئىچىۋەتتىم. ھەمراھلىرىممۇ تاماقنى يەپ بولدى.

— قېنى خوجايىن، — دېدىم مەن ئاشخانىدا ئولتۇرۇۋېرىشتىن زېرىكىپ، — ياتاقلىرىغا باشلىمامىلا؟ ئەتىگەنلىكتە يول يۈرمىسەك بولمايدۇ.

— ھە مانا، مانا، ھازىرلا، — دۇ قوللىرىنى قارىداپ كەتكەن دەسمالدا سۈرتكەن پېتى يېنىمىزغا كەلدى، — ئۇستام، ئۆزلىرى ماۋۇ تەرەپتىكى خانىمىزغا، ماۋۇ ئىككى ھەمراھلىرى ئاياقتىكى سول ياتاق ئۆيگە مەرھەمەت!

— تاماق، ياتاقلارنىڭ باھاسىنى ھېسابلىۋەتسىلە، پۇلىنى ھازىر تۆلىۋېتىپ ئەتە سەھەردە يولغا چىقىپ كەتمىسەك بولمايدۇ.

— ھە ... ماۋۇ ئىككى ئاغىنىمىز ياتاق ئۈچۈن بەش يۈەندىن 10 يۈەن. تاماق پۇلى 15 يۈەن. ماشىنىغا قاراش ھەققى 10 يۈەن. جەمئىي 35 يۈەن.

بىزنىڭ ئىلاجىسىزلىقتىن قونۇشقا مەجبۇر بولغانلىقىمىزنى بىلىۋاپتۇ - دە، بۇ قاقباش. ئەسلىدىكى ئۈچ سومدىن ئاشمايدىغان ياتاققا ئىككى سومدىن، تاماققا بىر يېرىم سومدىن، ماشىنىغا قاراش ھەققىگە بەش سوم ئارتۇق سوراۋاتقىنىنى بۇ ئىنسابسىزنىڭ، دېدىم ئىچىمدە.

— ماۋۇ خانىلىرىنىڭ باھاسىچۇ؟

— سىلىدىن پۇل سوراشقا ئاغزىم بارمايدۇ ئۇستام! ئاۋۋال يېتىپ كۆڭۈل ئاچمامىلا، ئەتىگەنلىكتە ئۆزلىرى ئاتىغانلىرىنى ...

— ئەتىگەنلىكتە سىلىنى ئاۋارە قىلىپ يۈرمەي، نەرخىنى دېسىلە ھازىرلا تۆلىۋېتەي، — دېدىم - دە، تۆش يانچۇقۇمغا قولۇمنى ئاپاردىم.

— ياق ئۇستام، ياق! ئاۋارە بولمىسىلا! قېنى ئاۋۋال ياتاققا مەرھەمەت، ئۇنىڭدىن كېيىنكىنى ئاندىن بىلىلا.

يەنە نېمە ئويۇنلارنىڭ مېنى كۈتۈپ تۇرىدىغانلىقىنى ئالدىن بىر نېمە دېيەلمىسەممۇ، لېكىن بۇ خوجايىنىنىڭ كۆزلىرىنى قىسىشلىرىدىن بۇ يەردە بىر

سىر بارلىقىنى پەملىدىم ـ دە، قېنىنى كۆرۈپ باقمادىم، دەپ مەخسۇس خانىگە كىردىم.

بۇ مەخسۇس خانىمۇ ئادەتتىكىچە ئىككى كارىۋاتلىق ياتاق بولۇپ، كونىراپ سىرى چۈشۈپ كەتكەن بىر داس، تامغا يانداپ قويۇلغان كونا مەشتىن باشقا نەرسە يوق ئىدى. خوجايىن بۇنداق شۈۋرىغانلىق تۇمان ئارىلاش كۈندە بۇ جايدا قونۇپ قالىدىغانلارنى خىيالىغا كەلتۈرمىدىمۇ قانداق، مەشكە ئوتىمۇ يېقىلماپتۇ.



تۇيۇقسىز ئىشىك ئېچىلىپ ھېلىقى قىزچاق ئەسكى جاۋۇردا كۆمۈر ۋە ئازراق ئوتتۇن كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى.

— ئۇستام، — دېدى ئۇ تىترەك ئاۋازدا، — ئوت يېقىپ بېرەي.

— رەھمەت سىڭلىم، ئۆزۈملا يېقىۋېتەي.

— ياق، ئۇستام! بۇ مېنىڭ مەجبۇرىيىتىم.

قىزچاق مېنىڭ سۆزلىرىمگە ئۇنىماي ئۆزى ئوت يېقىشقا كىرىشتى. ئۇ كونىرىغان ھاۋارەڭ گارمۇن يوپكا، كۆك سىيامبۇدىن ئىشتان، گەجگە تەرىپىگە جىگەررەڭ رەختتە ياماق سېلىنغان سېرىق سېرتمىلىق چاپان، پۇتىغا ئىككى ـ ئۈچ يېرىگە ياماق سېلىنغان، مايىسىراپ ئاقىرىپ كەتكەن ئاياغ كىيىۋالغانىدى. بۇ قىزنىڭ چىرايى شۇنچە ئوماق ھەم بەكمۇ سولغۇن كۆرۈنەتتى.

ئۇ شۇنچە پۇل تېپىپمۇ قىزىغا بىرەر قۇر يېڭى كىيىم ئېلىپ بەرمىگىنىگە قارىغاندا، تازا پىخسىق بىر نېمە ئوخشىمامدۇ، دەپ ئويلىدىم.

ئۇ مەشكە ئوت تۇتاشتۇرۇپ بولۇپ:

— ئۇستام، دەم ئېلىپ تۇرسىلا، مەن چىقىپ سۇ ئېلىپ كىرەي، — دېدى ـ دە، تالاغا چىقىپ كەتتى.

بىكار قالغان ۋاقتلىرىمدا كىتاب ـ ژۇرنال كۆرۈش ئادىتىم بولغانلىقتىن، ئۆي ئىسسىغىچە كىيىملىرىمنى سالماي، يوتقانغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ، ئۈرۈمچىدىن سېتىۋالغان بىر ژۇرنالنى ئوقۇشقا كىرىشتىم. مەن قىزىقارلىق بىر ھېكايىنىڭ ئىچىگە كىرىپلا كېتىپ، قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەنلىكىنىمۇ بىلمىدىم، بىر چاغدا ئىشىك ئېچىلىپ ھېلىقى قىزچاق بىر چېلەك سۇ كۆتۈرگىنىچە كىرىپ كەلدى. مەن ئۇنىڭغا «رەھمەت» دېدىم ـ دە، ئۇنى چىقىپ كېتىدۇ دېگەن خىيالدا، نەزىرىمنى ژۇرنالغا بۇراپ، يەنە زوق بىلەن ئوقۇشقا كىرىشىپ كەتتىم. ھېكايىنى ئوقۇپ بولۇپ، ئەمدى يېتىپ ئارام ئالاي دەپ ئورنىمدىن تۇرسام ھېلىقى قىزچاق ئۇدۇلىمدىكى كارىۋاتتا تۈگۈلۈپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ چىرايىدىن قانداقتۇر بىر قورقۇنچ

چىقىپ تۇراتتى.

— ۋۇي قىزچاق! مېنىڭ ئەمدى باشقا ئىشىم يوق! چىقىپ ئۇيقۇڭىزنى ئۇخلاڭ، — دېدىم.

— ئۇ... ستا... م...! — دېدى قىزچاق ھودۇقۇش بىلەن، — خوجايىن مېنى بۈگۈن كېچە ئۆزلىرىنى... دەپ...

— نېمە، خوجايىن دېدىڭىزما؟ ئۇ سىزنىڭ دادىڭىز ئەمەسمۇ؟

— ياق، ئۇ مېنىڭ دادام ئەمەس، خوجايىنىم... مەن بىر يىلدىن بۇيان مۇشۇ خوجايىننىڭ قولىدا كۈندۈزى ئاشخانا ئىشلىرىنى قىلسام، كېچىلىرى... سىلىگە ئوخشاش مېھمانلارنى... — قىزچاق سۆزىنى داۋاملاشتۇرالمىدى.

مانا ئەمدى سىرنىڭ تەكتىگە يەتكەندەك بولدۇم. بايام خوجايىننىڭ ھەدەپ «كۆڭۈل خۇشى» دېگەنلىرى مۇشۇ ئىكەن-دە! ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنىڭ قىزىدەك بىر قىزنى... ئاخىرىنى ئويلاشقا پېتىنالمىدىم.

— قىزچاق، سىز چىقىپ ئۇيقۇڭىزنى ئۇخلاۋېرىڭ، مەن ئۈچ بالام بار ئادەمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە سىزچىلىك قىزىم بار!

— ئۇستام! ماڭا ئىچىلىرى ئاغرىسۇن، — ئۇنىڭ كۆزىدىن ياش ئەگىشكە باشلىدى، — مەن چىقىپ كەتسەم خوجايىن مېنى ئۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەر كۈنلۈكى سىلىگە ئوخشاش مېھمانلار كەلگەندە بەلگىلەپ بەرگەن پۇلى بار. ئەگەر ئەتىگەن شۇ پۇلنى تاپشۇرمىسام خوجايىن مېنى...

ئۇنىڭ كۆزلىرىدىكى ياشلار توغان ئېلىپ كەتكەندەك تۆكۈلۈشكە باشلىدى. قىزنىڭ سەبىي سۆزلىرى، مەسۇم چىرايى ۋە بىچارە قىياپىتىگە قاراپ ئىچىم ئاغرىسا، ئادەم قېلىپىدىن چىققان، پۇل ئۈچۈن ۋىجدانىنى يوقاتقان خوجايىنغا نىسبەتەن غەزىپىم ئۆرلەپ تاشماقتا ئىدى. يۈرىكىمنى ئېچىنىش ھېسسىياتى بىلەن غەزەپ ـ نەپرەت تۇيغۇسى تەڭلا چىرمىۋالغانىدى. كۆز ئالدىمدا بىچارە قىزنىڭ سولغۇن چىرايى بىلەن خوجايىننىڭ پۇل ئۈچۈن تۈلكىدەك ھىجىيىشلىرى تەڭلا نامايان بولماقتا.

— سىڭلىم، خوجايىندىن قورقسىڭىز مانا ماۋۇ ئولتۇرغان كارىۋاتتا يېتىپ ئۇخلاڭ. مەن ئاۋۇ كارىۋاتتا ياتاي، سىز سىڭىل، مەن ئاكا بولايلى، قانداق؟

— بىراق خوجايىن ئەتە... پۇل...— قىز گېپىنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋەتتى.

ئاھ، پۇل! چوڭىغىمۇ پۇل، كىچىكىگىمۇ پۇل. بىرى پۇل ئىشقىدا ئىنسانلىق ۋىجدانىنى يوقاتقان. بىرى ياشاش ئۈچۈن ئۆزىنى دەپسەندە قىلىشقا مەجبۇر بولۇۋاتقان. ئىپلاسلىق بىلەن تاپقان پۇل ئۇنىڭغا قانداق سىڭىدىغاندۇ؟ شۇ كىشىلەر بۇ پۇللارنىڭ ئاخىرى بېرىپ ئۆزلىرىنىڭ ئەقلىنى بۇلغايدىغانلىقىنى ئويلاشمامدىغاندۇ؟

— سىزگە بۈگۈن قانچە پۇل تېپىش ۋەزىپىسى بېرىلدى؟

— 15 يۈەن، — دېدى قىز، خىجىللىق ئىچىدە يىغىدىن ئۆزىنى بېسىۋېلىپ.

— ئەندىشە قىلماڭ، مەن سىزنى خوجايىننىڭ تاياقىغا ھەرگىز تاشلاپ بەرمەيمەن. خاتىرجەم يېتىۋېرىڭ!

قىزچاق قورقۇمسىرىغان ھالدا كىيىملىرى بىلەنلا يوتقانغا يۆلەندى. مەن تاماكىغا ئوت تۇتاشتۇردۇم ـ دە، كارىۋاتقا يانپاشلىغانچە قاتتىق ـ قاتتىق شوراشقا باشلىدىم. مەندە بۇ قىزنىڭ ئۆتمۈشى ۋە سەرگۈزەشتىنى بىلىش ئىستىكى قوزغالغانىدى.

— سىڭلىم، — دېدىم مەن يېقىملىق تەلەپپۇزدا، — سىز كىچىك تۇرۇپ نېمىشقا بۇ يولغا كىرىپ قالدىڭىز؟ بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالدىڭىز؟ ئاتا ـ ئانىڭىز قەيەردە؟

قىزچاق بۇقۇلداپ يىغلاشقا باشلى-
دى. ئۇنىڭ يارىسىنى تاتلىغىنىمغا پۇشاي-
مان قىلىپ قالدىم. ئۇ بىردەم ئۆكسۈپ -
ئۆكسۈپ يىغلىۋالغاندىن كېيىن سەل يەڭ-
گىللەشتى بولغاي، سەرگۈزەشتىسىنى سۆز-
لەشكە باشلىدى.

— ئۇستام، سىلى بەكمۇ ئاق كۆ-
ڭۈل ئادەم ئىكەنلا. مۇشۇ بىر يىل جەر-
ياندا بۇ يەرگە كېلىپ - كەتكەنلەر ئىچى-
دە سىلىدەك رەھىمدىل، مېھرىبان ئادەم-
نى ئۇچراتمىغانىتىم، — ئۇ مېنى بىردەم
ماختىغاندىن كېيىن سۆزىنى باشلىدى، —
مېنىڭ ئىسمىم روشەنگۈل. مەن × × نا-
ھىيىسىنىڭ چەت بىر يېزىسىدىن. ئانام
كېزىك كېسىلى بىلەن ئالەمدىن ئۆتتى.
ئالتە ياش ۋاقتىمدا ئانا مېھرىگە قانماي
تۇرۇپلا يېتىم قالدىم. دادام مۆمىن دېھ-
قان ئىدى. ئانامدىن ئايرىلىپ بەكمۇ مىس-
كىن بولۇپ كەتتى. دادامغا مېنى بېقىش
ۋە ئۆي ئىشلىرىنى قىلىش ئېغىر كەلدى
بولغاي، ئىككى يىل ئۆتكەندىن كېيىن نا-
ھىيە بازىرىدىكى بىر ئايال بىلەن تويى
قىلدى. مەن شۇ چاغدا ئۆگەي بولسىمۇ
ئانىغا ئېرىشتىم دەپ خۇشال بولغانىتىم.
شېرىن چۈش كۆرگەن ئىكەنمەن. ئەسلىدە
ئۆگەي ئانام ئۈچ ئەردىن چىققان، بەكمۇ
ھازازۇل ئايال ئىكەن. ئۇ ئىككى بالىنى
ئەگەشتۈرۈپ بىزنىڭ ئۆيگە چىققاندىن كې-
يىن بەش جان ئادەم بولدۇق، غورىگىل
تۇرمۇشىمىز تېخىمۇ ئېغىرلاشتى.
ئۆگەي ئانام بۇ ئۆيگە كېلىپ بىر
يىلغا بارمايلا دادام بىلەن جېدەللىشىپ
يۈرۈپ، بىردىنبىر بىساتىمىز بولغان
ئىككى قوي بىلەن دادام دېھقانچىلىقتا
ئىشلىتىۋاتقان بىر كالىنى ساتقۇزۇۋەتتى.
ئۇ قولىغا پۇل كىرگەندە ئىككى بالىسىنى
ئېلىپ ناھىيە بازىرىغا كىرىپ ھەپتە - ئون
كۈنلەپ تۇرۇپ چىقاتتى. بىچارە دادام
بىلەن ئىككىمىز ئۆيدە قاتتىق - قۇرۇق بىر
نەرسىلەر بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر
بولاتتۇق. كېيىنچە ئۆگەي ئانامنىڭ ناھى-
يە بازىرىدا ئۇزاقراق تۇرۇشىنى تىلەيدى-
غان بولۇپ قالدىم. چۈنكى ئۇ ئۆيدە بول-
سىلا ماڭا چىرايلىق گەپ يوق ئىدى. تىل -
دەشنام دەستىدىن ئۆينىڭ بۇلۇڭىغا تۈگۈ-
لۈپلا قالاتتىم. دادام ياۋاش، مۆمىن ئادەم
بولغاچقا، ئۆگەي ئانامغا ئارتۇقچە گەپ
قىلالمايتتى. بىراق مېنىڭ ھالىمغا قاراپ
ئىككى كۆزىدە بۇلاق سۇلىرى لىمىلدەيتتى.
يالغۇز قالغان چاغلىرىمدا بولسا، مېنى
باغرىغا بېسىپ كۆز يېشى قىلاتتى. شۇن-
داق تۇرمۇش شارائىتى ئىچىدە باشلان-
غۇچ مەكتەپنى ئەلا نەتىجە بىلەن تاماm-
لاپ، ئوتتۇرا مەكتەپكە قەدەم قويۇش ئال-
دا تۇرغىنىمدا، ئۆگەي ئانام دادامنىڭ
شۇنچە نەسىھەتلىرىگە قارىماي، «قىزبالا
دېگەن ئوقۇپ نەگە باراتتى؟ ئۆي ئىشلى-
رىنى قىلغۇزىمەن» دەپ مەكتەپتىن ئايرى-
ۋالدى. بۇنىڭ بىلەن ئوقۇش ئارقىلىق
بەختكە ئېرىشىش ئارزۇيۇم خازان بولدى.
بىر يىلدەك ئۆي ئىشلىرى بىلەن شۇغۇل-
لاندىم. كېيىن ئۆگەي ئانام يەنە «ئۆيدە
بىكار يۈرۈپ كەتتى، ھالال ئىشلەپ، ھا-
لال يېسۇن» دەپ يۈرۈپ ناھىيە بازىرى-
دىكى بىر ئاشپۇزۇلغا ئايلىقىمنى 30 يۈەن-
دىن توختىتىپ، ئىشكارلىققا ئاپىرىپ بەر-
دى. گەرچە دادامدىن ۋاقىتلىق ئايرىل-
سامۇ ھەر نېمە بولسا شەھەرگە كىرىپ
بىر ھۈنەرنىڭ بېشىنى تۇتىدىغان بولدۇم
دەپ خۇشال بولدۇم، لېكىن دەسلەپتە
ئىش ماڭا خېلىلا ئېغىر كەلدى. ئەتىگىنى
تاڭ يورۇماستا تۇرۇپ كەچ كىرگۈچە ئو-
چاققا ئوت قالاش، كۆل تارتىش، ئاش-
خانا ئالدى - كەينىنى سۈپۈرۈش، قاچا يۇ-
يۇش، كۆكتات تازىلاش، خېرىدار چا-
قىرىش، چاي قاينىتىش ... دېگەندەك

تۆگىمەس ئىشلار ئادەمنى بەكـلا چارچىتىـ
ۋېتەتتى. ئازراقمۇ ئارامـچىلىق بولمايتتى.
كېيىنچە بۇنىڭغىمۇ كـۆنۈپ قـالدىم. ئاي-
لىق ئىش ھەققىمنـى بولسا ئۆگـەي ئانام
كېلىپ ئېلىپ كېتەتتى. ئارىدىن ئۈچ يىل
ئۆتۈپ كەتـتى. بۇ ئۈچ يىل جەريـانىـدا
گەرچە قولۇم پۇل كـۆرمىسىمۇ ھـەر خىل
تاماق تۈرلىرى بىلەن تونـۇشۇپ چىقتىم.
ئەمدى ھۈنەرگە تازا كىرىشىۋاتقان كۈن-
لەردە ئۆگەي ئانام مېنى 40 ياشتىن ئاشقان
بىر سودىگەرگـە مەجبۇرىي چېتىپ قويدى.
بۇنىڭ بىلەن ئەمدىلا ئېچىلىۋاتقان گۈلۈم
دەپسەندە بولدى...
ئۇ سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە ئۆ-
زىنى توختىتىۋالالمـاي ئۈن سېلىـپ يىغ-
لاپ كەتتى. ئۇنىڭ ئېچىنىشلىق سەرگۈزەش-
تىسىنى ئاڭلاپ مېنىڭمۇ كۆزۈم نـەملەشتى.
ئۇ بىردەم توختىۋېلىپ ھايات ئەلبـۇمىنى
يەنە ۋاراقلاشقا باشلىدى:
— شۇنـداق قىلىپ بۇ سـودىگەرنىڭ
ئۆيىدە ئون ئايـنى ئۆتـكـۈزدۈم. بۇ بىر
ئەسكى ئادەمكەن. ئىلگىرىمۇ تـۆت ـ بەش
خوتۇن ئالغانىكەن. بارا ـ بارا ماڭا تۈر-
لۈك بەتنامالارنى چاپلىغىلى تۇردى. ئاخىر-
رى مېنىمۇ قۇرۇق قـول ئۆيـدىن قوغلاپ
چىقاردى. ئاشپەز ئۇستامغا يالۋۇرۇپ يۈ-
رۈپ يەنە شۇ ئاشخانىدا ئىشلىدىـم. ئال-
دىنقى يىلى سىلى كۆرگەن بايامقى خو-
جايىنىم بىزنىڭ يۇرتقا تۇغقان يـوقلاشقا
بېرىپ مەن ئىشلەۋاتقان ئاشخانىغا كىرىپ
قاپتىكەن. مېنىڭ چاققان ھەرىكەتلىرىمگە كۆزى
چۈشتىمۇ ـ قانداق، سۈرۈشتۈرۈپ يۈرۈپ ئۆ-
گەي ئانام ۋە دادامالارنى تېپىپ مېنى بالاقى-
لىۋېلىشقا ئۇلارنى ماقۇل كەلتۈرۈۋاپتۇ. ئۆگەي
ئانام ماڭا نەسىھەت قىلىپ: «بۇ كىشى مېنىڭ
يىراق تـۇغقىنىم بولـىدۇ، ئۆزى قاراماي
دېگەن يۇرتتا ئىشچى. ساڭا ئۆز قىزىدەك
ئىگىدارچىلىق قىلىدۇ...» دېدى.
بىچارە دادامۇ مېنى خۇۋلۇق كۆر-
سۇن دېدىمۇ ياكـى قاراماي دېگەن يۇرت-
نىڭ داڭقىنى ئاڭلىغانمۇ تاڭ، ئىشنىڭ تې-
گىنى ئۇقمايلا ماقـۇل بوپتۇ، ئالدانغانلى-
قىمنى بۇ يەرگە چىققاندىن كېيىن بىلدىم.
خوجايىن نەدە ئىشچى بولسۇن، مېنى ئۇ-
دۇل مۇشۇ يەرگە باشلاپ چىقتى. كـېيىن
بىلدىمكى، ئۆگەي ئانام مېنى بۇ خـوجا-
يىنغا سـاتـقانـىكەن. بۇ يەرگە چىقىپ
ئۇزاق ئۆتمەي خـوجـايـىن بۇنـى ئاش-
كارىلىدى. كـۈندۈزلىرى ئاشخانىدا تىنىم
تاپماي ئىشلىسـەم، كېچـىسى مېـنى مۇشۇ
بولمىغۇر «كەسىپ» كە مەجبۇرلىدى. ھـەر
قېتىم ئۇقىتى ياخشى بولماي قالسىلا، مې-
نى تىللاپ ئۇرىدۇ. ھە دېسىلا «سەن ماڭا
قەرزدار، مەن سەن ئۈچۈن ئۆگەي ئاناڭغا
پۇل تۆلىگەن. شۇ پـۇلـلارنى سەن تـۆ-
لەيسەن» دەيدۇ. بىرنـەچچە رەت قېچىپ
كېتىشنىمۇ ئويلاپ باقـتىم. لېكـىن قاچال-
مىدىم. ئۇ مېنى كۆزىدىن بىردەممـۇ نېرى
قىلمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ ياققا بىز-
نىڭ يۇرتلاردىن كېلىپ ـ كېتىدىـغانـلارمۇ
يوق ئىكەن. بۈگۈن ئۆزلىرى كېلىشتىن
سەل ئىلگىرىلا خوجايىن بۈگۈنكى خېرىدار-
لارنىڭ ئازلىقىنى مېنىڭ بىتەلەيلىكىمدىن
كۆرۈپ دۈشكەللەۋاتاتتى. ئۇستام! — دې-
دى ئۇ ماڭا يېلىنغان قىياپەتتە، — ئاڭ-
لىسام قاراماي ئىلقلارنى بەك مېھرىبان، ياخشى
ئادەملەر دېيىشىدۇ. مېنىڭمـۇ بىرەر ھالال
ئەمـگەك بىلەن ياشىغـۇم بار. ئۆزلىرىمۇ
خىزىردەك ئۇبـدان ئادەم ئىكـەنلا. بايام
چاپانلىرىدىكى خەتكە قاراپلا سىلىنى قارا-
مايلىق ئىكەن دەپ پەرەز قىلغانىتىم. ئە-
گەر شۇ يەرگـە بارسام ماڭـا بىرەر ئىش
تېپىپلارمۇ؟
مەن نېمەمۇ دېيەلـەيتتىـم، ئۇنى
ئېلىپ كېتىپ بىرەر ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش

مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدۇ - دە. ئەگەر
بىرەرىگە تونۇشتۇرۇپ قويسامچۇ؟ ياخ-
شىراق بىرەرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالسىغۇ
مەندىن رازى بولار. بىراق كىشىنىڭ تەق-
دىرىنى ئالدىن بەلگىلىگىلى بولمايدۇ - دە،
ناۋادا يەنە شۇنداق «خوجايىن» لارنىڭ
بىرەرىگە يولۇقۇپ قالسىچۇ؟
مەن يەنە ئويلىنىپ قالدىم. مانا شۇن-
داق خارلانغان - ئالدانغان بىر قىزنىڭ
يۈرىكى، قەلبى قارامايغا تەلپۈنۈۋېتىپتۇ.
مەن ئاپتوموبىل ھەيدەۋاتقان بىر قانچە
يىلدىن بېرى بارغانلا يېرىمدە سۆھبەت-
لەشكەن كىشىلەرنىڭ نېفىتلىكىمىزنىڭ
جۈملىدىن قارامايىنىڭ ياخشى تەرىپىنى قىل-
مايدىغان بىرەرىنىمۇ ئۇچراتمىدىم...
مەن بىر چاغدا خىيالدىن بېشىمنى
كۆتۈرسەم، روشەنگۈل ئىككى ئالقىنى ئۈس-
تىگە بېشىنى قويۇپ شېرىن ئۇيقۇغا كې-
تىپتۇ. ئۇ يۈرىكىدىكى ھەممە دەردلىرىنى
بىراقلا تۆكۈپ، ئىچى بوشاپ قالغانمۇ
ياكى مېنىڭ بۈگۈن ئۆزىنى «ئاۋارە» قىل-
مايدىغانلىقىمغا كۆزى يەتتىمۇ، ئېيتاۋۇر
سولغۇن چىرايىغا قان يۈگۈرۈپ، لەۋلىرى
بىلىنەر - بىلىنمەس تەبەسسۇم ئىچىدە
جىلۋە قىلاتتى. بەلكىم بۈگۈن ئۇنىڭ ھاياتىدا
ئەڭ خاتىرجەم، شېرىن ئۇيقۇسى بولسا كېرەك.
ئاستا ئورنىمدىن تۇردۇم - دە، كارى-
ۋىتىمدىكى يوتقاننى ئېلىپ روشەنگۈلنىڭ
ئۈستىگە ئاۋايلاپ يېپىپ قويدۇم. نېرىقى
ياتاقتىكى ھەمراھلىرىم قېشىغا چىقىپ ئۇ-
لارغا بولغان ئەھۋالنى ۋە ئاڭلىغانلىرىم-
نى سۆزلەپ بېرىۋىدىم، بۇ ئىككىيلەنمۇ
غەزەپلىنىپ سوغۇق ئۆينىڭ ئىچىدە ئۇيان-
بۇيان ماڭغىلى تۇردى.

— بۇ ھايۋاننى باغلاپ ساقچىغا
ئاپىرىپ بېرەيلى، — دېدى تەمبەلرەك
كەلگەن بۇرغىچى يىگىت سەمەت.
— ئۇنداق قىلساق بولماس، — دې-
دى يەنە بىرى، — ئەڭ ياخشىسى پاش قى-
لىش ماتېرىيالىدىن بىرنى يېزىپ قانۇن
ئورنىغا تاپشۇرۇپ بېرەيلى، — ئۇ كېپىنى
تۈگىتىپ، قانداق دېگەندەك ماڭا قارىدى.
— يەنىلا ئوقۇغان ئادەم يىراقنى
كۆرىدۇ، بوپتۇ، سېنىڭ دېگىنىڭچە بولسۇن،
مەنچە بولسىغۇ گېپىدىن بوغۇپ، مىجىپ -
مىجىۋەتكۈم بار، — دېدى سەمەت ئاچچى-
قىنى باسالماي.
—ئۇنىڭ گېپى توغرا. ھەر ئىش
بولسا قانۇن بويىچە بولسۇن، — دېدىم.
—ئۇنداقتا بۇ قىزنى قانداق قىلىمىز؟
—ئېلىپ كېتەيلى، بىر كۈن بولسى-
مۇ ئازابتىن بۇرۇنراق قۇتۇلسۇن.
—شۇنداق قىلايلى، بولمىسا بۇ
ۋىجدانسىز ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلىپ
قويۇشى مۇمكىن، — دېدىم مەن ئۇنى نەگە
ئورۇنلاشتۇرۇشنى بىلمىسەممۇ، بىر ئامالى
بولۇپ قالار دېگەن ئويدا ئىدىم.
ماشىنىنى ئوت ئالدۇرۇپ ئۇ قىزنى
ماشىنىغا سېلىپ ماڭغىلىۋاتقىنىمىزدا ئاش-
خانا خوجايىنى چىقىپ ئالدىمىزنى توستى.
ھەمراھلىرىم ئۇنىڭ قىچىشقان يەرلىرىنى
ئانچە - مۇنچە «ئۇۋۇلاپ» قويغاندىن
كېيىن:
— قىزنى ساقچىدىن تاپشۇرۇپ ئال،
دېدى - دە، كابىنكىنىڭ ئىشىكىنى ياپ-
تى. مەن ماشىنىنى قوزغاپ يولغا چۈشتۈم.
بۇ چاغدا تۇمان تارقاپ، ئەتراپ
سۈزۈلگەنىدى.
مەسئۇل مۇھەررىر كامىل تۇرسۇن

د. ئاندىرات (برازىلىيە)

# چىمەنلىكتە ياتقان قىز

(ھېكايە)

بويىغا يەتكەن بىر قىز ياپيېشىل چىمەنلىكتە سۇنايلىنىپ ياتاتتى.

ھەممە نەرسە شۇنچە كىلىشىملىك، شۇنچە گۈزەل ئىدى. مەن ئۇنىڭغا كۆز ئۈزمەي تىكىلگىنىمچە، ئىختىيارسىز ھالدا ئۆز - ئۆزۈمگە: «چىمەنلىكتە ياتقان قىز، چىمەنلىكتە ياتقان قىز، چىمەنلىك، چىمەنلىك» دەپ شىۋىرلىدىم. بۇ ھالەت، بۇ مەنزىرە مېنى مەپتۇن قىلدى. بۈگۈنكى ھاياتتا، بولۇپمۇ چۈشتىن كېيىنكى مۇشۇنداق پەيتلەردە ھەممىلا نەرسە مېنى بۇنداق مەپتۇن قىلىۋەرمەيتتى. قىز ئاشۇ چىمەنلىكتە ئەتراپىدىكى ھەريان ئۆتۈشۈۋاتقان ئاپتوموبىللارغا، خۇشاللىق ياكى قايغۇ بىلەن ئالدىراش مېڭىپ يۈرگەن كىشىلەرگە قىلچە پەرۋا قىلماي ياتاتتى. ئۇ ۋە ئۇنىڭ سۇنايلىنىپ ياتقاندىكى ئاشۇ ھالىتى راستتىنلا مېنى مەپتۇن قىلىۋالدى.

قىزدا قىلچە ئۆزىنى كۆرسىتىش ئويى يوق ئىدى، پەقەت ئەركىن، ئازادە كەۋدىسى بىلەن بىغەم روھىي - ھالىتى قوشۇلۇپ، بىغۇبار مۇھىتقا پۈتۈنلەي كىرىپلا كەتكەنىدى. قارىغۇسى كەلگەنلەر قاراۋەرسۇن! ئۆرپ - ئادەتلەرگە ئۇنىڭ پەرۋايى پەلەك ئىدى، ئۇنداق ئادەتلەرگە خىرىس قىلىشمۇ خىيالىغا كىرىپ چىقمىغانىدى. ئۇ پەقەت كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ، ئىككى قولىنى پېشانىسىگە قويغىنىچە چىمەنلىكتە سۇنايلىنىپ ياتاتتى. ھاۋارەڭ كۆڭلىكى، ئاپئاق ئايىغى، بىلەيزۈكى، ئۈزۈكى تولىمۇ يارىشىپ، ئۇنى تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرۈۋەتكەنىدى. ئۇ ئىككى پۇتىنى تەبىئىي سوزۇپ ياتاتتى. ئەمما شاللاقلىقتىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى.

ئۇ، ئۇخلاۋاتامدىغاندۇ؟ ياق! ئۇنىڭ كۈلۈمسىرەپ يېتىشى ئۇنىڭ ئويغاقلىقىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بىلىنەر - بىلىنمەس مىدىرلاشلىرى كىشىنى ئۇ ئېگىز بىنانىڭ سايىسى چۈشۈپ تۇرغان چىمەنلىكتە مىدىر - سىدىر قىلماي

يېتۈپېرىدىغان ئوخشايدۇ دېگەن تەس‌راتتا كەلتۈرەتتى.

بۇ كۆرۈنۈش ئادەمنى تولىمۇ جەلپ قىلاتتى. مەن مۇشۇ يەردە توختاپ، خۇددى باغچىلاردىكى ھەيكەللەرگە قاراپ ھۇزۇر ئالغاندەك، بۇ قىزدىنمۇ ھۇزۇر ئېلىش نىيىتىگە كەلدىم. ئۇ پۈتۈنلەي ھەرىكەتسىزمۇ ئەمەس ئىدى، ئۇ تاتلىق نەپەس ئېلىۋاتاتتى، ھەيھات! رىتىملىق نەپەسكە ئەگىشىپ، قىزنىڭ كۆكرەكلىرىمۇ يېنىك ھالدا گاھ كۆتۈرۈلۈپ، گاھ تۆۋەنلەپ تۇراتتى.

بىر ساقچى كېلىپ ئېگىلدى - دە، قىزنىڭ مۈرىسىگە قاقتى، قىز كۆزىنى ئېچىپ، كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ سورىدى:

— سىزمۇ بۇ يەردە يېتىپ، گۇگۇم گۈزەللىكىدىن ھۇزۇرلانماقچىمۇ؟ ھەقىقەتەن بەك راھەت - ھە!

ساقچى سەل - پەل ئوڭايسىزلاندى - دە، دۇدۇقلاپ جاۋاب بەردى:

— ياق، قىزچاق ... كەچۈرۈڭ. مۇنداق ئىش خېنىم ... رەنجىمىسىڭىز، ئورنىڭىزدىن تۇرۇپ كەتسىڭىز قانداق؟

— نېمىشقا تۇرۇپ كېتىدىكەنمەن؟ مۇشۇنداق يېتىش نېمىدېگەن پەيزى!

— خېنىم، بۇ يەردە مۇنداق يېتىشقا بولمايدۇ. ئورنىڭىزدىن تۇرسىڭىزچۇ، مەن سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي.

— نېمىشقا؟ مۇشۇنداق يېتىش مانا تولىمۇ راھەت، مۇشۇنداق سۇنايىلىنىپ يېتىۋالسا بەك پەيزى بولىدۇ. قاراڭە، ئاۋۇ يەردە ئاۋۇ ئەر كىشىمۇ مۇشۇنداق سۇنايىلىنىپ ياتامدۇ؟

— ئۇ سىزگە ئوخشىمايدۇ، خېنىم، سىز بۇنى چۈشەنمەمسىز؟

— چۈشىنىمەن، ئۇ ئەركىشى، ئەركىشى بولسا نېمە بوپتۇ؟ ئەركىشى ياتسا بولىدىكەنۇ، ئايال كىشى ياتسا بولمامدىكەن؟

— بولۇش - بولماسلىقىنى دېسەكقۇ، ھېچكىمنىڭ يېتىشىغا بولمايدۇ. چۈنكى بۇ يەردە ئادەملەرنىڭ يېتىشى چەكلەنگەن، ئەمما ئاۋۇ ئەر كىشى بولسا، بىر قەلەندەر ...

— ھە، ئەمدى چۈشەندىم. ئەرلەر ۋە قەلەندەرلەرنىڭ چىمەنلىكتە يېتىش ھوقۇقى بارۇ، نورمال كەسپى بولۇپ، تاپاۋەت بېجى، ئۆي - جاي بېجى، ئەخلەت بېجى، ئىشچىلار ئويۇشما ئەزالىق بەدىلى تاپشۇرغان ئاياللارنىڭ چىمەنلىكتە يېتىش ھوقۇقى يوق. شۇنداقمۇ، ئەپەندىم؟

— خۇدايا توۋا! ھەي قىزچاق، مەن نەدە ئۇنداق دېدىم؟ شۇغىنىسى، مەن خىزمەت قىلغان ئون نەچچە يىلدىن بۇيان سىزگە ئوخشاش رەتلىك كىيىنگەن، سالاپەتلىك بىر خېنىمنىڭ چىمەنلىكتە مۇنداق سۇنايىلىنىپ ياتقىنىنى تۇنجى قېتىم كۆرۈشۈم! رەنجىمەڭكى، مېنىڭچە سىز ئاشۇنداق ھەم بايقۇش، ھەم دەردىسەر قەلەندەرلەرنى دورىسىڭىز تازا ياخشى بولمايدۇ.

— مېنى قەلەندەر دەپ ھېسابلاۋېرىڭ، — دېدى قىز مۇغەممەرلىك بىلەن كۈلۈپ تۇرۇپ.

— خېنىم، ئۆزىڭىزنى ئاياپ، يەنىلا

مۇنداق تەۋەككۇلچىلىكنى قىلمىغىنىڭىز ياخشى.

— مېنىڭچە بۇ ھەرگىز تەۋەككۇلچىلىك بولمايدۇ. چۈنكى جانابىڭىز بۇ يەردە مېنى قوغداپ تۇرۇۋاتىسىز - دە.

— رەھمەت، مەن سىزنى پەقەت مەلۇم دەرىجىدىلا قوغدىيالايمەن. ئېھتىمال مەن بۇ يەردىن كېتىپ قالسام، قانداقتۇر بىرەر كىشى كېلىپ قول سائىتىڭىزنى ۋە باشقا نەرسىلىرىڭىزنى بۇلاپ كېتىشى مۇمكىن.

— ۋاي خۇدايىمەي، ئۆز ھالىم ئۆزۈمگە ئايان. مەن كۈچتىڭگىرلىكنى ئۆگەنگەن.

— توغرا، ئۇمۇ ئوڭاي ئىش ئەمەس. خېنىم، يەنىلا قانۇننىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن تۇرۇپ كېتىڭ.

— توختاڭ، ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر بولغان قانۇن نامى بىلەن يا ھەممەيلەن تۇرۇپ كېتىمىز، يا مەن داۋاملىق يېتىۋېرىمەن.

— مۇنداق قانۇن بارلىقىنى مەن ئىشتىمىگەن، خېنىم. مېنىڭ ھەممە قانۇنلارنى بىلىپ كېتىشىم مۇمكىن ئەمەس. خېنىم ھېلى دېگەن ئۇ قانۇن تېخى يولغا قويۇلمىغان بولسا كېرەك.

— لېكىن ئۇ قانۇن يولغا قويۇلۇشى كېرەك! مەيلى بالدۇر ياكى كېيىن بولسۇن ھامىنى يولغا قويۇلىدۇ.

— سىز تۇرۇپ كەتمەمسىز؟

— ياق.

ساقچى بېشىنى قاشلىغىنىچە تۇردى. ئۇنى زورمۇ زوز تارتىپ ئورنىدىن تۇرغۇزۇۋېتەي دېسە، زورلۇق قىلغانلىق بولاتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇمۇ قارشىلىق كۆرسىتىپ، قىيا - چىيا كۆتۈرۈپ ئادەم يىغسا، ئىش يوغىناپ كېتىدۇ. ئاخىرىغا كېلىپ، بۇ قىز يولدىن چىقمىغان ياكى پاراكەندىچىلىك سالمىغان بولۇپ چىقىدۇ. يەنە كېلىپ، بۇ قىز ئۇ ئويلىغاندەك ئۇنداق بەدەنلىرى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان سىرلىق نېپىز كىيىملەرنىمۇ كىيىۋالمىغان...

— خېنىم، ماڭا مۇنداق قىلمىسىڭىز بولاتتى.

— نېمە قىپتىمەن؟

— مېنى تەڭقىسلىقتا قويدىڭىز!

— مەن ھېچنېمە قىلمىدىم، مەن بۇ يەردە ياتسام سىز كەلدىڭىز...

ئاياللار بىلەن دادىل مۇئامىلە قىلماق نېمە دېگەن تەس. ئۇلار ئۆزىنى ئەبەدىلئەبەت يوللۇق سانايدۇ.

— مۇنداق قىلايلى، جانابىڭىز مېنى كۆرمىگەن بولۇپ، بۇ يەردىن كېتىڭ. مەن بىر دەمدىن كېيىن كېتەي، پەقەت ئون مىنۇتلا ياتىمەن. كىشىلەر مېنى سىزگە يول قويدى دەپ قالمىسۇن.

— قاچانغىچە ياتقۇڭىز كەلسە شۇ چاققىچە يېتىۋېرىڭ، — دېدى ئۇ بىر قارارغا كېلىپ، — سىز باياتىن دېگەن باراۋەرلىك توغرىسىدىكى قانۇننى ھازىردىن باشلاپلا يولغا قويايلى. ئاۋۇ قەلەندەرنى قوغلىۋەتسەممۇ بولىدۇ، ئۇ باراۋەرلىكتىن يېتىپ ئاشقۇدەك بەھرىمەن بولدى، ئەمدى كېتىشى كېرەك!

(«كىچىك ھېكايىلاردىن تاللانما» نىڭ 1992 - يىل 5 - سانىدىن)

نەيىم يۈسۈپ تەرجىمىسى

مەسئۇل مۇھەررىر ئۇسمانجان ساۋۇت



نېفت ئايرىش زاۋۇتىدا



قەلەمداشلار — سىرداشلار



بىلىم ئاشۇرۇش



ئەسەرلەر ئۈستىدە مۇھاكىمە




《塔里木》文学月刊（维吾尔文）

TARIMAMONTHLY LITERATURE jOURNAL

IN UIGHUR LANGUAGE

تارىم

编　　辑：《塔里木》编辑部
出　　版：新疆人民出版社
印　　刷：新疆新华印刷厂
发　　行：乌鲁木齐市邮局
订阅、零售：各地邮局所

1992 ـ يىل 8 ـ سان ( 378 ـ سان ) ، 42 ـ يىل نەشرى .
تۈزگۈچى « تارىم » ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى .
ئۈرۈمچى جەنۇبىي دوستلۇق يولى 22 ـ قورۇ . تېلېفون نومۇرى : 416214 .
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى . شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى .
ئۈرۈمچى پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ . مەملىكەت بويىچە ھەممە
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ .

国际统一刊号：ISSN 1002－9044

خەلقئارالىق بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى : ISSN 1002 _ 9044

国内统一刊号：CN 65－1010／I

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى : CN 65 _ 1010 / I

邮发代号：58－66 定 价：1.70 元

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى : 66 _ 58 ، باسما تاۋاق : 10 ، باھاسى : 1.70 يۈەن

邮政编码：830000

پوچتا نومۇرى : 830000